نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

# شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزلەپ

ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللارنىڭ ھاياتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

بسم الله الرحمن الرحيم

## مقدمة

الحمد لله ربّ العالمين والصلآة والسلام على أفضل الأنبياء والمرسـلين. امّـا بعد:

إنّ تربية المرأة موضوع هام لم يزل مصدر انشغال كثير من الدارسين. فاخترت هذا الموضوع نظراً لأهميته، فإنه موضوع يستحق الدراسة. كما رغّب الى كثير مـن بنات جنسى باعداد كتاب يبحث عن مكانة المرأة فى الإسلام وحقوقها و واجباتهـا. فصنفت كتابى هذا، إنما هو جهد متواضع منى أقدمها لأبناء جنسى.

إن دور المرأة دور كبير بما لها من مكانة و قدر كبيرين فى حياة الأمة وتكـوين جيل جديد واع. لأن الأم تضمن للأولاد حسن التربية والرعاية وتلعب دوراً هامـاً فى تكوين الفرد المثالى والمجتمع الراقى، كما يصلح بصلاحها خلق كثير. قد أخـذت دراسة الشخصيات الإسلامية من الرجال والنساء من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم جانباً مهماً من عناية المؤرخين فى القديم والجديد. وجمعت من شـهيرات النساء اللاتى خلدن فى تاريخ الإسلام آثاراً بارزة فى العلم والحضارة والأدب والفن والسياسة والدهاء والنفوذ والسلطان والبر والاحسان والدين والصـلاح والزهـد والورع... لتكون نموذجاً طيبا وصورة مشرقة لعامة النساء. إضافة إلى ذالك يحتوى هذا الكتاب بعض البحوث العلمية عن الموضعات المختلفة كالقضاء والقدر، والإيمان والعمل ونزول القرآن الكريم التى كتبتها منذ سنوات قريبة.

والله تعالى أسأل أن يجعل هذا العمل عملاً مباركـاً ونافعـاً والحمـد لله أولاً وآخراً.

المؤلفة: نضيرة بنت الأستاذ البحاث محمد صالح.

图书在版编目（CIP）数据

寻找东方的星星 /娜孜拉 · 买买提著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003. 10

ISBN 7 - 228 - 08353 - 9

Ⅰ. 寻… Ⅱ. 娜… Ⅲ.女性 研究 文集 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. C913. 68-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 089315 号

责任编辑：买买提吐尔地 . 米尔孜艾合买提
责任校对：塞娜瓦尔 . 依布拉音
封面设计：艾克拜尔 . 萨里

寻找东方的星星 （维吾尔文）

娜孜拉 · 买买提 著

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
新疆铁然商贸有限公司设计中心排版
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 10.625印张
2004 年 1 月第 1 版 2004 年 1 月第一次印刷
印数：1 — 5000

ISBN 7 - 228 - 08353 - 9 定价:16.00

# ئاپتوردىن

مەن ئاخىر بۇ كىتابنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. چۆمۈچنىڭ ئورنىغا قەلەمنى ئالدىم. رېئاللىقتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، تارىخنىڭ نۇرلۇق ئاسمىنىغا نەزەر سالدىم. ئاسمىنىمىزدا قىز-ئاياللارنىڭ يۇلتۇزى خىرەلىشىپ قاپتۇ. ئەدەپ بوستانىنىڭ زىبا غۇنچىلىرى، ئائىلە گۈلىستانىنىڭ مېھرىلىك پەرۋىشكارلىرى سولۇشقا باشلاپتۇ. شۇ سەۋەبتىن بىر ئەلگە باش، بىر قوشۇنغا سەركە بولغۇدەك يىگىتلىرىمىز ھەم سۆلىتىدىن ئايرىلاي دەپ قاپتۇ. بېغىمىز خازان بولمىسۇن، ئاسمىنىمىز يۇلتۇزسىز قالمىسۇن، باللىرىمىز ئانىسىز بويۇن قىسىپ يۈرمىسۇن، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىمانى تەربىيەت بىلەن ئانىلىق شەرتىنى ھازىرلىمىغان ئانىنىڭ باللىرى تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ يېتىمدۇر.

ئانىلارنىڭ بۆشۈك تەۋرەتكەن پاك قوللىرىدا مىللەت تەۋرەيدۇ. ئاياللارنىڭ قەلبى كىرلەشسە، بىر مىللەتنى كىر باسىدۇ. مەن چەت ئەلدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگىنىمدە رېئاللىقىمىزدىكى نازۇك بىر مەسىلە مېنى ئويغا سالدى. بۇ يەردىكىسىمۇ ھەقىقەتەن مەن كۆرگەن مەرمەر شەھەرلەرگە ئوخشاش ئاجايىپ تەرەققىيات — ئېگىز-ئېگىز بىنالار، ئەينەكتەك يوللار...... بىراق، ئوخشىمايدىغىنى بۇ يوللاردا كېتىۋاتقىنى ئۆلۈكتىن پەرقلەنمەيدىغان روھسىز چىرايلار، يول بويلىرىدا ئاياللارنىڭ ئەرزان پايپاقلىرىنى، ئىچ كىيىملىرىنى سېتىۋاتقان قەددى-قامەتلىك يىگىتلەر، كۈندە نەچچە قېتىم ئانىسىنىڭ تاياق-دەشناملىرى ۋە «دۆت» دەپ تىللاشلىرى ئىچىدە خۇدۇكسىراپ ئۆسۈۋاتقان باللار......

ئەرلەرنىڭ بېشى چۈشۈپ، ئىززەت-ھۆرمىتى تۆۋەنلىگەن، ئەرلىك سالاھىيىتى ئۆز ئورنىنى تاپمىغان جەمئىيەتتە ئاياللار تەربىيىسى تولىمۇ مۇھىم. ھەممىدە بىز ئاياللارنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى، بىز ئەرلەرگە كۈچ ۋە شىجائەت ئاتا قىلغۇچى. باللىرىمىزنى ئىشەنچ ۋە ئەقىل بىلەن چوڭ قىلغۇچى. شۇڭا، توپا ئاستىدا ياتقان ئۇلۇغ ئانىلىرىمىزنىڭ ھاياتى ئارقىلىق تىرىك ئانىلارنى ئويغىتاي دېدىم. ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە سۆيگەندە، توپىدا ئويناۋاتقان مىڭلاپ باللارنىمۇ سۆيەي دېدىم. دىيارىمىزدا ۋە چەت ئەلدە ئوقۇغان ئوقۇشۇم، ئۆگەنگەن ئىلىملىرىم بىلەن بۇ ئاددىي كىتابنى تەييارلاپ، خەلقىمگە ئىچىمدىن كۆيەي دېدىم.

كىتابتىكى ھەر بىر ۋاراقتا ئاياللار ئۈچۈن ئۈرنەك بولغۇدەك، ئىسلام تارىخىدىكى يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇزلار بار. كىتابتىكى ھەر بىر ئايالدا ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللىرىغا، ھەمشىرىلىرىگە ۋە قىزلىرىغا شەرمى-ھايا، ئىلىم-ئەخلاق ئۆگەتكۈدەك خۇشخۇلقلار، گۈزەل پەزىلەتلەر بار.

بۇ مېنىڭ سوۋغام، بۇ مېنىڭ ئۈمىدىم، بۇ مېنىڭ مۇقەددىمە ئورنىدا دېمەكچى بولغىنىم!

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

## مۇندەرىجە

### I بۆلۈم ئايالنىڭ ۋاقتى

تارىخنىڭ ئاۋازى ........................ 1
ئىسلام نۇرى چاقناتقان ئايال ........................ 9
ئايالنىڭ ۋاقتى ........................ 35
ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللار ........................ 45
ئابىدار بېگىم ........................ 45
ئارام بانۇ بېگىم ........................ 45
ئارسلان خاتۇن ........................ 46
ئاسىيە بىنتى مۇزاھىم ........................ 46
ئاسىيە بىنتى جارۇللاھ ........................ 47
ئامىنە بىنتى ۋەھب ........................ 48
ئامىنە بىنتى شەرىفىددىن ........................ 49
ئامىنە رەملىيە ........................ 49
ئامىنە سۇمەييە ........................ 49
ئامانىساخان ........................ 50
ئايخان ئانا ........................ 51
ئانى فاتىمە ........................ 52
ئابىدە ........................ 52
ئاتىكە بىنتى زەيد ........................ 53
ئالىمەتۇل بەنات ........................ 55
ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ........................ 56
ئائىشە بائۇنىيە ........................ 58
ئائىشە بىنتى تەلھە ........................ 59

ئائىشە بىنتى ئەدىل ........ 61
ئائىشە بىنتى ئەلى ........ 61
ئائىشە بىنتى مۇھەممەد ........ 61
ئائىشە بىنتى مۇھەممەد ھىرانى ........ 62
ئائىشە بىنتى مۇئتەسىم ........ 63
ئائىشە بىنتى نەسىف ........ 63
ئائىشە ئەندەلۇسىيە ........ 64
ئائىشە ھۇببى قادىن ........ 66
ئائىشە بىنتى قازى ئەلائىددىن ........ 67
ئائىشە سىددىيقە ........ 67
ئائىشە قۇرتۇبىيە ........ 69
ئائىشە نەبەۋىيە ........ 69
ئائىشە ئىسمەت ........ 70
ئەرجۇمەند بانۇ بېگىم ........ 71
ئەرۇزىيە ........ 72
ئەرۋا بىنتى ھارىس ........ 73
ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى ........ 73
ئەسما بىنتى ئەسەد فۇرات ........ 76
ئەسما بىنتى ئۇمەيس ........ 76
ئەسما بىنتى يەزىد ........ 77
ئەسما ئامىرىيە ........ 78
ئەسما ئىبرەت ........ 79
ئەلىف بىنتى جامال ........ 79
ئەمەتۇل خالىق ........ 79
ئەمەتۇللاھ ........ 80
ئەمەتۇل ۋاھىد ........ 80
بافۇ ........ 81
بەرەكە بىنتى سەئلەبە ........ 81
بەرەكە بىنتى جەلىيلە ........ 82
بىزەم ئالىم ........ 83
بۇلبۇل ........ 83





بەلقىس ........ 84
بەھىيە ........ 85
بىبى بىنتى ئابدۇسەمەد ........ 85
بىبى خانىم ........ 86
پەرتوپىيال ........ 86
تەزكار پاي خاتۇن ........ 86
تۇرخان ........ 88
تۇركان خاتۇن ........ 88
تەقىييە ........ 89
تەيتۇغلى ........ 89
جاھان ئارا بېگىم ........ 90
جەلىيلەئىي سۇلتانىيە ........ 90
جەمىلە بىنتى ناسىر ھەمدانىيە ........ 91
جەۋھەرە بىنتى داۋامى ........ 91
جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس ........ 92
خاتۇن ........ 93
خەدىچە بىنتى بەدران ........ 93
خەدىچە بىنتى جەئفەر ........ 93
خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد ........ 94
خەدىچە بىنتى زەيىنىددىن ........ 97
خەدىچە بىنتى سەھنۇن ........ 98
خەدىچە بىنتى قەييىم ........ 98
خەدىچە بىنتى مەئمۇن ........ 99
خەدىچە بىنتى نۇرىددىن ........ 99
خەدىچە شاھىجاھانىيە بىنتى مۇھەممەد ........ 100
خەدىچە بىنتى نۇۋەيرى ........ 100
خەدىچە بىنتى ھەسەن ........ 100
خەدىچە بىنتى ئۇبەيرى ........ 101
خەدىچە بىنتى ئۆمەر ئىبنى سالاھىددىن بەنجالى ........ 101
خەنسا ........ 102
خۇنداردۇ تىكىن بىنتى نوغىيە سەلاھ ........ 104

خوند تەتەر بىنتى مۇھەممەد ئىبنى قەلاۋۇن ........ 104
خەۋلە بىنتى سەئلەبە ........ 105
خەۋلە بىنتى ھەكىم ........ 106
خەيزۇران ........ 107
دىلشاد خاتۇن ........ 107
دەھما بىنتى يەھيا ئىبنى مۇرتەزا ........ 108
رابىئە ئەدەۋىييە ........ 108
راھىل ........ 110
راھىلە خانىم ........ 110
رەباب ........ 111
رۇبەيئى بىنتى مۇئەۋۋىز ........ 111
رەجەب ........ 112
رەزىييە ........ 112
رەزىييە خانىم ........ 114
رەملە بىنتى سۇفيان ........ 114
رەھمە ........ 115
رۇقەييە بىنتى مۇھەممەد ........ 117
رۇمەيسا ........ 118
زاھىدە ........ 119
زەھرا خانىم ........ 120
زىيبۇننىسا بېگىم ........ 121
زەينەب بىنتى مۇھەممەد ........ 122
زەينەب بىنتى جەھىش ........ 123
زەينەب بىنتى خۇزەيمە ........ 125
زەينەب بىنتى ئەلى ........ 125
زەينەب بىنتى ئابدۇللاھ ........ 126
زەينەب بىنتى ئەھمەد ........ 127
زەينەب خاتۇن ........ 128
زەينەب خانىم ........ 128
زەينەب بىنتى ئەلى فەۋۋاز ........ 129
زەينەب غەززالى ........ 130



زىننەتىنىسا بېگىم ........ 131
زەيفە خاتۇن ........ 132
زۇلەيخا بېگىم ........ 132
سارە ........ 134
سارە بىنتى ئەلى ........ 134
سارە بىنتى مۇھەممەد ........ 134
سەبىيھە ........ 135
سەرىيى خانىم ........ 135
سۇبەيئە ........ 136
سەفانە ........ 136
سەفىييە بىنتى ھۇيەي ........ 137
سەفىييە بىنتى ياقۇت ........ 138
سەفىييە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىپ ........ 138
سەفۇرا ........ 139
سۇكەينە ........ 140
سۇۋەيبە ........ 140
سۇمەييە ........ 141
سەۋدە ........ 142
سەييىدە بىنتى ئابدۇلغەنى ........ 143
سوفىيە سەيفى ئەلى ........ 143
سۆيۈن بىكە ........ 144
سىتتۇ ئەھلى ........ 145
سىتتۇ ئەرەب ........ 146
سەفىييە بىنتى ئىمام مەجىددىن ........ 146
سىتتۇ شام ........ 147
سىتتۇ فۇقەھا ........ 147
سىتتۇ مۈلۈك ........ 148
سىتتۇ ۋۇزەرا ........ 148
سىكەندەر بېگىم ........ 149
سىيرىن ........ 149
شاھىجاھان بېگىم ........ 150

شەجەرە تۇددۇر ...... 151
شەرىق خانىم ...... 153
شەھىدە بىنتى ئەبۇ نەسىر ...... 153
شەھىدە ...... 153
شەھرىبانۇ ...... 154
شەئۋانە ...... 154
شىفا ...... 155
شىيما ...... 156
غازىيە ...... 156
فاتىمە بىنتى ئاببا س ...... 157
فاتىمە بىنتى ئابدۇلمەلىك ...... 157
فاتىمە بىنتى ئەسەد ...... 158
فاتىمە بىنتى جەۋدەت پاشا ...... 159
فاتىمە بىنتى خەتتاب ...... 160
فاتىمە بىنتى خەششاب ...... 161
فاتىمە بىنتى ئالائىددىن ...... 161
فاتىمە زەھرا ...... 162
فاتىمە نىسابۇرى ...... 165
فاتىمە بىنتى ھۈسەين ...... 166
فاتىمە بىنتى قەيس ...... 166
فەخرىييە ...... 167
فىتنەت خانىم ...... 167
فىتنەت ...... 168
قەتۇرا ...... 170
كەرىمە بىنتى سىرىن ...... 170
كەرىمە بىنتى مۇھەممەد ...... 171
كەرىمە بىنتى مىقداد ...... 171
كەرىمە بىنتى ھەسھاس ...... 172
كەرىمە بىنتى ھەممام ...... 172
كەبىك خاتۇن ...... 172
كۇئەيبە بىنتى سەئىد ...... 173





گۈلسۈم ...... 173
گۈلرۇخ ...... 173
لالە خاتۇن ...... 174
لەببە بىنتى ئەھمەد ...... 174
لەببە بىنتى ناسىق ...... 174
لەيلا ئامىرىييە ...... 175
لەيلا بىنتى خەتىم ...... 176
لەيلا غىفارىيە ...... 176
لەيلا بىنتى هامىد ...... 176
لۇبابە بىنتى هارىس ...... 177
لۇبنا ...... 178
مارىيە بىنتى شەمئۇن قىبتىييە ...... 178
مال خاتۇن ...... 179
ماھپەيكەر سۇلتان ...... 179
ماھلەر ئايىم نادىرە ...... 180
مايىسخان ...... 181
مايىمخان ...... 182
مەريەم بىنتى ئەھمەد ...... 182
مەريەم بىنتى ئەبى يەئقۇب ...... 183
مەريەم بىنتى جىبرائىل ...... 183
مەريەم بىنتى مۇھەممەد فەھرى ...... 184
مەريەم نەمىر ...... 184
مەريەم بىنتى ئىمران ...... 185
مەلىكە بىنتى شەرىق ...... 185
مەھىرماھ سۇلتان ...... 186
مېھرىبانۇ ...... 186
مەيسۇن ...... 187
مۇسكە ...... 187
مۇنەۋۋەر خاتۇن ...... 188
مەيمۇنە بىنتى هارىس ...... 188
مەيمۇنە بىنتى سەئىد ...... 189

نائىلە بىنتى فەرافەسە ...... 189
نەبەۋىيە مۇسا ...... 190
نەزھۇن بىنتى قەلائى ...... 190
نەسىب خاتۇن ...... 191
نەفىسە بىنتى ھەسەن ...... 191
نۇربانۇ ...... 192
نۇرۇگۇم ...... 192
نۇر جاھان بېگىم ...... 193
نۇزار بىنتى ئەبۇ ھەييان ...... 194
نۇسەيبە بىنتى كەئب ...... 195
نۇسەيبە بىنتى ھارىس ...... 196
نىگار خانىم ...... 196
ھاجەر ...... 197
ھاجەر بىنتى قازى ئالائىددىن ...... 198
ھاجەر بىنتى مۇھەممەد ...... 198
ھەدىيە بىنتى ئەلى ...... 199
ھەببە بىنتى ئابدۇراھمان ...... 199
ھەببە خانىم ...... 199
ھەفسە بىنتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ...... 200
ھەفسە بىنتى ھاج رەكۇنىيە ...... 201
ھەلىمە بىنتى ئەبۇ زۇئەيب ...... 201
ھەمدە بىنتى ۋاسىق ...... 202
ھەۋۋا ئانا ...... 202
ھۇجەيمە بىنتى ھۇيەي ...... 203
ھىند بىنتى ئۇتبە ...... 204
ھىند بىنتى ئەبۇ ئۇمەييە ...... 205
ئۇممۇ ئىيسا ...... 206
ئۇممۇل خەير ...... 206
ئۇممۇ رۇمان ...... 206
ئۇممۇ قەيس ...... 207
ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى مۇھەممەد ...... 207



ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ...... 208
ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەقبە ...... 208
ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەلى ...... 209
ئۇممۇ ھاشىم ...... 209
ئۇممۇ ھانى ...... 209
ئۇممۇ ھەكىم مەخزۇمىيە ...... 210
ئۇمەيمە ...... 211
ۋەللادە ...... 212
ئىپارخان ...... 212
ئىسكەندىرا بىنتى قۇستەنتىن ...... 216
ياسىمىن ...... 216
يەلقەتلۇ ...... 217

## II بۆلۈم ھىدايەت يۇلتۇزلىرى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى ھەققىدە ...... 218
1. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى. 219
2. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى ...... 223
«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا ...... 243
«قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ...... 243
«قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل بولۇش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەت ...... 245
ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرى نازىل قىلىنغان ئايەتلەر ...... 251
مەككىيە ۋە مەدەنىيە سۈرىلىرى ...... 252
ئۇ سىلەرگە ئاسان قىلدى ...... 257
تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە ...... 268
قەزا ۋە قەدەر (تەقدىر) ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ...... 270

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە «قەزا» قانداق بايان قىلىنغان؟ 275
«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە «قەدەر» قانداق بايان قىلىنغان؟
........................................................ 277
تەقدىر بىلەن ھۆرلۈك ئارىسىدىكى ئىنسان ........................ 279
تەقدىر يولىدا تەدبىر .............................. 295
ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش جۈملىسىدىندۇر
........................................................ 298
ئاخىرقى سۆز ........................................ 300
ئىمان ۋە ئەمەل ........................................ 304
ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى (ئەركانلىرى) ........................ 305
ئىماننىڭ كۈچىيىدىغانلىقى ۋە ئاجىزلىشىدىغانلىقى ............ 310
ئىمان مىزانىدىكى ئەمەل ........................... 311
ئەقىلدىن باشقا كۆز ........................................ 315

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# I بۆلۈم ئايالنىڭ ۋاقتى

## تارىخنىڭ ئاۋازى

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن باشلانغان ھاياتلىق يارىتىش ۋە يارىلىش، ئىزدىنىش ۋە كۆرۈشۈش مۇساپىسىدۇر. ئۇنىڭدا پارلاۋاتقىنى ئەرلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، غەيرەت-شىجائىتى بىلەن ئاياللارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە پىداكارانە روھىدۇر. بىز ياشاۋاتقان بۇ كەڭ كائىناتتىكى ئەڭ زور پىلانىتلاردىن تارتىپ ئەڭ ئۇششاق زەررىچىلەردىكى ئاجايىپ ئىلاھىي ماسلىقتا ئەكس ئېتىۋاتقىنىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان ئەر ۋە ئايالنىڭ ئورتاق مېھنىتىدۇر. قەدىمدىن ھازىرغىچە، بابىلدىن رىمغىچە، شەرقتىن غەربكىچە سوزۇلغان ئوخشىمىغان مەدەنىيەت مۇھىتى، تىل قاتلاملىرىدا زېمىن جەۋھىرى بولغان ئىنساننىڭ ئەر ۋە ئايالغا ئورتاق نام ئىكەنلىكى ئاددىي ۋە بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەر ۋە ئايال خۇددى ئىككى مۇلايىم ئاۋازكى، ھاياتلىق تارلىرى ئۇلارسىز ھەقىقىي ۋە تولۇق ئاھاڭ چىقىرالمايدۇ. ئەرنىڭ مېھرىبان ئانىسى، بەرنا دىلبىرى، سۆيۈملۈك قىزى، كۆيۈمچان ئاچىسى ۋە سىڭلىسى بولغان ئايالنى ئىنسان سۆيىتىدە كۆرۈش ۋە قەدىرلەش زۆرۈرىيەتلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقلىق كىشىلىرىمىزگە نىسىپ بولغان مۇھەببەتنىڭ باش شەرتى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئايال مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگۈچى، ۋەتەننى

ياۋدىن قوغدىغۇچى ئوت يۈرەك ئوغلانلارنى، ئۆز مىللىتىنى دۇنيا سەھنىسىدىكى يوقالماس مىللەتلەر قاتارىغا تىزغۇچى تالانتلىق ئىلىم سەركىلىرىنى يېتىشتۈرگۈچى ئىكەنلىكى ھەقىقەت. ئەمما، ئىنساننىڭ پايدا-مەنپەئەت يولىدىكى تۆرلۈك تاكتىكا سىياسەتلىرى بىلەن بويلىپ كەتكەن تارىخ بېتىدە ھەر قاچان ھەقىقەتنىڭ ئەكس ئېتىشى ناتايىن. بىز ئۆزلەمەس تارىخ ئېقىنىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن چاقناۋاتقان ئاياللارنى ئىنسانىي قىممەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش ۋە قوغداشنىڭ نۇرلىرىدىن زوقلانساق ۋە ئۈمىدلەنسەك، ئاياللارنى كەمسىتىپ، خارلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پەقەت ئەرلەرگىلا باغلاپ ئاياللارنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن ئەپسۇسلىنىمىز. تارىخىي رېئاللىق — «مېھرى چەكسىز، پۈتۈن دۇنيانى كۆكرىكى بىلەن باققان ئانىنى ئۇلۇغلايلى» دېگەن شوئارنىڭ ئەكسىنى كۆرسەتتى. مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ئاياللارغا بولغان كەمسىتىش ئىزچىل تۈردە، دۇنياۋى ئاساسىي ئېقىمدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇپ كەلدى. مەيلى غەربتە ياكى شەرقتە بولسۇن، ئاياللارنى كەمسىتىشنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي مەنبەسى بار ئىدى.

ئاجايىپ رەڭدار ئېپوس-رىۋايەتلىرى، شائىرانە ۋەكەتلىك سەلتەنىتى بىلەن دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى دەپ ئاتالغان قەدىمىي يۇناندا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. يۇنانلىقلار ئايالنى يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان شەيتان، ئىبلىس سۆزى بىلەن سۈپەتلەيتتى. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر بالا-قازا يەتسە، بۇنى ئاياللارنىڭ شۇملۇقىدىن بولدى، دېيىشەتتى. ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ ئاياللارغا قىلغان غەزىپىنى ياندۇرۇش، بالا-قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاياللارنى قۇربانلىق قىلاتتى. قەدىمكى يۇناندا پاندورانىڭ قۇتىسى



ھەققىدە رىۋايەت تارقالغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، پاندورا دۇنيادىكى تۇنجى ئايال بولۇپ، ئۇ تەڭرىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، قولىدىكى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر ئارىسىغا بالايىئاپەتنى تېرىۋېتىدۇ. ئۇ يەنە دەرھال قۇتىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، ئۈمىدنى قۇتىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ قويىدۇ. ھومېرنىڭ ئېپوسى «ئىلىيادا»دا سپارتانىڭ خانىشى خېلىن ئېرىگە سادىق بولمىغانلىقتىن، ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا سوزۇلغان تروياً ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. يۇناننىڭ تراگېدىيە يازغۇچىسى ئور پېدېز ئۆزىنىڭ «مېدىيا» ناملىق سەھنە ئەسىرىدە، مېدىيانىڭ سۆزى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز تۇغۇلىشىمىزدىنلا ئايال بولۇپ تۆرەلگەن، ياخشى ئىشنى بىلمەيمىز، بىراق ئەسكى ئىش قىلىشتا بىزدىنمۇ ئەقىللىق ئادەم يوق». مەيلى ئېپوس، رىۋايەت ياكى دراما بولسۇن ھەممىسى خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدكە تولغان رېئاللىقنى بەدىئىي توقۇلما ئاساسىدا ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، بۇلاردا ئورتاق ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئاياللارنى يامانلىق، بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى دەيدىغان تۈپ ئىدىيە ئەمەلىيەتتە يۇنان جەمئىيىتىدىكى قاتتىق كەمسىتىلىش ۋە خورلىنىش ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ رېئاللىقى ئىدى. ئايال تويدىن ئىلگىرى دادىسىغا، تويدىن كېيىن ئېرىگە، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلىغا تەۋە شەخسىي مۈلۈك سانالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئايالنى سېتىش، خالىغان بىرسىگە مىراس قاتارىدا قالدۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى. ئاياللار بارلىق كىشىلىك ھوقۇقىدىن، سودا-سېتىق، لايىق تاللاش، مائارىپ، مىراسخورلۇق ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھوقۇقسىزلىق ئاياللارنى ئىجتىمائىي مەرتىۋە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەشھۇر پەيلاسوپ ئارىستوتېلنىڭ «سىياسەت ئىلمى» ناملىق ئەسىرىدىكى: «ئاياللار تۆت ئەزاسى راسا يېتىلگەن، ئەمما مېڭىسى ئاددىي ئادەملەردۇر»

دېگەن سۆزى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىش ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

قەدىمكى رىملىقلار ئايالنى كۆڭۈل ئاچىدىغان زىننەت بۇيۇمى ھېسابلايتتى. مۈلۈك ئىگىسى ئۆز ماللىرىنى خالىغانچە ئىشلەتكەندەك، ئاياللىمۇ ئەرنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلىنىپ، ئەرگە مۇتلەق بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇراتتى. رىم قانۇنىدا ئاياللىقنىڭ (ئايال جىنسى بولۇشىنىڭ) ئۆزىلا ئاياللارنىڭ ھېچقانداق سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئىدى. تائەت-ئىبادەت ۋە كېچە-كۈندۈز ئېرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئاياللارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى دەپ قارىلاتتى. ئىمپېراتور فالىنتىيان دەۋرىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھېچقانداق سان بىلەن چەكلەنمىگەنىدى. بۇ تۈزۈم ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىنى ئېغىر دەپسەندە قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئېچىلغان قەدىمكى رىم قانۇنى مۇھاكىمە قىلىنغان مۇزلىر يىغىنىدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەنىدى:

«ئايال ۋۇجۇدىغا شەيتان روھى جايلاشقان، ئىنسانىي روھقا ئىگە ئەمەس مەخلۇق. شۇڭا ئۇ خۇدانىڭ رەھمەت-مەغفىرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ساۋاب-مۇكاپاتمۇ بېرىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە قارىتا ئەڭ ئېغىر جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئاياللارنىڭ ھاياتىنى چەكلىمىلەر بىلەن قېلىپقا سېلىش كېرەك. ئاياللار كۈلۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۈلكىسى شەيتاننىڭ قاقاقلىشىدۇر. گۆش يېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ تەبىئىتىدىكى يىرتقۇچلۇق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ». فرانسىيىلىك ئالىم زادىر بىلەن ئۇۋلىر «ئىنسانىيەتنىڭ 1- ئەسىر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى رىمدا ئائىلىدىكى ئەر خۇدانىڭ ئورنىدا بولۇپ، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنۇشى زۆرۈر ئىدى. ئايال بۇرۇن نېمىگە ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر تويىدىن كېيىنلا ئېرىنىڭ



دىنىغا كىرەتتى. ئومۇمىيۈزلۈك ئېيتقاندا، قەدىمكى رىمدا ئاياللار ھايۋاننىڭ ئورنىدا بولۇپ، پۈتۈنلەي ھوقۇقسىز ئىدى».

قەدىمكى ھىندىستاندا ئاياللار بارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھاياتى، مال-مۈلكى ئېرىگە باغلانغانىدى. ئاياللار كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ تۈپ ئاساسى بولغان ياشاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ئايال روھقا ۋە جىسمىغا ئىگە مۇستەقىل ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئەرنىڭ جىسمىنىڭ بىر پارچىسى، دەپ قارالغاچقا، ئېرى ئۆلۈش بىلەنلا، ئېرىنىڭ جەسىتى بىلەن قوشۇپ ئوتتا كۆيدۈرۈلەتتى. مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى دۇنياغا كەلگەن «مانۇ قانۇنى» دا «رەسۋاچىلىقنىڭ مەنبەسى ئاياللاردۇر، ئەسكى ئادەتلەرنىڭ مەنبەسى ئاياللاردۇر، ۋابا، ئۆلۈم، دوزاخ، زەھەر، چايانلار ئايالدىن ياخشىراق»، دېيىلگەن. يەنە «ئاياللار مەيلى كېچە ياكى كۈندۈزدە بولسۇن، ئۆز ئائىلىسىدىكى ئەركەكنىڭ بېقىندىلىقىدا بولۇشى شەرت، ئۇلارغا بالىلىق دەۋرىدە ئاتىسى ھامىيلىق قىلىدۇ. ياشلىق دەۋرىدە ئېرى ھامىيلىق قىلىدۇ، ياشانغان مەزگىلىدە ئوغلى ھامىيلىق قىلىدۇ، ئاياللار ھەرگىزمۇ مۇستەقىل، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولالمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاياللارنى نادان، پەس، رەزىل دەيدىغان قاراشلار شەرق بىلەن غەربتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، غەرب مەدەنىيىتىدە ئاياللارنى كەمسىتىشنىڭ مەنبەسى ناھايىتى ئۇزاق.

تەۋراتتا «ئاياللار ئۆلۈمدىن يامان» دەپ بايان قىلىنىپ، كىشىلەرنى نادانلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئاياللارغا ئىشەنمەسلىك، ئۇلاردىن سىر ساقلاش، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ھەزەر ئەيلەشكە ئاگاھلاندۇرغان. ئىنجىلدا بولسا ئادەم ئاتىنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ، جەننەتتىن قوغلىنىشى ئايالى — ھەۋۋانىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولغان. شۇڭا، ئاياللار ئىنسانىيەت ئالدىدا جاپا-مۇشەققەتلىك زېمىن ھاياتىنىڭ سەۋەبكارى بولغان جىنايەتچى، يامانلىق ۋە بالايىئاپەت مەنبەسى، دېيىلگەن. مىلادىيە 5- ئەسىردە ياۋروپادا ماكون

باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇھ پەيلاسوپلار «ئاياللاردا روھ بارمۇ، يوق؟» دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغان ۋە ئاخىردا: «ئېيسا ئانىسى مەريەمدىن باشقا، ئاياللاردا دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلغۇچى، ھىدايەت تاپقان روھ يوق»، دېگەن قارارنى چىقارغان. مىلادىيە 586- يىلى فرانسىيىدە «ئايال ئىنسانمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىن ئاخىرىدا «ئايال ئىنسان، لېكىن ئۇ ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان ئىنسان» دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان. 1805- يىلى خرىستىئان دىنىنىڭ ئېنگلىس پروتېستانتى قانۇنىدا ئەركىن ئايالنى سېتىش قانۇنلۇق دەپ رۇخسەت قىلىنغان. ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى VIII ئاياللارنى مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىن چەكلىگەن ۋە ئاياللارنى دۆلەت پۇقراسى ھېسابلىمىغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە غەربتىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلىرى ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھازىر قارىماققا تولىمۇ كۈلكىلىك بولغان بىر مەسىلىنى — «ئاياللاردا روھ بارمۇ، يوق؟» دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغان. يىغىنغا قاتناشقان ئاقساقاللارنىڭ يېرىمى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان، ئاخىردا ئارتۇق بىر ئاۋاز بىلەن قارار ماقۇللاپ «ئاياللار تۆۋەن دەرىجىلىك مەخلۇق، لېكىن ئۇلاردا روھقا ئوخشايدىغان نەرسە بار»، دەپ قەيت قىلغان. گەرچە ئۇلار ئاياللاردا روھ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگىنى شۇكى، ئۇلار ئاياللارنى ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەخلۇق دەپ قارىغان.

ئاياللارنى كەمسىتىش ۋە خارلاش خاھىشى دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئۈستۈنلۈك ئىگىلىگەن دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە زىت بولغان ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلغۇچى يېقىنقى زامان غەرب جەمئىيىتىدىمۇ ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمىگەن. گېرمانىيىلىك ئىدېئالىست پەيلاسوپ ئارتۇر شوپېنخاۋېر مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللارنىڭ



مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەتلا ئىنسانىيەتنىڭ نەسىل قالدۇرۇشى ئۈچۈندۇر، ئۇلار ئاجىز بولغاچقا ئەزەلدىن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ھىيلە-مىكىرگە تايىنىپ جان بېقىپ كەلگەن ھەمدە بۇنىڭدىن مۇستەھكەم يىلتىز تارتقان يالغانچىلىق ئادىتى ئەۋج ئالغان. شۇڭا، ئىككىنچى جىنس، يەنى ئايال جىنسى ھەر قانداق جەھەتتە ئەر جىنسىتىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ئىنتايىن بىمەنىلىكتۇر». 19- ئەسىردە ياشىغان گېرمانىيىلىك ئىدېئالىست پەيلاسوپ فرېدېرىك نىتسى مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار ئەرلەردىنمۇ قەبىھ كېلىدۇ، ئۇلار خەتەرلىك، يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان ئىپلاس تۆت پۇتلۇق ھايۋان». ئۇ ئەرلەرگە مۇنداق دەپ تاپىلايدۇ: «ئايالنى ئىزدەپ كېتىۋاتامسەن؟ قامچاڭنى ئالغاچ بېرىشنى ئۇنتۇما». ئاۋستىرالىيىلىك پەيلاسوپ ئوتتو ۋېيىللىنگېر 1903- يىلى نەشر قىلىنغان «جىنس ۋە مىجەز» ناملىق كىتابىدا جاھان ئەھلىنى ئاياللارنىڭ خەۋپلىكلىكىنى كۆرۈۋېلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئاياللارغا قارىتىلغان يۇقىرىقىدەك تەڭسىز مۇئامىلە ۋە كەمسىتىش ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەر-ئايال تۇغۇلۇشىدىنلا ھەم مەڭگۈ باراۋەر ئەمەس، ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دېگەن پرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. تەبىئىيكى مۇنداق تەڭسىزلىك سان جەھەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغۇچى، ئادەمزاتنىڭ تۇنجى تەربىيىچىلىرى بولغان ئاياللارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇ نارازىلىقنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە 1791- يىلى فرانسىيىدە «ئاياللار ۋە ئاياللارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا يېڭى بىر كۈرەش — ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كۈرىشى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تالاي يىغىنلار ئېچىلدى. نۇرغۇن ماقالە-ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. جاپالىق كۈرەش ھەقىقەتەنمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىدا بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا

كەلتۈردى. تېگىشلىك ھوقۇقنى تەلەپ قىلىش ۋە ئېرىشىش جەريانىدا ئاياللىق تەبىئەتنى، ئانىلىق مەجبۇرىيەتنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان ھەم ئىنكار قىلىدىغان بىر خىل تەتۈر ئېقىم ۋۇجۇدقا كەلدى. كائىناتتىكى ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئەسلى يارىتىلغاندىكى مۇناسىپ ئۆلچەمدىن ئېشىپ، ئۆز تەبىئىتىگە زىت يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ بالايىئاپەتلىك تەقدىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. زېمىننىڭ گۈلتاجى سانىلىدىغان ئادەممۇ شۇنداق. ل . تولستوي: «ئەر كىشىگە ئوخشىماقچى بولغان ئايال خۇددى ئايالغا ئوخشىماقچى بولغان ئەرگە ئوخشاش تەتۈرلۈكتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. تالاي مۇھاكىمىلەر ۋاقىت دولقۇنىدا ئىزسىز غايىب بولدى. تەسىرلىك نۇتۇقلارنىڭ دەبدەبىسى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما، ئىززەتلىنىشكە، ھۆرمەتلىنىشكە، قوغداشقا ۋە تېگىشلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا موھتاج ئاياللارنىڭ ئىلتىجالىق سادالىرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. يول زادى قەيەردە؟

# ئىسلام نۇرى چاقناتقان ئايال

مىلادىيە 7- ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئاياللار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم ھالدا خار ياشايتتى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەب جەمئىيىتىدە قىز بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى سانىلاتتى. ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ ئايرىم قەبىلىلەردە قىز تۇغۇلغان ھامان كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنداق قەبىھ جاھىلىيەت ئادىتىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى بار ئىدى.

ئەينى دەۋردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تەبىئىي كىلىمات ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلى قەھەتچىلىك ئاپەتلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئاچ-يالىڭاچلىق ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغانىدى. كىشىلەر مۇنداق شارائىتتا كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، ئېغىر ئەمگەك قىلالمايدىغان، قەبىلىلەر ئارا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان سۇ، يەر تالىشىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئالالمايدىغان قىز پەرزەنتلىك بولۇشتىن قاچاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىززەت-ئابرۇيىنى جېنىدىن ئارتۇق بىلىدىغان ئەرەبلەر قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا قىز-ئاياللىرىنىڭ قارشى تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئار-نومۇسىنى بۇلغاش ئېھتىماللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى كۆمۈۋېتەتتى، ئاياللار ھېچقانداق ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. پەقەت ئەرلەرنىڭلا مىراسخورلۇق ھوقۇقى بولۇپ، ئاتا-ئانىلىرى، يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرى قالدۇرغان مال-مۈلۈكتىن ئايالغا ھېچ نەرسە تەگمەيتتى. ئايالنىڭ لايىق تاللاش ئەركىنلىكىمۇ يوق بولۇپ، ئەرلەرنىڭ كۆپ

خوتۇنلۇق بولۇشى سان بىلەن چەكلەنمىگەنىدى. ھەر قانداق ئەرنىڭ شەرتسىز ھالدا ئون-يىگىرمە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئەمرىدە تۇتۇشى دۇرۇس ھېسابلىناتتى. ئايال ئېرىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بىرقىسمى ھېسابلانغاچقا، ئەرنىڭ مىراسخورى مال-مۈلۈك قاتارىدا ئايالنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى ۋە خالىغانچە بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۆرپ-ئادەتكە ئۇيغۇن نىكاھتىن باشقا يەنە ساغلام بولمىغان نىكاھ تۈرلىرى بولۇپ، بۇ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەنىدى.

مىلادىيە 7- ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر خۇدالىق، مۇكەممەل قانۇن ۋە پەلسەپىۋى نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئىگە ئىسلام دىنىنىڭ شولىسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى بىر ئۇپۇقىنى نامايان قىلدى. جاھالەت، قاشاڭلىق ۋە تەپرىقچىلىك ئەۋج ئالغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك بىر پەللىسىنى، ئىلاھىي تاكامۇللۇق ۋە ئىنسانىي كامالەتنىڭ بۈيۈك چوققىسىنى كۆردى. شەرقتە، غەربتە ئوخشاشلا كەمسىتىلىش، خورلىنىش بىلەن ئېزىلگەن ئايال ئۆز ئارزۇسىدىكى غايىۋى ئايال سىماسىنى ۋە بەخت نۇرلىرىنى يېڭى دىنىنىڭ دەستۇرىدا، قانۇنىدا، ئەھكاملىرىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاقىرىقى جەمئىيەتتىكى ئىككى بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئاياللار ئىدى. ئىسلام دىنى ئەر-ئايال باراۋەرلىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن، ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان دىن بولمىغان بولسا، ئاياللارنىڭ ئۇنداق قىزغىن قوللىشىغا، تۈركۈم-تۈركۈملەپ بۇ دىنغا كىرىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام دىنى ئاياللارنى خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ھېچقانداق دىن ۋە قانۇن ئاياللارغا بەرمىگەن ئىززەت-ھۆرمەت، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلدى. باشقا ھوقۇقلاردىن سۆز ئېچىش



تۇغۇل، ئايالنىڭ ئىنسانىي قىممىتى ئىنكار قىلىنىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ ئايالنىڭ مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە، يارىلىش ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولغاچقا ھوقۇق ۋە نېسىۋىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «قۇرئان كەرىم»دىكى ئال ئىمران، نىسا، مەريەم، نۇر، مۇجادىلە، مۇمتەھىنە، تەلاق ۋە تەھرىم قاتارلىق سەككىز سۈرىدىكى نەچچە يۈز ئايەتتە ئايالارغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئايالار مەسىلىسىگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ تولۇق دەلىلى ئىدى.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئۇلۇغ ئانىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئانىنىڭ بالىغا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، بېقىش، تەربىيىلەش جەريانىدىكى جاپالىق ئەجرى ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾ (سۈرە لوقمان 14-ئايەت)

پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ئېتىراپ قىلغان، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ توپلىمى بولغان «سەھىھۇل بۇخارى»دىكى بىر ھەدىستە: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھمۇ يەنە: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئاندىن قالسا ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئانىنى ھۆرمەتلەش ئىنساننى ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ۋە

مۇكاپات بولغان جەننەتكە باشلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان — «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن مەشھۇر ھەدىس ئانىغا بولغان ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۆرنىكىنى ياراتقانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئانىغا بولغان ئېھتىرامى پەقەت نەسەب جەھەتتە ئۆزىنى تۇغقان ئانىنىلا ئەمەس، يەنە ئاق سۈتى بىلەن بوۋاققا ھاياتلىق بېرىۋاتقان ئىنىكئانىنىمۇ ھۆرمەتلەش ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم» تەلىملىرىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل خۇلقىغا ئايلاندۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كىچىكىدە ئېمىتكەن ئىنىكئانىسى — سەئدىيە قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمەنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. ئىنىكئانىسى كەلسە، ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە تونىنى يەرگە سېلىنجا قىلىپ سېلىپ ئىنىكئانىسىنى ئولتۇرغۇزاتتى.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — خۇددى كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك ئەرگە يېپىشىپ ياشايدىغان، ئاللاھ قەدىرلەشكە، قوغداشقا، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇغان خوتۇندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ئىنسان لەززەتلىنىدىغان نۇرغۇن نېمەتلەر بار، ئەنە شۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى مۆمىن؛ توغرا يوللۇق خوتۇندۇر». ئاياللار مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن قىلغان ئىسلام شەرىئىتى ئەھكاملىرىدا خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەققى، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىدەك چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كىچىك ئىشلارنىڭمۇ ھۆكۈملىرى تەپسىلىي ئىنچىكە بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك بېقىش، ياخشى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش ئەجرى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان قىزدۇر. ئىمام ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى



ئۈچ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تويىنى قىلىپ چىقارسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوخشاشلا جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ھەر دائىم مۇنداق تەلىم بېرەتتى: «ئاياللارغا كۆيۈنۈڭلار ھەم ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئاللاھ بىزنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز ۋە ھەمشىرىلىرىمىز». ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، قوغداش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى پۈتكۈل كۆز قاراشلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — ياراتقۇچى ئاتا قىلغان ئاياللىق تەبىئىيىتىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقۇچى، جەمئىيەتنى تۈزگۈچى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى جەمئىيەت ئەزاسىدۇر. تۆۋەندە ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى — سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نىكاھ ۋە تەلىم-تەربىيە نۇقتىلىرىدىن تۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

1. ئىسلام دىنى ئەڭ ئاۋۋال ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاش نەرسىدىن يارىتىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ، باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئاياللاردا ئىنسانىي روھ بارمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئايالنىڭ ئىنسانلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتقان تارىخى دەۋردە ھەق-ئادالەتنىڭ تۇنجى سىگنالىنى چالغانىدى. ئاللاھ تائالا ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى، ئۇلارنىڭ پەقەت ياخشى ئەمەل بىلەنلا بىر-بىرىدىن ئارتۇق (ئۈستۈن) بولىدىغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپى. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتا ئوچۇق ھالدا مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە

ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەت).

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن كېيىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم مەنبەسى بولغان سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆز-ھەرىكەت ۋە بىرەر ھادىسىنى كۆرگەندە ئىنكار قىلماستىن سۈكۈتتە تۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇد بىلەن ئىمام ئەھمەد ئۆز كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدۇر (ھەمشىرىلىرىدۇر)» دېگەن ھەدىسمۇ ئەر-ئاياللىڭ نەسەب (كېلىپ چىقىشى) جەھەتتە ئوخشاش تەڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 10- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافاتتا سۆزلىگەن ۋىدالىشىش نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەم ئاتىدىن بولغان. ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەرەب غەيرىي ئەرەبتىن، ئاق تەنلىك سېرىق تەنلىكتىن ئەۋزەل ئەمەس، كىم ئەڭ مۇتتەقى (ئاللاھتىن قورققان ھالدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن چەكلەنگەن ئادەم) بولسا شۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر». ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دەيدىغان ئىدىيە «قۇرئان كەرىم»دە قەيت قىلىنغان ئاللاھنىڭ ئادىللىق سۈپىتىگە زىت كېلەتتى. ئەر-ئاياللىق پەرقى جىنس جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ھەممە ئادەم باراۋەر دەيدىغان بۇنداق ئىلغار كۆزقاراش ئاياللارنى كەمسىتىشكىلا ئەمەس، بەلكى بايلىق-نامراتلىق، نەسەب، ئىرقنى ئۆلچەم قىلىپ كىشىلەرنى ئېسىل-پەس دەپ ئايرىيدىغان تەبىقە تۈزۈمىگە قارشى ئېلان قىلىنغان جەڭ ئىدى.

2. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بەزى قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقالغان نامراتلىق ياكى نومۇسقا قېلىشتىن قورقۇپ،



تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك قەبىھ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قاتتىق چەكلەپ، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىكى ئەڭ تۇپ ھوقۇقى بولغان ياشاش ھوقۇقىنى قوغدىدى. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر مەسىلىلەر ھەققىدە نازىل قىلىنغان ئايەتلەر قىزمۇ، ئوغۇلمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى، دادا بولغۇچىنىڭ قىزىنىمۇ خۇددى ئوغۇلغا ئوخشاش بېقىش، تەربىيىلەش، ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىلارغا قىز-ئوغۇل دەپ ئايرىماستىن، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقى، بەزىسىنى ئارتۇق كۆرۈپ قىلىنغان پەرقلىق مۇئامىلىنىڭ قالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى يوقىتىپ، دىللىرىغا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، يولدىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باللىرىڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇڭلار، بىرىگە نېمە بەرسەڭلار، قالغىنىغىمۇ شۇنى بېرىڭلار، ئەگەر مەن باللىرىمنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرگەن بولسام، قىزلارنى ئەتىۋارلىغان بولاتتىم».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرىكى بۇ تەۋسىيىسى ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىرى ۋە بالىلار پسىخولوگلىرى دائىم تەكرارلايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچتۇر.

3. ئەر-ئاياللىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكى ئىسلام شەرىئەت ئەھكاملىرىدا تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە، ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىش، چەكلىگەندىن ساقلىنىشقا تەكلىپ قىلىنغۇچى، يەنى مۇكەللەف، ئەمەللىرىگە يارىشا بېرىلىدىغان ساۋاب

ۋە جازادا، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى. بۇ ئەينى زامانلاردا بەزى مىللەت ۋە دىنلاردىكى ئاياللارنى دىنغا كىرىشتىن، مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىن چەكلەشتەك ئېغىر كەمسىتىشتىن زور پەرقلىنەتتى. «قۇرئان كەرىم» ئەر ۋە ئاياللارغا قىلىنغان ئورتاق خىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى «ئى ئىنسانلار!...»، «ئى كىشىلەر!...»نىڭ ئەر ۋە ئايالنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئادەملەر!...» دەپ نىدا قىلغان خۇتبە چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا، قولىدىكى ئىشنى دەرھال تاشلاپ چىققان. بەزىلەر ئۇنىڭ مۇنداق تېز ھەرىكىتىدىن ئەجەبلىنىپ سەۋەبىنى سورىغاندا «مەنمۇ شۇ چاقىرىلغان ئادەملەرنىڭ بىرىمەن»، دېگەن.

شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مەندۇب (مۇستەھەپ)، مۇباھ، مەكرۇھ، ھالال، ھارام، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە بۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى (ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ئايرىم ئەھكاملاردىن باشقا) جىنس ئايرىماستىن ئەر ۋە ئايالنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، قۇرئان كەرىم جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە ئىسلاھ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئەر-ئايالنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى دەپ خىتاب قىلىپ، بۇنى «**الأمر بالمعروف والنهى عن المنكر**» (ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش) ئەك ئىخچام ئىبارە بىلەن ئىپادىلىگەن. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇلار ئوخشاشلا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتىنى ئوچۇق ھالدا بايان قىلىپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر



ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن﴾ (سۈرە ئال ئىمران 195- ئايەت).

ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەردىن بولغان مەككىنى فەتىھ قىلىشتىن كېيىن ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ ئىسلام مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. ئىسلام دىنى ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش، بىر ئادەمنىڭ گۇناھى ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنىڭ جازالانماسلىق مىزانىنى ئاساس قىلغان. شۇڭا ئادەم ئاتىنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىغا ھەۋۋانى سەۋەبچى دەپ ئاياللارنى مەڭگۈلۈك يۇيۇلماس گۇناھقا ھۆكۈم قىلغان تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەكسىچە، «قۇرئان كەرىم» شەيتاننىڭ ئادەم بىلەن ھەۋۋانى ئوخشاش ئازدۇرغانلىقىنى، جەننەتتىن قوغلىنىشىغا ئىككىسىنىڭ ئورتاق خاتالىقى سەۋەب بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان مىزاننىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ساۋاب ۋە جازادا تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ كەينىگە يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە بولغان تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى يوشۇرۇنغاندى.

ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى ۋە سىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل يوسۇندا ھەممە دىنلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەتقىقات تېمىسى ۋە تەپەككۇر ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدىكى ئۆلۈم چۈشەنچىسى ئۆزىنىڭ مەنتىقىلىقى، تاكامۇللۇقى ۋە سېھرىي كۈچى بىلەن ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ھالبۇكى، ئۆلۈمدەك سالمىقى ئېغىر بۇ تېمىغا بىر ئايالنىڭ بەرگەن جاۋابى خۇدا، ئۆلۈم، ئىنسان ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىبارىلەر بىلەن چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگەچكە، تارىخ بەتلىرىگە تەكرار-تەكرار پۈتۈلگەن، بەلكى ھەر قاچان بۇ تېمىدا سۆز ئېچىلغاندا، ئۆلىمالار مۇقەررەر تىلغا ئالىدىغان ھېكمەتلىك ئۆرنەككە ئايلانغان. بۇ دانىشمەن ئايال — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى رۇمەيسا بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى قېتىم

ئەنسارلاردىن بولغان ئەبۇ تەلھەگە ياتلىق بولغان. بىر قېتىم ئەبۇ تەلھەنىڭ كىچىك ئوغلى ئاغرىپ ياتقاندا ئەبۇ تەلھە سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ، ئوغلىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، دادىسى قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. رۇمەيسا ئۆيدىكىلەرگە، ئەبۇ تەلھەگە بۇ خەۋەرنى ئۆزى ئېيتىدىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى تاپىلاپتۇ. رۇمەيسا ياسىنىپ-تارىنىپ، ئەبۇ تەلھەنى كۈتۈۋاپتۇ ھەم ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈپتۇ. ئەبۇ تەلھە ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، رۇمەيسا: «ئۇ ئەڭ تىنچ ۋە ياخشى ھالەتتە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەبۇ تەلھە بۇنى ئوغلۇم ھازىر ياخشىلىنىپ قاپتۇ، دەپ چۈشىنىپتۇ. ئەتىسى رۇمەيسا ئېرىگە: «پۈكۈنى ئادەم پۇستانى قەبىلىدىكى ئادەملەرگە مەلۇم ۋاقىت مېلىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشقا ئامانەت قويۇپتىكەن، ئۇلار مالنى ئىشلىتىپتۇ، بەھرىمەن بوپتۇ. مۆھلەت توشقاندا مال ئىگىسى مالنى قايتۇرۇشنى سوراپتىكەن، ئۇلار بەرگىلى ئۇنىماپتۇ» دەپتۇ. ئەبۇ تەلھە: «دۇنيادا شۇنداقمۇ يولسىزلىق بارمىكەن، ئارىيەت ئالغان، ئامانەت قويغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئەقەللىي قائىدە تۇرسا» دەپتىكەن، رۇمەيسا: «ئوغلىمىزمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى ئىدى، جان ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئامانىتىنى ئالدى» دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەردىن ئەبۇ تەلھە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ۋە: «ئىنسان دېگەن شۇنداق، بىرەر مۇسىبەت يەتكەندە سەن ئېيتقان ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاللا-تۇۋا كۆتۈرىدۇ. سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا سەۋر ئاتا قىلدى، شۇڭا مەن پەقەتلا ئاللاھ قۇرئاندا ئېيتقان: ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ (سۈرە بەقەرە 156- ئايەت) دەيمەن»، دەپتۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇمەيسانىڭ ئاقىلانىلىكىدىن، ئەبۇ تەلھەنىڭ سەۋرىسىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ شۇ كېچىسىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ



بەرىكىتى بىلەن رۇمەيسا ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويۇپتۇ. ئابدۇللاھ تەقۋادارلىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، ئون ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ.

4. قانۇنچىلىقنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن ئۆرنەكلىرىدىن ھېسابلانغان ھاممۇرابى قانۇنى، رىم قانۇنلىرىمۇ ئەر-ئاياللىق جىنس پەرقىنى باھانە قىلىپ، ئاياللارنى كەمسىتىش، تەڭسىز مۇئامىلىدە بولۇش ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمىغان. ئىسلام دىنى ئەر-ئاياللارنىڭ قانۇندا باباراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاياللارغا قوغداش ۋە قوغدىلىش ھوقۇقى، ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى ئاتا قىلدى. شۇنداقلا يەنە ئاياللارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بولۇشى، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام شەرىئىتىدە ئەرلەرنىڭ ھاياتى، كىشىلىك ھوقۇقى، ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە مال-مۈلكى قانداق قوغدالسا ۋە دەخلى-تەرۇز قىلغۇچىلارغا قانداق جازا بېرىلسە، ئاياللارنىڭمۇ شۇنداق قوغدىلىدۇ ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ. ئاياللاردىنلا ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن كارى بولمايدىغان خاھىشلارغا قارشى ھالدا، ئەرلەرگىمۇ ئوخشاشلا ئىپپەتلىك بولۇش تەلىپىنى قويۇپ، بويسۇنمىغانلارغا ئوخشاش جازا بېرىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك ئىشلارنىمۇ چەتتە قالدۇرمىغان ئىسلام شەرىئىتىدە-ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، نام-شەرىپى مۇتلەق دەخلىسىز بولۇپ، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىش ئاللاھ قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە لايىق قىلمىش سانىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قانچە ئايەتتە ئوچۇق بايانلار بار: ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ). ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ (سۈرە نۇر، 23- ئايەت)

«سەھىھۇل مۇسلىم» كىتابىدىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاك ئايالغا بوھتان چاپلاشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، جىھادتىن قېچىشتەك يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى قاتارىدا سانىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئەركىن پىكىر قىلىش، ئائىلە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش پىكىر قاتناشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بۇ سۈلھىنىڭ بەزى ماددىلىرىنى تەڭسىز ھېس قىلىپ، قاتتىق نارازى بولغان. دەل مۇشۇنداق قىيىن پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، نارازىلىقنى تۈگىتىپ، قاتمال ۋەزىيەتنى ئوڭلىشىغان. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەسلىھەت بەرگىنى ئائىلە ئىشلىرى ئەمەس، بەلكى مۇھىم سىياسىي ۋەقە ئىكەنلىكى ئاياللارنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا پىكىر قاتناشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق پاكىتى.

5. ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلىشى ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش تەلىم-تەربىيە ئېلىش، ئىلىم ئۆگىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئىلىم-پەنگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىكى ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى، ئالىملارنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ تەرىپلىنىشى ھەققىدىكى بايانلار ئەر ۋە ئايالغا ئومۇمىي بولۇپ، ئەرگە ياكى ئايالغا خاس دەيدىغان ئايرىمچىلىق مەۋجۇت ئەمەس. «قۇرئان كەرىم»دىكى تۇنجى نازىل قىلىنغان ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگۈچى ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن



ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى...﴾ (سۈرە ئەلەق 1 — 5 ئايەتلەر) دېگەن ئايەت بۇنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر. شۇڭا تارىختىن بېرى ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز» دېگەن مەشھۇر ھەدىسىدىكى مۇسۇلمان ئىبارىسى ئەر ۋە ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ قاراپ، بۇ ھەدىسنى «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دەپ شەرھلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئاياللارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە، تەلىم-تەربىيە بىلەن ئۆز تالانت-ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ مۇكەممەل ئۈلگىسىنى ياراتقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندىن كېيىن، مۇنداق ئەمرى-مەئرۇپ سورۇنلىرىغا كۆپرەك ئەرلەر ھازىر بولاتتى. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلغان: بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەرلەر سېنىڭ سۆھبىتىڭدە بولۇۋاتىدۇ، بىزگىمۇ ئايرىم ۋاقىت بېكىتىپ بەرسەڭ، شۇ ۋاقىتتا بىزمۇ يىغىلايلى، خۇددى ئەرلەر ئۆگەنگەندەك ئاللاھنىڭ ساڭا ئۆگەتكەنلىرىنى ئۆگەنسەك»، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەپ، ئەرلەرگە ئۆگەتكەندەك ئىسلام تەلىملىرىدىن دەرس بەرگەن.

ئىمام بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «بىر كىشىنىڭ دېدەكى بولسا، ئۇنى ئوبدان ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ ئاندىن قۇللۇقتىن ئازاد قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ». ھەدىسشۇناسلار ئېيتىدۇكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىككى ھەسسە ئەجىرنىڭ بىرى، دېدەكنى ئوقۇتۇپ نادانلىقتىن ئازاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ جىسمىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاياللار ئىلىم ئۆگىنىشكە

تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىدىن ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلە ئۈستىدە سورايتتى. ھەتتا بەزى ئاياللار توي قىلغاندا ئېرى بېرىشكە تېگىشلىك مەھىر ئۈچۈن ئۆزىگە دىنىي ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنسان، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى باغۋىنى. شۇنداق بولغاچقا ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئۆگىنىشىنى ھوقۇق دائىرىسىدىن مەجبۇرىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلىگەن. بۇ خىل مەجبۇرىيەت ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىغا بولغان تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە ۋە بەنى ئۇمەييە، بەنى ئابباسىيە دەۋرلىرىدە ئىلىم-پەن دەرۋازىسى ئاياللارغا كەڭرى ئېچىۋېتىلگەن. شۇڭا ئىسلام تارىخى بەتلىرىگە تىل، ئەدەبىيات، لوگىكا، تەفسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە ھەر قايسى پەن ساھەلىرىدىكى مىڭلىغان ئايال ئالىمەلەرنىڭ ئۆلمەس نامى ۋە تۆھپىلىرى پۈتۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىمە ئىدى. ئەڭ كۆپ ھەدىس بايان قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ھەدىس رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زاماندىش بولۇپ، ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەمسۆھبەت بولۇشقا مۇۋەپپەق بولغان كىشىلەر) بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورايتتى، تەلىم ئالاتتى. مەشھۇر تارىخچى قازى ئىبنى خۇلكان ئۆزىنىڭ **«وفيات الأعيان وانباء ابناء الزمان** (مەشھۇر زاتلار ۋە زامان ئۇچۇرلىرى تارىخى)» ناملىق كىتابىدا نۇرغۇن ئايال ئالىمەلەر ئۈچۈن سەھىپە ئاجراتقان. ھەزرىتى



ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ نەسلىدىن بولغان نەفىسە ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلغان يېتىشكەن ئۆلىما ئىدى. نەفىسە ھىجرىيە 145-يىلى مەككىدە تۇغۇلغان. 208-يىلى مىسىردا ۋاپات بولغان. نەفىسە خانىمنىڭ ھۇزۇرى تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ئىلىم تەلەپكارلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. دىنىي ئىلىملەردە فەقىھلىق دەرىجىسىگە يېتىپ، سۈننى مەزھىپىنىڭ تۆت ئاساسلىق تارمىقىنىڭ بىرىگە ئاساس سالغۇچى بۈيۈك ئالىم ئىمام شافىئي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىمۇ نەفىسە خانىمنىڭ شاگىرتى ئىدى. مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەييان ئۆزىنىڭ ئىلىم ھاياتىنى ئەسلىگەندە، ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىشىگە ھەسسە قوشقان ئۇستازلىرى قاتارىدا ئۈچ ئايال ئۇستازىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ قىزى مۇنىسە ئەييۇبىيە، شامىيە تەيمىيە ۋە داڭلىق تارىخچى، تىۋىپ **«الإفادة والاعتبار»** (پايدا ۋە ئىبتىبار) كىتابىنىڭ ئاپتورى ئابدۇللەتىفنىڭ قىزى زەينەب. ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئايال، ھۆر-قۇل دەپ ئايرىماستىن ئىنسانىي سۈپەت بىلەن ھەممىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش روھى ئاياللارغا كەڭرى ئىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئەزەلدىن ئايىغى تەگمىگەن ئىلىم قەسرىگە باشلاپ كىرگەنىدى.

ھالبۇكى، شۇ پەيتتە دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدە باشقىچە خاھىش دەۋر سۈرۈۋاتاتتى. دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى سانالغان يۇنان قانۇنىدا تەلىم-تەربىيە ئېلىش پەقەت ئەرلەرگىلا خاس ھوقۇق بولۇپ، ئاياللار ۋە قۇللار بۇنداق ئىمتىيازدىن مەھرۇم ئىدى. لوگىكا ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، تۇنجى ئۇستاز ئاتالغان پەيلاسوپ ئارىستوتىل «سىياسەت» ناملىق كىتابىدا ئۆز دەۋرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «تەبىئەت ئاياللارغا ھېچقانداق ئەقلىي ئىقتىدار ئاتا قىلمىغان، شۇڭا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، بالا تۇغۇش ۋە بېقىشنى ئۆگىنىش ئاياللار تەربىيىسى ئۈچۈن كۇپايە». سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، يېڭىچە گۈللىنىش ۋە

تەرەققىيات بىلەن مەدەنىيەت سەركەردىسى سانالغان ياۋروپادا، ھەتتا 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئاياللارنىڭ ئىلىم ئىگىلەش، تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى ئىنكار قىلىناتتى. 17- ئەسىرنىڭ يېرىمىدا ئۆتكەن فرانسىيىلىك شائىر مولېر «بىلىمنى كۆز-كۆز قىلغۇچى خوتۇنلار» ناملىق كومېدىيىدە بۇ خىل كۆز قاراشنى بىر ئايال پېرسوناژنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلىگەن: «پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئاياللار ئۈچۈن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق، ئاياللارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، بالىلارنى تەربىيىلەش ۋە ئېرىنى كۈتۈش». ھەتتا ئاياللارنىڭ تەلىم-تەربىيە ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىش خاھىشى شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەركىن، ئىجتىمائىي كۆز قاراش دەرىجىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن-تۈزۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. پىروسسىيىنىڭ 19- ئەسىردىكى پادىشاھى بىسمارك گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ ھاياتىدا قىلىدىغان ئۈچ خىل ئىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ، بۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئۇ بولسىمۇ ئاياللارنىڭ بالا تەربىيىلەش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، دىنىي ئىبادەت ئۈچۈن چىركاۋغا بېرىش. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ بېشى نېمىس تىلىدا «ك» ھەرپى بىلەن باشلانغاچقا، گېرمانلار ئاياللارنىڭ بۇ ئۈچ ۋەزىپىسىنى «ئۈچ ك» دەپ ئاتىغان.

«ئاياللار قانچە نادان بولسا شۇنچە ئەخلاقلىق بولىدۇ» دەيدىغان بۇنداق قېئودallıق كۆزقاراش ۋە شۇ ئاساستىكى رىئاللىققا ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا رەددىيە بەرگەن ۋە ئاياللار مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئىنسان سۈپىتىدە تەلىم-تەربىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىلغار جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسىنى سىزىپ بەرگەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، گاھىدا رىئاللىقنىڭ بۇيۇك ۋە مۇكەممەل نەزەرىيىلەرگە ئەينەك بولالماسلىقى نەزەرىيىنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنى تولۇق ۋە ئەسلىي مەنىسىدە ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن ئىنسانلارنىڭ خاتالىقى.



6. نىكاھ ــ ئادەمىزات ئەۋلادىنىڭ داۋاملىشىشىنى تەمىن ئەتكۈچى زۆرۈرىيەتتۇر. ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئەقلىگە مۇۋاپىقلاشقان دىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا ئەقىدە-ئىبادەتلا ئەمەس، ئىنساننىڭ روھىيىتى تەتقىق قىلىنىدۇ. ئىنسان روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارغا رىتىسىپ يېزىلىدۇ. ئىنساننى مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھايات يولىنىڭ خەرىتىسى سىزىپ بېرىلىدۇ». «قۇرئان كەرىم»دە مۇقەددەس زۆرۈرىيەت ۋە ئالىي نېئمەت ئاتالغان نىكاھ شەرىئەتتە ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ۋاقىتلىق نىكاھ، مەھرىسىز قايچا قۇدا بولۇشماق، توپلىشىپ نىكاھلىنىشتەك ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان نىكاھ شەكىللىرىنى بىكار قىلدى. ئەر-ئايال ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەر بولغان، مېھىر-مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ساغلام نىكاھ تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش نىكاھ تۈزۈمىدە ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقى ۋە تويدىن كېيىنكى ھوقۇقلىرى قوغدىلىپلا قالماي، يەنە ئاجراشقان ۋە ئېرى ۋاپات بولغان ھالدىكى ھوقۇقلىرىمۇ بەلگىلەندى ۋە قوغدالدى. ئىسلام دىنى نىكاھنىڭ ئىنسان ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، مەيلى بويىغا يەتكەن قىزلار، تۇل ئاياللار بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللاش ھوقۇقى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئايالنىڭ ئەقلىگە قارىغاندا كۆپرەك ھېسسىياتقا مايىل بولۇش، ئىجتىمائىي ئالاقە تەجرىبىسى كەمچىل بولۇشتەك تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىكاھ ئىشىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، مەسلىھەت بېرىش ۋە نىكاھ ئىشىغا ئىگە بولۇشتەك شەرتلىك ۋە چەكلىك ھوقۇقىنىمۇ بەلگىلىدى. لېكىن شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئايالنىڭ ئىختىيارى ۋە

رازىلىقى نىكاھ ۋۇجۇدقا چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بايلىق، مەنسەپ، شان-شۆھرەتنى قوغلىشىپ ئايالنى خالىمىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشتەك ناچار قىلمىشلار ئىسلام دىنىدا قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. يەنە ئايالنىڭ بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قازىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، قازىنىڭ ئايالنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن، ئايال رازىلىق بەرگەن نىكاھنى ئوقۇپ قويۇشتەك ھەل قىلىش چارىسىمۇ بېكىتىلدى. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ... ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار﴾ (سۈرە نىسا 19- ئايەت).

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر ياش ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۇنى ئۆز رازىلىقىسىز، بايلىقنى كۆزلەپ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللار ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىنى بەلگىلەشكە ئۆزىگە ھامىي بولغۇچىدىنمۇ بەكرەك ھوقۇقلۇقتۇر» دېگەن. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئۆزلىرىنىڭ سەھىھ كىتابلىرىدىكى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەيلى بويىغا يەتكەن قىز ياكى ئىلگىرى توي قىلغان ئايال بولسۇن، ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز ئىراۋغا ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ياتلىق بولمىغان قىزنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ئۇنىڭ رازى بولغىنىدۇر».

ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى قەييىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام شەرىئىتىدىن خەۋىرى بارلىكى كىشىگە مەلۇمكى، بويىغا يەتكەن، ئەقلى توشقان قىزنىڭ شەخسىي مال-مۈلكىدىن دادىسى قىزنىڭ رازىلىقىسىز بىر تىيىنىمۇ خەجلىيەلمەيدۇ. شۇنداقلا قىزنى



مال-مۈلكىدىن بىرىشكە مەجبۇرلىيالمايدۇ. شۇنداق تۇرسا، دادىنىڭ قانداقمۇ شۇ مال-مۈلۈك ئىگىسى بولغان قىزنى ئۆز رازىلىقىسىز بىرسىگە ياتلىق قىلىپ، ئۆيىدىن چىقىرىش ھوقۇقى بولسۇن؟ چۈنكى قىزنىڭ رازىلىقىسىز مال-مۈلكىنى خەجلىۋېلىش ئايالنى ئۆزى خالىمىغان بىرسىگە نىكاھلاپ قويۇشتىن ئەلۋەتتە ئاسان ۋە يەڭگىلرەكتۇر». مەھىر، نەپىقە ۋە مۇتئە ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئاتا قىلغان ئىقتىسادىي ئىمتىيازلاردۇر. ئىسلام دىنى نىكاھتىن ئىلگىرى ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش، قەدىرلەش يۈزىسىدىن ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا مەھىر (تويلۇق مال-مۈلۈك) بېرىشنى بەلگىلىگەن. «قۇرئان كەرىم»دە مەھىر ئايالنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەققى بولۇپ، بېرىلگەن مەھىر كۆپ بولسىمۇ نىكاھتىن ئاجراشقاندا قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھىر قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار، ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆز ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾ (سۈرە نىسا 20-، 21- ئايەتلەر).

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، قەدىر-قىممىتىنى قوغداشنىڭ يۈكسەك پەللىسى شۇكى، ئەگەر ئەر-ئايال بىللە بولۇشتىن ئىلگىرى مەھىر مىقدارى بېكىتىلىپ بولغان ئەھۋالدا ئەر يېنىۋالسا، ئايالنىڭ ئازار يېگەن كۆڭلىگە تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن، تەيىنلىگەن مەھىرنىڭ يېرىمىنى ئايالغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. مەھىر تەيىنلەنمىگەن ئەھۋالدا تالاق قىلسا، ئىقتىسادىي ئەھۋالغا يارىشا ئايالغا مۇتئە (مال-مۈلۈك) بېرىشنى تەكىتلىگەن. تويدىن ئىلگىرى قىزنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى، نىكاھتىن كېيىن ئايال ھەم

باللارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، قوشۇمچە ئېھتىياجلىرىنى ئەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى (نەپىقە) قىلىپ بېكىتكەن. ناۋادا ئەر مائاشلىق ئاددىي خىزمەتچى بولۇپ، ئايال مىراس ياكى خىزمەت يولى ئارقىلىق كەلگەن زور بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ ئايالنىڭ خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان شەخسىي مال-مۈلكى بولۇپ، مال-مۈلكىدىن ئۆي ياكى باللار ئۈچۈن بىر پۇڭ خەجلەشكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئىسلام دىنى ئەرنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئەنە شۇنداق زور ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقى، دەل شۇ سەۋەبتىن ھەر قېتىملىق نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا مەنىۋى جەھەتتىنلا ئەمەس، ماددىي جەھەتتىنمۇ زور چىقىم تۆلىگەچكە، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغانلىقى ۋە ھېسسىياتنى ئەمەس، ئەقىلنى ئۆلچەم قىلىدىغان خاراكتېردەك ئىنسانلار بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەر سەۋەبىدىن تالاق قىلىشنى ئەرنىڭ ئىلكىدە قىلغان، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئايالنىڭ ئالدىدىكى يول ئېتىلىپ قالغىنى يوق، ئېرىنىڭ ۋاپاتى ياكى تالاق سەۋەبى بىلەن بۇزۇلغان نىكاھتىن كېيىن ئايالنى ياشاش ھوقۇقىدىن، قايتا ياتلىق بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ھىندىستان، رىم قانۇنلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام شەرىئىتى خەلئى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايالغا خالىمىغان نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە قايتا تۇرمۇش قۇرۇش ئەركىنلىكىنى بەردى. بەلكى ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللارغىمۇ بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلارنى بېكىتتى. ئۇ بولسىمۇ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددىتى توشقۇچە ئەرنىڭ نەپىقە بېرىشى (تۇرالغۇ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك خىراجىتى)، ئەگەر ھامىلىدار بولسا، ئەرنىڭ تاكى ئايال بوشانغۇچە ئۇنى بېقىشى، ئەگەر ئېمىتىۋاتقان باللىرى بولسا، ئەر مۇۋاپىق ئېمىتىش ھەققى بېرىشنى بەلگىلىدى.



ئىسلام دىنىدا ئايال مەيلى نىكاھتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئادەم سانالغاچقا، ئېرى ھەر قانچە كاتتا شەخس بولسىمۇ، ھەر قاچان ئۆز نەسەبىنىڭ بەلگىسى بولغان دادىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ غەرب جەمئىيىتىدىكى ئايالنىڭ نىكاھتىن كېيىن ئۆز شەخسىيىتى ۋە نەسەبىنىڭ بەلگىسى بولغان فامىلىسىنى تاشلاپ، ئۆمۈر بويى ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش ئادىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما.

ئىسلام دىنى نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئەر-ئايالنىڭ خۇددى كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىپ ياشايدىغان يېقىنلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئەر-خوتۇننىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلىگەن. ئەرنىڭ ئايالغا گۈزەل سۆز، خۇش مۇئامىلىدە بولۇشى، ئايالنى بارلىق زىيان-زەخمەتلەردىن ساقلاپ، سەۋرچان، مېھرىبان بولۇشى ئەرنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئەرنى ئۆز ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشقا ئۈندەپ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ (سۈرە نىسا 19- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئەر-ئايال بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشنىڭ ئېسىل ئۈلگىسىنى ياراتقان ۋە بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگۈچى خېلى كۆپ ھەدىسلەرنى قالدۇرغان. ئىمام تىرمىزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىتابىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئايالى-بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭلاردۇر، مەن ئۆز ئەھلى ئايالىمغا خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن**». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇنى ئىمان بىلەن باغلاپ مۇنداق دېگەن:

«مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىلراقى ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا خۇشخۇي ۋە مېھرىبانراقىدۇر».

ھىجرىيىنىڭ 10- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قېتىملىق ھەجدە ئەرافاتقا چىقتى ۋە بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە شاخچىلىرى بايان قىلىنغان ۋىدالىشىش نۇتقىنى سۆزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىلغان ئاخىرقى ۋەسىيىتى ھېسابلىنىدىغان بۇ مەشھۇر نۇتقىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە ئىزگۈلۈكلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى: «ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنى نىكاھ ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار، ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدىكى ۋەسىيەتلەرنى قوبۇل قىلىڭلار». ئامېرىكىلىق ئالىم ۋېلىك مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئاجىز، موھتاج، يېتىم ۋە كەمبەغەل غېرىبلارنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى رەھمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، جىمى دىنلار ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە ئاياللار قىلچە ھوقۇقسىز كەمسىتىلىۋاتقان ھالەتتە، مۇھەممەد ئايال جىنسى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رەھىم-شەپقەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئىدى».

7. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ۋە باشقا ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇشنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر. مىلادىيە 7- ئەسىردىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ئەرلەر، يەنە كېلىپ چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭ ئوغۇللار مىراسخورلۇق ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب پەقەت ئەرلەرلا ئۆز قەبىلىسى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلالايدۇ، مال-مۈلۈك ئولجا ئالالايدۇ، يەنە بۇ مال-مۈلۈكلەرنى داۋاملىق ئۆز قەبىلىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ساقلىيالايدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاياللارغا مىراسخورلۇق ھوقۇقى ئاتا قىلدى. ئاللاھنىڭ نامى ۋە بېكىتىشى بىلەن ئاياللارنىڭ



ئاتا-ئانىلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى قالدۇرغان مىراستا ھەققى بارلىقىنى جاكارلاپ، ئاياللارنى شەخسىي مال-مۈلۈككە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا ئاياللارنىڭ شەخسىي مال-مۈلۈكلىرىنىڭ دەخلىسىزلىكى، دادىسىنىڭ، ئاكا-ئۇكا، ئېرىنىڭمۇ ئايالنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ مال-مۈلۈكتىن بىر تىيىن ئالالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىلادىيە 7- ئەسىردە ئېيتىلغان «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ بىر ئۈلۈشى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ئۈلۈشى بار، مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللاھنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ئۈلۈشىنى ئالىدۇ﴾ (سۈرە نىسا 7- ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى پرىنسىپلار ئاياللارنىڭ ئۆزى ئەرلەر ۋارىسلىق قىلىدىغان شەخسىي مۈلۈك ھېسابلىنىۋاتقان شارائىتتا ئاياللار ھوقۇقىنىڭ ئالىي خىتابىنى ياڭراتقانىدى. ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش مال-مۈلۈك باشقۇرۇش، تىجارەت، ئىجارە، قەرز، رەنە قويۇش، بەخشەندە قىلىش، كېپىللىك قىلىش، ۋەسىيەت قىلىش، توختامنامە تۈزۈش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەنىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەھىر، نەپىقە، مۇتئەمۇ ئاياللارنىڭ نىكاھتىكى ۋە نىكاھتىن ئاجراشقان ھالدىكى ئىقتىسادىي ھوقۇقىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر.

ئىسلام دىنى يېتىم قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېتىم-يېسىرلارنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتەك ناچار قىلمىشلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق قىلغان كىشىلەرگە: ﴿شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾ (سۈرە نىسا 10- ئايەت) دېيىش ئارقىلىق لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئىسلام دىنى ئەر-ئايالنىڭ يارىلىشتا، ئىنسانىي قىممەت، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە، ئەمەللىرىگە بېرىلىدىغان ساۋاب-جازادا تەڭ باراۋەرلىكىنى جاكارلىدى. شۇنداقلا ئاخىرەتكىلا ئەمەس، ئەقلىگە، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك ئىنچىكە پەرقلەرنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىپ، بەزىبىر تەرەپلەردە پەرقلىق بولۇشنى تەكىتلىدى. ئاياللارغا خاس بولغان ئالاھىدە ھوقۇق، ئەھكام، ئىش تەقسىماتى ۋە مەسئۇلىيەتنى بېكىتكەندەك، ئەرلىك تەبىئەتكە مۇناسىپ ئايرىم ئەھكام، ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىدى. ئىسلام دىنى ئەر-ئايالنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۆھپىسىنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدا، ئەر ۋە ئايالنىڭ ھايات سەھنىسىدە ئۆزىگە خاس ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان خاس رولىنى تەكىتلىدى. ئەر ھەر قانچە قىلسىمۇ ئايال جىنسىنىڭ ھامىلىدار بولۇش، تۇغۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغىنىدەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىگە ماس ۋەزىپە-مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەرلەرگە پەرز قىلىنغان جامائەت نامىزى، جىھادنىڭ (جەڭگە چىقىشنىڭ) ئاياللارغا پەرز قىلىنمىغانلىقى، ھەيز ۋە تۇغۇت مەزگىلىدىكى پەرز نامازلارنىڭ ئايالدىن ساقىت قىلىنغانلىقى، ھېچقانداق ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان ئايالنىڭ نەپىقە، مەھرى، مۇتئەدىن بەھرىمەن بولۇشىدەك نۇرغۇن ئىمتىيازلار دەل شۇ ئاياللارغىلا خاس قىلىنغان ھوقۇقلار جۈملىسىدىندۇر. ئىسلام دىنى ئاياللار ئازادلىقى شوئارى ئاستىدا ئاياللىق تەبىئىتىدىن، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ ئوخشىماي قالغان ئاياللار تراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبچىسى دەل ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا ئىسلام دىنىدىكى ئەر-ئاياللار



باراۋەرلىكى قارىغۇلارچە، مۇتلەق باراۋەرلىك بولماستىن، بەلكى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك پەرقلەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدىكى باراۋەرلىكتۇر. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بەزىلەر كۆتۈرۈپ چىققان ئايالنىڭ مىراس مىقدارى، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ۋە ئەرلەرنىڭ مۇئەييەن شارائىت ۋە شەرت ئاستىدا كۆپ خوتۇنلۇق (بىردىن تۆتكىچە) بولۇشقا رۇخسەت قىلىش مەسىلىلىرىگە يۇقىرىقى پرىنسىپ ئاساسىدا جاۋاب بەردى. ئۇلار سۈرە نىسادىكى ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر﴾ (34- ئايەت) دېگەن ئايىتىدىكى ھامىيلىق ئەرلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە ۋە ئاياللارنىڭ نەپىقىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكىگە قارىتىلغان، شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەرلەرگە خاس قىلىنغان ھامىيلىق ۋە دەرىجە پەقەت مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بولۇپ، شان-شەرەپ ۋە ئۈستۈنلۈك ئەمەس، دەپ شەرھلىدى.

مەجبۇرىيەتسىز ھوقۇق بولمىغىنىدەك، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قانۇنىي، ئىقتىسادىي، نىكاھ، ئىجتىمائىي، تەلىم-تەربىيە ھوقۇقلىرى بىلەن يانداش مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ بېكىتتى. بۇ ئەر-ئايالغا ئورتاق بولغان دىنىي ئەھكام، ئەخلاق-پەزىلەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، «ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش»تەك ئومۇمىي بولغان مەجبۇرىيەتلەر بىلەن بىرگە، ئاياللارغا خاس بولغان بىر بۆلۈك مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، بالا تۇغۇش، ئېمىتىش ۋە تەربىيىلەش، سىرتلارغا ھىجاب بىلەن چىقىش، مۇناسىپ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك خاس مەجبۇرىيەتلەر ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، نام-

شەرىپىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئايالنىڭ ئاياللىق تەبىئىتى ۋە ئىنسانىي خاراكتېرىغا ھۆرمەت قىلىش، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بەلگىلەش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى توغرا ۋە تەڭپۇڭ يۆنىلىشكە باشلاش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار مەسىلىسىدىكى پرىنسىپى، ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى بۈيۈك پەللىسى ئىدى. بۇ بۈيۈك پەللىنىڭ مەنزىللىرىدە ئايال ئۆز ئۆيىگە ئىپار چاچىدىغان ئەتىۋارلىق گۈل، ئېرى قولىدا يامان مەقسەت، يامان كۆزلەردىن ياخشى ساقلانغان گۆھەر، بالىلىرىنى ئېتىقاد ۋە ساغلام تەربىيە بىلەن سۇغارغۇچى مېھىر-مۇھەببەت بۇلىقى ئىدى.

مىلادىيە 7- ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ياڭرىغان ئەزان ئاۋازىدىن كېيىن، دۇنيا تولىمۇ كېچىكىپ، يەنى 20- ئەسىردە تۇنجى قېتىم ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەرغىب قىلغۇچى ئاياللار ھوقۇقى دېگەن يېڭىچە ئاتالغۇنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى ئاڭلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ دېموكراتچىل دۆلەت سانالغان ئەنگلىيە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەر-ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى قانۇنىي ھالدا تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلدى. 18- ئەسىردە ئۆز مۇستەقىللىقىنى دۇنياغا جاكارلاپ، كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنى بازارغا سالغان ئامېرىكا قوشما شتاتى 1920- يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن سىياسىي ھوقۇق جەھەتتە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى قانۇندا ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا فرانسىيەمۇ بۇ ئېقىمغا ئاۋاز قوشتى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1948- يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئېلان قىلغان «ئىنسان ھوقۇقلىرى خىتابنامىسى»نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، جۈملىدىن ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە جاۋاب بېرىپ بولغان بۇ مەسىلە ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، تەبىئىي بايلىقلاردەك دۇنياۋىي تېمىغا ئايلاندى.

# ئايالنىڭ ۋاقتى

بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بىر پەيلاسوپ: «ئەگەر ئاياللار تۈزەلسە، جەمئىيەت تۈزىلىدۇ، ئىنسانىيەت گۈللىنىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن. دەرھەقىقەت، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچى ئاياللار ئۆز-ئۆزىگە خوجا، مىللەتنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكىنى يارىتالايدىغان، ئېتىقادلىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرەلەيدۇ. بىز ئىنسانىيەت تارىخىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان تالاي بۈيۈك ئىمپېرىيە، قۇدرەتلىك خاندانلىقلارنىڭ پاجىئە سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە چىرىگەن ئاياللار ھالاكىتى دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ھەر ۋاقىت ئۆز يىلتىزىدىن ئوزۇق ئېلىپ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە ئويلانمىغان ئادەمنىڭ تىككەن كۆچەتلىرىگىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بەرىكەتسىزلىك ۋە يوقىلىش ئاقىۋىتى پۈتۈلگەن بولىدۇ.

مەن قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەتكە، شانۇشەۋكەتلىك سەلتەنەتلەرگە ئىگە بولغان خەلقىمنىڭ ئازاب ۋە ئۈمىد، كۆز ياش ۋە خۇشاللىق بىلەن تولغان ئۆتمۈشىنى ۋاراقلاپ باقتىم. رېئاللىققا قويغان تالاي ئېغىر سوئاللىرىمنىڭ بىرى گۈزەل ۋە ئەقىللىق ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قويۇلغان سوئال ئىدى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان سانسىزلىغان گۈزەل ئوبرازلارنىڭ پروتوتىپى دەل رېئاللىقتىكى غايىلىك ۋە شىجائەتلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىدۇر. ئانا زېمىنىنى قوغداش يولىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان باتۇر تۇمارىس، ئەركىنلىك، پاكلىق ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن

قەھرىمان نۇزۇگۇم، گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن ئەركىنلىكنى كۈيلەپ، تارىخ بېتىگە ئۆچمەس نامى يېزىلغان زىبۇننىسا خېنىم، قاراڭغۇ يىللارنىڭ جاھالەت پەردىلىرىنى يىرتىپ، مەدەنىيەت-مائارىپ نۇرلىرىنى تاراتقان راھىلە خانىمنىڭ ئەقىل-پاراسەت، غەيرەت-شىجائىتىنىڭ ئىرسىي گېنلىرىنى بىز بۈگۈن شۇلارنىڭ قىزى بولمىش ئاياللاردىن ئىزدەپ تاپالايمىز. ئەپسۇس، خۇددى قۇرۇپ كېتىۋاتقان تارىم ۋادىسىغا ئوخشاش، بۇ جۇلالىق روھنى توپا باسقان. ئۇ خۇددى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن تۇرپان كارىزلىرىدەك ئۇنتۇلغان.

فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى بىز تالاي ئاڭلاپ كىتابلارغا پۈتتۇق. ئەمما، بۇنى چىن مەنىسى بىلەن ئۆزلەشتۇرۇپ، ئىجابىي نەتىجىسى ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ ئىزنالىرى رېئاللىقىمىزدا بارمۇ؟ بۇ رىقابەت ئەسرىدە مەۋجۇت بولۇشىمىز ۋە داۋاملىشىشىمىزنىڭ بىر ئۇچى بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئاياللار ئىكەنلىكىنى قانچىمىز تونۇپ يەتتۇق؟ ۋاقىت ئەقىللىقراق، ياخشىراق، تولۇقراق ۋە مۇكەممەلرەك بولۇپ يېتىشىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ئىنئام قىلىنغان قىممەتلىك سوۋغا. ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئىنسانىي ئەزىز خوجايىنغا ئايلاندۇرىدىغىنى؛ جاھالەت-نادانلىقنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغىنى تارىخىي قىسمەت بىزگە ئاتا قىلغان ھەقىقەتتۇر. ئۇيغۇر نەسلىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلىغۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى ئاياللارنىڭ كۆچلۈك ۋاقىت تۇيغۇسى، ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن تاكامۇللاشتۇرۇشى جىددىي زۆرۈرىيەت ۋە باش ئارتىپ بولماس تارىخىي بۇرچىدۇر. مىسىرلىق ئالىمە خەۋلە دەرۋىش «ئاياللارنىڭ باردى-كەلدىسى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام تىرمىزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىتابىدىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹بەندە قىيامەت كۈنى ئۆمرىنى (ۋاقتىنى) قايسى ئىشلارغا سەرپ قىلغىنى، ئىلمىنى نېمىگە ئىشلەتكىنى، مال-مۈلكىنى قايسى يول بىلەن تاپقانلىقى ۋە نېمىلەرگە سەرپ قىلغىنى، ئەجلى



يەتكۈچە قانداق ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت نەرسە ئۈستىدە سورىلىدۇ›. شۇنداق، كىمكى ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلارغا زايا قىلىۋېتىدىكەن، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ تولۇقلانماس بىر بۆلىكىنى زايا قىلغان بولىدۇ. ئايالنىڭ ۋاقتى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق دېيىلسە، ئايال ئۆز ئېرى ۋە باللىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى، جەمئىيەت ۋە مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى قاچان ئادا قىلىدۇ؟» دەرۋەقە، ۋاقىت ھەر بىر ئادەمنىڭ خالىغانچە ئىشلىتىدىغان ھېسابى، سورىقى يوق شەخسىي مۈلكى ئەمەس، جۈملىدىن ئايالنىڭمۇ شۇنداق. ئايالنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنى ئۆزى ئەتىۋارلىغان، كۆزىگە قارىغان باللىرىنى ئاتا-ئانىنىڭ ھامىيلىقىدا ئەمەس، ھېچكىمنىڭ خەيرىخاھلىقى بولمىغان كەلگۈسىدە نېمىنى پۈتۈن تېپىپ يېيەلەيدىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا؛ يارامىلىق ئىزباسار قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈندۇر. ئايالنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنى بىلىم ۋە قابىلىيەت بىلەن مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يارىتىش، ئېرىغا ھەمنەپەس بولۇپ، ئائىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، رېئاللىق مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن باشقىچە ئىدى. ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان قىز-ئاياللارنىڭ نادانلىق ئاسارىتىدە قېلىشىنىڭ سەۋەبىنىغۇ يوقسىزلىق، نامراتلىق تۈپەيلى دېسەك، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە تەلەيلىك قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ تارىخىي بۇرچىنى، باللىرىنى، ئەرلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئويناۋاتقان تېتىقسىز قاتار چاي، تۆگىمەس ئولتۇرۇشلىرىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمىز؟

مەشھۇر ئەرەب شائىرى ئەھمەد شەۋقىي (1868 — 1932) ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى تەربىيىلەپ، يارامىلىق ئادەم قىلىش مەجبۇرىيىتى ھەققىدە مۇنداق ھېكمەتلىك مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان:

يېتىم ئەمەس تۆگەپ ئاتا-ئانىسى،
خار ۋە زەبۇن ئېغىر كۈندە قالغۇچى.
ئانىسى پەرۋاسىز، ئاتا ئالدىراش،
دەل شۇدۇر يېتىمەك دەپ ئاتالغۇچى.

شۇنداق، بۇ رەڭدار دۇنياغا تاشلاپ قويۇلغان بالىسىنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقى، نىمە ئۆگىنىۋاتقانلىقى، كىملەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق، كىملەرنىڭدۇر ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئەڭ يېڭى مودا، ئالتۇن زىبۇ-زىننەتتىن باشقا ئەھمىيەتلىك بىرەر سۆھبەت تېمىسىمۇ يوق چاي، ئولتۇرۇشلارغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن ئانىنىڭ تىرىكلىكىنىڭ بەلگىسى نىمە؟ مۇنداق ئانىغا بالا بولغۇچىنىڭ رىزقىنى خۇدايىم بېرىۋاتقان، ئەمما كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئەجىر سىڭدۈرىدىغان ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىمدىن نىمە پەرقى؟ ئادەمزاتنىڭ ئادىمىيلىكى ئۇنىڭ ئۇچار قۇشلاردىن يىرتقۇچلارغىچە پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئاتا-ئانا بولغۇچىغا ئورتاق بالا تۇغۇش، ئۇنى ئاچ-يالىڭاچلىقتىن ساقلاش، ھىمايىسىگە ئېلىشتا ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ داۋامى بولغان بالىلىرىنى جاپالىق ئەجىر، تەربىيە بىلەن كەلگۈسىدىكى ئانا زېمىننىڭ گۈللەندۈرگۈچى خوجىلىرىغا ئايلاندۇرۇشتا. ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇنىڭدا ياخشى-يامان، گۈزەللىك-رەزىللىكنى تەبىئىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئەمما، رېئاللىقنىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇچى رەڭگارەڭ چىراغلىرى ئاستىدا پەقەت توغرا ئائىلە تەربىيىسىلا بالىدىكى بۇ تەبىئىي ئىقتىدارنىڭ خىرەلىشىپ قالماستىن، تېخىمۇ جۇلالىنىشىغا ئاساس سالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئانا ئايالىق خاراكتېرىدىكى ئەۋرىشىملىك، يۇمشاقلىق، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن بالا تەربىيىسىدىكى زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت توغرا پەرۋىش قىلىنغان مايسىنى تېخىمۇ كۆكلىتەلەيدۇكى، باغۋەننىڭ ئەجىرسىز قىڭغىر ئۆسكەن كۆچەتنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەنمۇ مېۋىگە كىرگۈزەلمەيدۇ. ئامېرىكىلىق دوكتۇر كاسىس كارل «ناتونۇش ئىنسان» دېگەن كىتابىدا قاتتىق ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «زامانىۋى جەمئىيەت مەكتەپ تەربىيىسىنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئورنىغا تولۇق دەسسىتىشتەك زور بىر خاتالىق



ئۆتكۈزدى. ئانىلار بالىلىرىنى يەسلىگە، مەكتەپكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆز ۋاقتىنى خىزمەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ھازىرقى زاماندىكى ئائىلە بىرلىكى ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ يوقىلىشىدا ئۇلارنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بار. بالا ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ يىلتىز مۇھىتىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. بالىنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە خاراكتېر پسىخىكىسى ئائىلىدە تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ ۋە تۇراقلىشىدۇ. ھالبۇكى، بالىلارنىڭ ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئۆگىنىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، شۇڭا ئاياللار ساپاسى ئاياللارنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم زۆرۈرىيەت. ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭكىدىن زور».

چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەت چاقناپ تۇرغان شېئىرلىرى بىلەن قەلبلەردىن ئورۇن ئالغان ئەرەب شائىرى ھافىز ئىبراھىم بالا تەربىيىسىدىن ئاۋۋال ئايالنى ئەتراپلىق تەربىيىلەش زۆرۈرىيىتى ۋە ئانىلارنىڭ رولىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئانا بىر ئۇلۇغ مەكتەپ، ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن، يېتىلگەن ئانىنى بارلىققا كەلتۈرگىنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مىللەتنى بارلىققا كەلتۈرگىنىڭ. ئانا گويا بىر باغچە، ئەگەر ئۇنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ سۇغارساڭ، ئۇنىڭ ياپراقلىرىنىڭ سايىسى نە-نەلەرگە يېتىدۇ. ئانا ئۇستازلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇنىڭ ئىزلىرىنى سەن ھەتتا ئۇپۇقتىنمۇ كۆرەلەيسەن».

شۇنداق، مەن كۆرۈۋاتقان ئاياللار ھايات چەمبىرىكىدىكى ئۇپا-ئەڭلىك، كىيىمگە بولغان شەيدالىقنىڭ ئورنىنى ئىلىم، كىتابقا بولغان ھېرىسمەنلىك، توي-تۆكۈن، چاي-ئولتۇرۇشلارغا بولغان خۇمارنىڭ ئورنىنى يۈرەك پارىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن تەر تۆكۈش ئىگىلىگەن، غايىسىز ۋە پەخىرسىز ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ئەمەس، دوكتۇر، ئالىملەرنى يېتىشتۈرۈش بولسىدى، خەلقىمىز يېڭى ئەسىرنىڭ غۇۋالىقلىرىدىن ئۈمىدلىك كەلگۈسىنى كۆرگەن بولاتتى. ھازىرقى زامان تۈركىي خەلقلەر

ھاياتىدىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ سەركىسى بولغان تاتار مىللىتى مۇتەپەككۇرلىرىدىن زىرائىددىن ئىبنى فەخرىددىن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ھەسرەتكە چۆمۈپ مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «نېمىشقا بىز ياشاۋاتقان ئۇشبۇ كۈنلەردە فارابى، ئىبنى سىنا، مۇھەممەد ئىسمائىل بۇخارى، ئىبنى خەلدۇن، ئەبۇ ھەنىفە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، سىبەۋەي، ئىبنى رۇشىد كەبى بۈيۈك زاتلار چىقمايدۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ زامان شۇنداق زاتلارنى يېتىشتۈرۈشكە مۇسائىد (ياردەمچى) ئىدى، بىزنىڭ زامانىمىز بۇنداق ئەمەس، دېيىش توغرا جاۋاب بولالمايدۇ. زامان ئۆزگەرگىنى يوق، ئادەملەر بولسا بارغانسېرى مەدەنىيەت، تەرەققىياتنىڭ پايدىسىنى تونۇپ شۇنىڭغا يۈزلەنمەكتە. ئىسلام دۇنياسىدا ئۇ زامانلاردا بۈيۈك زاتلار يېتىشىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى بالىلىرىنى بۈيۈك ئادەم سۈرىتىدە تەربىيىلەيدىغان مەرىپەتلىك ئانىلار بولغانلىقىدا. ئەمما، زامانىمىزدا ئۇنداق ئانىلار تۈگەپ كەتتى. ئەگەر بۇ دەۋردە ھەم شۇنداق ئانىلار بولسىدى، چوڭقۇر پىكىرلىك، ئالىي ھىممەتلىك، گۈزەل خۇلقلۇق ئالىملار، ئىنسانلىق ئالىمى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى مۇجەددىد ۋە مۇختەرىئلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى. ئېھتىمالكى، ئاش، سۇ، ئۈنچە-مارجان، قوناق، قالپاق سۆزىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاياللار ئىسلامى ئائىلە، تەرتىپ ئىدارە، ئەۋلاد تەربىيىسى، ئىدارەئى مەنزىل كەبى مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى ھەم بىلمەس. قىزلارنى ئوقۇتۇڭلار، مىللەت ئانىلىرى يېتىشسۇن!»

1997- يىلى ۋەتەندىن ئايرىلىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلەن ئىسلام روھىنىڭ ئاجايىپ يېتۈك ماسلىقىنى بەرپا قىلغان، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى تۆت ئەتراپى دېڭىز بىلەن قورشالغان دۆلەت — ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ھاياتىمنىڭ تۆت يېرىم يىلىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بۇ يەردە دۇنيا مەنىۋىيىتىگە ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» دەستۇرىنى ئاتا قىلغان، قەدىمدىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەر بىلەن تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت، فولكلور، سودا-سېتىق جەھەتلىرىدە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش، قوبۇل قىلىش



مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن پەن-تېخنىكا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلىك بىرلەشكەن روھىيەت قۇرۇلمىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

بىرلىك كەم بولسىمۇ، پىداكارانە روھ، تەۋرەنمەس ئېتىقاد بىلەن ئويغىنىش ئىچىدە دولقۇنلاپ تۇرغان بۇ قەدىمىي روھ كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايتتى. قۇياش تەپتىدە يالقۇنسىز كۆيۈۋاتقان دېڭىز بويىدىكى بۇ چوغدەك زېمىندىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا تولدۇرۇلمىغان بوشلۇقلارغا جاۋاب چىقىرىدىغاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە پورتۇگالىيە، ئاندىن ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى 1971- يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مول نېفىت بايلىقى بىلەن توغرا ئىقتىسادىي پىلان ۋە سىياسەتكە تايىنىپ، قىسقىغىنا 20 نەچچە يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى دۇنيادىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا ئىگە بۇ دۆلەتنىڭ ئانا تىلىغا، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا بولغان يۈكسەك ئېتىبارى ۋە ئەھمىيىتى ماڭا ساناقسىز سوئاللار بىلەن ئازابلىق جاۋابلارنى ئاتا قىلدى. گەرچە بۇ دۆلەتتە ئىنگلىز تىلى ئەرەب تىلى بىلەن تەڭ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، يەسلى مائارىپىدىن باشلاپلا بالىلار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان بولسىمۇ، مەن بىرەر ئەرەب بالىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۆيدە ۋە كوچىلاردا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكىنىنى كۆرمىدىم. ئەمما، ئۈرۈمچىدە ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان ئەكسىچە ھالەتنى مەن دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم. چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش دۇنياغا يۈزلىنىشتىكى زۆرۈرىيەت، ئەمما ئۇنى ئانا تىلنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولۇش جىنايەت. ئەرەب تىلى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى ۋە ئەجدادىم تىلى، مەن ئەرەبمەن، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە تارىخىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلار ئالدىدىمۇ ھېچقانداق ئورنى ۋە قىممىتى بولمايدۇ، دەيدىغان ئىدىيە زامانىۋى دۇنيادا يەنىلا تارىختىكى قەبىلە شەكلىنى مەلۇم دەرىجىدە

ساقلاپ قالغان بۇ باي-باياشات خەلقنىڭ ئانا تىلىغا، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا بولغان ئىشتىياقى ۋە ئېتىبارىنى روياپقا چىقارغان.

ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىك تارىخىدىن ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن بۇ دۆلەتتە ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش ئومۇمىي كەيپىياتقا، ئاياللار مائارىپى ۋە ئاياللارغا خاس تۈرلۈك ئالاھىدە ھوقۇقلار دۆلەتنىڭ قانۇن-سىياسىتىگە ئايلانغان. ھەر يىلى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە پۈتتۈرىدىغان قىزلارنىڭ سانى ئوغۇللارنىڭكىدىن 3 — 4 ھەسسە ئارتۇق، گەرچە بەزى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزلار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى خىزمەت قىلمىسىمۇ، ئۇلار ئالىي مائارىپنى ئىنسانىي قىممىتىنى نامايەن قىلىش، دىنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئېرى ئالدىدىكى ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى بالىلىرىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا 5 — 6 بالىسى بار ئاياللارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ھەقسىز ۋە ھەقلىق ئېچىلىپ تۇرىدىغان دىنىي تەربىيىلەش، چەت ئەل تىللىرى ۋە كومپيۇتېر كۇرسلىرىغا قاتنىشىشى دائىملىق ھادىسە.

ئەخلاق — شەخس ۋە جامائەتنىڭ ئاڭلىق رەۋىشتىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك نۇقتىسىدىن ئۆلچىگۈچى مىزاندۇر. ئىنسانىيەتنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتلىق پائالىيىتى باشلانغاندىن بۇيان، ئەخلاق دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، كىشىلىك ھاياتقا ئۆلچەم تامغىسىنى باسقان، دىنىي ئىدېئولوگىيىلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئەخلاقنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن رىئايە قىلىنىشى زۆرۈر ئالىي مىزان قىلىنغان ۋاقتى دەل ئىنسانىيەتنىڭ شانۇشەۋكەتلىك ئىمپېرىيە، خاندانلىقى سايىسىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان، ۋەھالەنكى، ئىنسانلارنىڭ يالىڭاچلىقنى خالاپ، كىيىملىرىنى چۆرۈۋەتكەنىدەك ئەخلاقنى چۆرۈۋەتكەن مەزگىلى دەل قىلمىشلىرى تۈپەيلى دۇم كۆمتۈرۈۋېتىلگەن لۇت ئاھالىسى شەھىرىدەك،



قۇدرەتلىك بابىلنىڭ ئېچىنىشلىق ھالاكىتىدەك زاۋاللىقتىن بېشارەت بەرگەن. ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى روياپقا چىقارغان ئەخلاق چەمبىرىكىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جىلۋىلىك نۇرلىرى مېنىڭ يىراقلاردا قالغان ئانا يۇرتۇم ھەققىدىكى تەپەككۇرىمنى غىدىقلايتتى. كۆز ئالدىمدا سۇسلىشىۋاتقان ئېتىقاد ۋە بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان ئەنئەنىۋى ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان رېئاللىقتا، ھاراقتىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئەر، قەدەھتىكى قىزىل سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈۋاتقان يېرىم يالىڭاچ ئايال، ھاياسىز كۆزلەر، گۇناھلىق ئىشلار زاھىر بولاتتى...... ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ۋاقىت، زېھىن ئىسراپچىلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان تۈگىمەس چاي، ئولتۇرۇشلاردا ھاراق بوتۇلكىلىرىنى تىكلەپ قويۇپ ئىچىۋاتقان ئاياللاردىن ئېتىقاد ۋە غايە، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت سوراش مۇمكىنمۇ؟ ئەۋلادلىرىمىز ھاراق شىشىلىرى بىلەن يالىڭاچ بەدەنلەردىن قانداقمۇ شەرم-ھايا، نومۇس ئۆگىنەر؟

ئايالنىڭ ۋاقتى تۈگىسە، مىللەتنىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ. ئاياللاردىكى ئالامەتتىن كىشىلەر زامان ئاخىرىنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرىدۇ. سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان پەن-تېخنىكا ئابىدىلىرىنى تىكلىگەن غەرب جەمئىيىتىدە ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمىي مۇقەددەس تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ كەتتى. ئەركىنلىك شوئارى ئاستىدا بەس-بەستە كوچىغا چىقىۋالغان ئاياللارنىڭ ئەمدى يۈرەك پارىلىرىنى مېھرى بىلەن سوغۇرۇشقا، ئەرلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ سۆيگۈ بېرىشكە ۋاقتى چىقمايدىغان بولدى. بالا قۇپقۇرۇق چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلىرىغا ئانا باغرىنىڭ ھارارىتى، ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇ ۋە روھنىڭ نۇرى يېتىپ بارالمىدى.

ئايال — كومپيۇتېر ئالدىدا ئالدىراش.
ئايال — سىياسىي مۇنبەرلەردە ئالدىراش.
ئايال — تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا ئالدىراش.

ئايال ـــ قەھۋەخانىدا ئالدىراش.

ئايال ـــ تەنھەرىكەت مەيدانلىرىدا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بىلەن ئالدىراش.

ھەممىدە ئەر بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىش ئايالنىڭ ۋاقتىنى ئەرنىڭ ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن غەرب جەمئىيىتىدىكى ۋاقىت ـــ ئەرلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر، ھەربىي قورال-ياراغلار ھەممىدە يۇقىرى تېزلىك ۋە سۈرئەتكە ئىگە ئەسلىھەلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەرلەرنىڭ ۋاقتى بولدى. ئاياللىق بەلگىلىرى بولغان نازاكەت، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق ۋە ئەركىن-ئازادىلىك ئۈچۈن ۋاقىت قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقتى قىستاپ قالغان، كۈچ ۋە قاتتىقلىققا تولغان غەرب جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ يۈكسەك غېرىبلىق ھەيكىلىنى تىكلىدى.

ئاياللارنىڭ تەقۋالىقى ۋە ئەخلاقى بىر مىللەتنى يېڭىدىن يارىتالايدۇ، ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا مىللەتنى ھالاكەتلىك يوقىلىش گىردابىغا سۆرەپ ئاپىرالايدۇ. مەرىپەتلىك ئانىلاردىن بۈيۈك زاتلار تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، ژان پول «بىزگە ياخشى ئانىلارنى بېرىڭلار، بىز ياخشى ئادەملەر بولۇپ يېتىشىمىز»، دەپ مۇراجىئەت قىلغان. ئۆتمۈش ھەر قانچە ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەجدادلار ئىزىدىن يۈتۈلگەن كەچمىشلەر قويىنىدىن بىزگە كېرىكى تەسەللىلا ئەمەس، بەلكى روھىمىزنى، رېئاللىقنى يېڭىلاشقا كېرەكلىك ئىچكى ئېنېرگىيە. مەن ئىنسانىيەت مۇساپىسىدا نۇرلۇق سەھىپىلەرنى ئاچقان ئىسلام تارىخىدىكى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن سەمەرىلىك خىزمەتلىرى بىلەن تىللاردا ۋە دىللاردا نامى يادلىنىۋاتقان مەشھۇر ئاياللارنىڭ ھايات خاتىرىلىرىنى يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. تىلىكىم شۇكى، يازغانلىرىم قاتتىق رىقابەت، رەھىمسىز شاللاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدىكى خەلقىمگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر ئايالدا تارىخىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ يېڭىچە قان ۋە يېڭىچە روھ ئاتا قىلسا، ئەجەب ئەمەس.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire.4 Zeytinburnu - İST.

# ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللار

## *ئابىدار بېگىم*

ئابىدار بېگىم[①] تۆمۈرىيلەر نەسلىدىن بولغان، ھىندىستاندىكى موغۇل خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن ئەكبەر شاھ ئەبۇ فەزىل جالالىدىن مۇھەممەد ئىبنى ھۇمايۇننىڭ (م 1452 ـــ 1605) خوتۇنى، ئابىدار بېگىم ئەقىل-پاراسەت، ھۆسن-جامالدا مەشھۇر بولۇپ، تارىخىي كىتابلاردىن ئىلىم سۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم.

## *ئارام بانۇ بېگىم*

ئارام بانۇ بېگىم تۆمۈرىيلەر ئەۋلادىدىن بولغان مەشھۇر ھۆكۈمدار ئەكبەر شاھنىڭ قىزىدۇر. ئانىسىنىڭ ئىسمى بى بى دۆلەتشاھ بولۇپ، شۈكرۈننىسا ئىسىملىك بىر ھەمشىرىسى بولغان. لاھور بىلەن ئەگرە شەھىرى ئارىسىدا راۋان چوڭ يول ياساتقان مىرزا سەلىم نۇرىددىن مۇھەممەد جاھانگىر (؟ ـــ 1628) بولسا ئارام بانۇ بېگىمنىڭ قېرىندىشى. ئارام بانو بېگىم مىرزا سەلىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە 40 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. دادىسى ئەكبەر

---

① «خانىم» سۆزى «خان» ئاتالغۇسىنىڭ ئاياللارغا قارىتىلغىنى بولغىنىدەك، «بېگىم» سۆزى ئەرلەرگە خاس «بەگ» نامىنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتىلىشى بولۇپ، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «بېگىم»نى قوشۇپ ئېيتىش تۈركلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. «بەگ» سۆزى ئەسلىي ئۇلۇغ، مەرتىۋە ساھىبى مەنىسىدىكى بۈيۈك ياكى ساقلىغۇچى قوغدىغۇچى مەنىسىدىكى «بېك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

شاھ دەپمۇ قىلىنغان ئەگەر شەھىرىدىكى سىكەندىرە دېگەن جايغا — دادىسىنىڭ يېنىغا دەپن قىلىنغان. ئارام بانۇ بېگىمنىڭ مەقبەرىسى مەرمەردىن ناھايىتى كاتتا ياسالغان.

## ئارسلان خاتۇن

ئارسلان خاتۇن سالجۇقىلاردىن توغرۇل بەگنىڭ قېرىندىشى داۋۇد ئىبنى مىكائىل ئىبنى سالجۇقنىڭ قىزىدۇر. ئەسلىي ئىسمى خەدىچە بولۇپ، نەسەبىنىڭ فامىلىسى بىلەن «ئارسلان خاتۇن» دەپ ئاتالغان. ئارسلان خاتۇن مىلادىيە 1056- يىلى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 26- ھۆكۈمدارى قائىم بىئەمرىللاھ (بۇ خەلىپىنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىغۇچى دېگەن مەنىدە، ئەسلىي ئىسمى ئابدۇللاھ)قا ياتلىق بولغان. مىلادىيە 1063- يىلى ئارسلان خاتۇن ئېرى بىلەن يامانلىشىپ قېلىپ، تاغىسى توغرۇل بەگ تەرىپىدىن رەي شەھىرىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. مىلادىيە 1067- يىلى ئارسلان خاتۇن باغدادقا قايتقاندا، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ۋەزىرى ئىبنى جۇھەيىر ئالدىغا چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان. خەلىپە قائىم بىئەمرىللاھ مىلادىيە 1074- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئارسلان خاتۇن ئەلي ئىبنى ئەبى مەنسۇرغا ياتلىق بولغان.

## ئاسىيە بىنتى مۇزاھىم

ئاسىيە بىنتى مۇزاھىم[1] قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىدىن بولغان پىرئەۋن ۋەلىد ئىبنى مۇسئەبنىڭ خوتۇنى. ئاسىيەنىڭ

[1] بىنتى — ئەرەب تىلىدا «قىزى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيە دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە كىتابلاردىن تېپىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بەزى ئىسىملار مۇشۇ شەكىل بويىچە ئېلىندى.



ياخشى نامى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئاياللارنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ئاسىيە ئېرى پىرئەۋنىنىڭ بەنىي ئىسرائىل خەلقىگە قىلغان قاتتىق زۇلۇمى ۋە ئۆزىنى خۇدا ھېسابلاپ، ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىنكار قىلغان. ئاخىر پىرئەۋنىنىڭ زۇلۇمىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. زالىم پىرئەۋن بىر كېچىسى يامان چۈش كۆرۈپ قېلىپ، مۇنەججىملەرنىڭ چۈشكە بەرگەن تەبىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ، بەنىي ئىسرائىل ئىچىدە تۇغۇلىدىغان ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. دەل مۇشۇ زاماندا مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ، ئانىسى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، بوۋاقنى ساندۇققا سېلىپ نىل دەرياسىغا تاشلىغان. ساندۇق پىرئەۋنىنىڭ خوتۇنى ئاسىيەنىڭ قولىغا چۈشكەن. پىرئەۋن بوۋاقنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئاسىيە توسۇۋالغان ۋە بوۋاقنى بالىچىلاپ بېقىۋالغان. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، پىرئەۋنىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئاسىيلىقىغا قارشى چىققان ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بېقىۋېلىپ كۆپ مەرھەمەتلەرنى قىلغان ئاسىيەنىڭ نامى «قۇرئان كەرىم»دە زىكىر قىلىنىپ، يۇقىرىقى ۋەقەلىك بىلەن باغلىنىپ كەلگەن.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاسىيە پىرئەۋنىنىڭ ئايالى دېگەن نام بىلەنلا ئاتالغان بولۇپ، ئىسمى ئېنىق ئېيتىلمىغان. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ۋە باشقا مەنبەلەردە ئىسمىنىڭ ئاسىيە ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

## ئاسىيە بىنتى جارۇللاھ

ئاسىيە بىنتى جارۇللاھ ئىبنى سالىھ ئىبنى ئەبى مەنسۇرنىڭ قىزى بولۇپ، مىلادىيە 1395- يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان. ئاسىيە مەشھۇر مۇھەددىسە (ھەدىسشۇناس) ئالىمە بولۇپ، دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۆز ئۆمرىدە 600 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان مەشھۇر ئالىم ئىمام سۇيۇتى (م 1445 — 1505)

ئىلىم ئىگىلەش جەريانىنى ئەسلەپ، ئۆزىگە دەرس بەرگەن شەيخلەر قاتارىدا ئاسىيەنى تىلغا ئالغان. مەككە مۇكەررەمەنىڭ قازىلىق مەنسىپىنى ئۆتىگەن مۇھەممەد جامال ئىبنى زىيا ئاسىيەنىڭ ئوغلىدۇر. ئاسىيە 1468- يىلى ۋاپات بولغان.

## ئامىنە بىنتى ۋەھب

ئامىنە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. ئامىنە مەككە مۇكەررەمەدىكى يۈز-ئابرۇيلۇق بەنى زۆھرە جەمەتىدە دۇنياغا كەلگەن. تاغىسى ۋەھب ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئامىنە ھۆسن-جامال، ئەقىل-پاراسەت ۋە نەسەبتە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئىدى. ئامىنە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئەڭ ئېسىل نەسەبتىن بولغان ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا ياتلىق بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامىنىنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق بولغاندا، ئابدۇللاھ تىجارەت ئۈچۈن شامغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا مەدىنىدە ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئابدۇللاھ بۇ چاغدا 28 ياشلاردا ئىدى. ئامىنىنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ مىلادىيە 571- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى ئالەمنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتقان بوۋاق — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن. ئامىنە ھەر يىلى ئېرىنىڭ قەبرىسىنى ۋە ئابدۇللاھنىڭ تاغىلىرىدىن بولغان ئەدى ئىبنى نەججارنىڭ جەمەتىنى يوقلاشقا بېرىپ تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياش ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن مەدىنىگە سەپەر قىلغان. ئامىنە مەككىگە قايتىپ كېلىشىدە مەدىنىگە تەۋە ئەبۋا دېگەن جايدا كېسەل بىلەن قازا قىلغان. ئامىنە بۇ چاغدا 20 نەچچە ياشلاردا ئىدى. كىچىك تۇرۇپلا دادىسىدىن، ئانىسىدىن يېتىم قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان.



## ئامىنە بىنتى شەرىفىددىن

ئامىنە بىنتى شەرىفىددىن مەشھۇر ھەدىسشۇناس بولۇپ، مىسىرنىڭ مۇھەللە دېگەن جايىدا دۇنياغا كەلگەن. ئامىنە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىپ، داڭلىق مۇھەددىسە بولۇپ يېتىشكەن، نامى ھەر جايلارغا تارىلىپ، ئەھلى ئىلىملەر ئامىنەنى ئۇستاز تۇتقان. مەشھۇر ئالىم ئىمام سۇيۇتىمۇ (م 1445 — 1505) ئامىنەدىن ھەدىسلەر ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەن.

## ئامىنە رەملىيە

ئامىنە مىلادىيە 9- ئەسىردە ياشىغان زۇھۇد ۋە تەقۋالىقتا نامى چىققان فازىلە ئايالدۇر. ئامىنە پەلەستىندىكى رەملە شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس ئورنىدا قوللىنىپ «ئامىنە رەملىيە» دەپ ئاتالغان. مەشھۇر فازىللاردىن بولغان بەشىر ئىبنى ھارىس (م 767 — 841) ئامىنەنى دائىم زىيارەت قىلىپ تۇرغان. ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى تۆت ئاساسىي تارماقنىڭ بىرى بولغان — ھەنبەلى مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچى فەقىھ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئامىنەنى يوقلاپ، دۇئاسىنى سورىغانلىقى مەلۇم. ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزلىرى ھېسابلانغان بۇ ئىككى ئالىمنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئېتىبارى ئامىنەنىڭ شۇ دەۋردىكى ئالاھىدە ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەڭ ياخشى پاكىت سانىلىدۇ.

## ئامىنە سۇمەييە

ئامىنە سۇمەييە تۈركىيىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە مەشھۇر تەھرىرلىرىدىن بولغان جەۋدەت پاشانىڭ قىزىدۇر. ئامىنە 19-

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان مەلۇماتلىق ئەدىبە ۋە پېداگوگ بولۇپ، كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپرەك تېمىسى ئەخلاق ۋە مائارىپ ھەققىدە بولۇپ، ئەۋلادلار تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش مىللەتنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكى ئۈچۈن سېلىنغان پۇختا ئۇل ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان. سۈمەييە ئامىنەنىڭ تەخەللۇسى بولسا كېرەك. ئەسەرلىرىنىڭ تىلى پاساھەت-بالاغەتلىك بولۇپ، تۆۋەندىكىسى ئامىنەنىڭ بەزى ماقالىلىرىدىن ئېلىنغان ئىخچام ئۈزۈندىلەر:

«بالا گوياكى يەردە توپا-تاشلار بىلەن ئارىلىشىپ ياتقان گۆھەردۇر. ئۇنى توپىدىن ئايرىپ ئېلىپ، سۈرتۈپ پارقىرىتىپ گۆھەردەك ئىنسان قىلماق ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئەمما، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بىپەرۋا ئاتا-ئانىلار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىسا، گۆھەر ھېچقانچە قىممىتى يوق ئاددىي تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ......».

## ئامانىيساخان

ئامانىيساخان ئۇيغۇر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تالانتلىق شائىرە، مەرىپەتچى ۋە ئىستېداتلىق مۇزىكانت. ئامانىيساخان 1534-يىلى دولاننىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى مەھمۇد ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ۋە مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگىنىپ شېئىرى ئىجادىيىتىنى باشلىغان. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزى يازغان شېئىرلارنى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇغان. ئامانىيساخان يەنە خەتتاتلىقتىمۇ كامالەتكە يەتكەن. ئامانىيساخاننىڭ ھۆسن-جامالى، ئەقىل-پاراسىتىگە مەھلىيا بولغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2-پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان ئۇنى نىكاھىغا ئالغان.



ئامانىيساخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەدەبىي ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئامانىيساخان 12 مۇقامنى رەتكە سېلىشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىگە تۇتۇش قىلغان ۋە يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدىكى 12 مۇقامنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان. ئامانىيساخان ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا «دىۋانى نەفىسى»، «ئەخلاقى جەمىلە (گۈزەل ئەخلاق)»، «شۇرۇھۇل قۇلۇب (قەلبلەر شادلىقى)» ناملىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. يەنە «ئىشرەت ئەنگىز (شادلىق قوزغىغۇچى)» ناملىق يېڭى مۇقام ئىجاد قىلغان. ئامانىيساخان 1567-يىلى 33 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشىنى ئامانىيساخاننىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## ئايخان ئانا

ئايخان ئانا ئەل سۆيەر مەرىپەتچى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرى. ئايخان ئانا 1888-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1933 — 1934-يىللىرى دادىسى ۋە ئېرىدىن قالغان مىراس تەئەللۇقاتىنى سەرپ قىلىپ، غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە مەخسۇس يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپ «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، خەلق بۇ مەكتەپكە «ئايخان ئانا مەكتىپى» دەپ نام بەرگەن، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار سانى 300گە يەتكەن. بالىلارنىڭ پۈتۈن تەمناتىنى ئايخان ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇ چاغدا «ئىلى دەرياسى گېزىتى» سەھىپىلىرىدە ئايخان ۋە ئايخان مەكتىپى ھەققىدە نۇرغۇن شېئىر، ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىلىم ئوچىقى نەچچە مىڭلىغان ئوغۇل-قىزلارنى يېتىشتۈرگەن. ئايخان ئانا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ تۈرمىسىگە چۈشۈپ جىق ئازاب ئارتقان ۋە كېسەل بىلەن ۋاپات

بولغان. ئايخان ئانا مەكتىپى ھازىرغىچە 50 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان مەرىپەتپەرۋەر ئايخان ئانىنىڭ نامى خەلق قەلبىدە يادلىنىپ، تارىخ بەتلىرىنىڭ نۇرانە سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

## ئانى فاتىمە

فاتىمە 17- ئەسىردە ياشىغان ئىستانبۇللۇق شائىرە. «ئانى» فاتىمەنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، فاتىمە «تاجۇتتەۋارىخ (تارىخلار تاجى)» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى خوجا سەئىددىن ھەسەنجاننىڭ نەسلىدىن. فاتىمەنىڭ ئېرى ئەمىر ئاغا ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ئوغلى يەكشەھەرنىڭ قازىسى بولغان. بۇ مەزگىلدە فاتىمە ئوغلى بىلەن بىللە يەكشەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، مىلادىيە 1710- يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. «تەزكىرەئى شۇئەرا (شائىرلار تەزكىرىسى)»دە فاتىمەنىڭ تولۇق بىر شېئىرىي دىۋانى بارلىقى ئېيتىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن تۆۋەندىكى بىر كۇبلېت شېئىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

> خىيال ئارەزىڭلە دىيدەئى سەھىن گۈلىستانىمدۇر،
> ئاچىلمىش شەرھەلەر سىينەمدە نەخلى ئەرغۇانىمدۇر.
> ئۈمىد ۋەسلىڭ ئەي قاشلارى يا سىنەدىن كەچمەس،
> خىيالى تىرى غەمزەڭ «ئانىيا» خاتىر نىشانىمدۇر.

## ئابىدە

ئابىدە مەشھۇر مۇھەددىسە، ئالىمە بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەردە تۇغۇلغان. كىچىككىدىن ئىلىم سورۇنلىرىغا داخىل بولۇپ، داڭلىق مۇھەددىسە بولۇپ يېتىشكەن. ئابىدە ئەسلىدە چۆرە بولۇپ، ئابىدە



مەدىنىيە (مەدىنىلىك ئابىدە) دەپ ئاتالغان. مەدىنىدىكى مەشھۇر ئالىم، فەقىھ ئىمام مالىك (م 712 — 795)تىن ئىسنادى بىلەن 10 مىڭدەك ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ نامىڭ ھەدىسنى ئىسنادى[①] بىلەن قوشۇپ ياد ھالدا رىۋايەت قىلىش ئەلۋەتتە ئالاھىدە ئىستېداتلىق، يېتۈك ئالىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان چوڭ ئىش ئىدى. ئابىدە كېيىنچە ئەندەلۇسقا (ھازىرقى ئىسپانىيە مىلادىيە 711- يىلى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئەندەلۇس دەپ ئاتالغان. ئىسلام خەلىپىلىكى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئىسپانىيە دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن) كۆچۈپ بېرىپ، ھەبىب ئىبنى ۋەلىد مىرۋانىنىڭ كېنىزىكى بولۇپ تۇرغان. ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەندەلۇستا ئۆتكۈزگەن.

## ئاتىكە بىنتى زەيد

ئايال ساھابىلەردىن بولغان ئاتىكە مەككە مۇكەررەمەدە قۇرەيش قەبىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىكەنىڭ دادىسى زەيد ئىبنى ئەمىر ئىبنى نۇفەيل، قېرىندىشى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى سەئىد ئىدى. ئاتىكە بولسا فارۇق (ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى) لەقىمى بىلەن ئاتالغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ (م 584 — 644)نىڭ تاغىسىنىڭ قىزىدۇر.

ئاتىكە دىيانەتلىك، پەم-پاراسەتلىك ئايال بولۇپ، تونۇلغان شائىرە ئىدى. ئاتىكە دەسلەپتە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا ياتلىق بولغان. ئابدۇللاھ ئاتىكەنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ۋە ئىززەتلىگەن.

---

① ئىسناد — ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغان كىشىدىن تا خاتىرىگە ئېلىنىش دەۋرىگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى شەخستىن-شەخسكە ئېيتىلىپ ئۆلىنىش جەريانى ئىسناد دېيىلىدۇ.

تائىف مۇھاسىرىسىدە ئابدۇللاھ شېھىت بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئاتىكەنى نىكاھىغا ئالغان. خەلىپە ئۆمەر سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندا بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندە ئاتىكەنىڭ يازغان مەرسىيىسىنى مەشھۇر تارىخچى ئىبنى ئەسىر «تارىخى كامىل» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىگەن. تۆۋەندىكىسى شۇ مەرسىيىدىن ئۈزۈندە:

ئاھ كۆزۈم، بۇلدۇق-بۇلدۇق يىغلاپ ياتۇر،
ھەسرەتتا كەتتى ئىمام جەڭدە باتۇر.
مەزلۇملارغا پاسىبان ھەم غەمگۇزار،
ئۇشبۇ يەگلىغ باھادىر نەدە باردۇر؟
ئۆلۈم سۈيى ئىچكەچ ئەل جامىدا ئۇ،
ھايات مەنىسىز، ئۇلار ئۇھ تارتۇر.

كېيىن ساھابىلاردىن زۇبەير ئاتىكەنى نىكاھىغا ئالغان. ئاتىكە ناھايىتى تەقۋادار ئايال بولۇپ، جامائەت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى مەسجىدكە باراتتى. زۇبەير بۇنى خوپ كۆرمىگەچكە، بىر كۈنى نامازدىن يانغاندا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاتىكەنىڭ قولىدىن تۇتىۋالغان. ئەتىسىدىن باشلاپ ئاتىكە مەسجىدكە بارىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا باشلىغان. بۇنى كۆرگەن زۇبەير بىلمەسكە قىلىپ تۇرۇپ: «نېمىشقا ئادىتىڭىزنى تەرك ئېتىپ مەسجىدكە چىقماس بولدىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئاتىكە: «خەلق ئېيپەتلىك، نومۇسلۇق ۋاقىتتا مەسجىدكە چىقاتتىم. لېكىن، ھازىر زامان بۇزۇلۇپتۇ، كىشىلەردە ئىمان، ئەخلاق، ھايا سۇسلاپتۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاياللارنىڭ مەسجىدنى دەپ تالاغا كۆپ چىقىشى دۇرۇس ئەمەس»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

زۇبەير جەمەل ۋەقەسىدە شېھىت بولغان. تارىخى كىتابلاردا زۇبەيرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ



ئاتىكەگە ئەلچى كىرگۈزگەندە ئاتىكەنىڭ: «نىكاھىغا ئۆتكەن ئەرلىرىمنىڭ ھەممىسى شېھىت بولدى، ھالبۇكى سىز دىن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كېرەكلىك»، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ رەت قىلغانلىقى يېزىلغان. كېيىن ئاتىكە رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرىسى، ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە ياتلىق بولغان. ھەزرىتى ھۈسەيىن كەربالا ۋەقەسىدە شېھىت بولغاندا، ئاتىكە ھۈسەيىننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، زار-زار يىغلاپ، تۆۋەندىكى مەرسىيىنى ئوقۇغان:

ئاھ ھۈسەيىن جىگىرىم، مېنى قويدۇڭ ئارماندا،
دۈشمەنلەرنىڭ نەيزىسى سېنى قارىغا ئالغاندا.
دەردىنى قانداق يۇتايمەن، سېنى قانداق ئۇنتايمەن؟
كەربالانىڭ چۆلىدە تېنىڭ باشسىز قالغاندا.
كەربالانىڭ ئاسمىنى ياشلار تۆكۈپ ئاھ ئۇرغان،
بۇ ئاللاھنىڭ باتۇرغا رەھمىتىدۇر ياغدۇرغان.

ئاتىكەنىڭ تەگكەن ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى شېھىت بولغاچقا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «كىمكى شېھىت بولۇشنى خالىسا، زەيدنىڭ قىزى ئاتىكەنى نىكاھىغا ئالسۇن» دېگەن سۆزى تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەندۇر.

## ئالىمەتۇل بەنات

ئالىمەتۇل بەنات ئىران تەۋەسىدىكى خان كىرمان دېگەن جايدا ياشىغان ئەدىبە ۋە مەشھۇر مائارىپچى. ئالىمەتۇل بەنات (قىزلارنىڭ ئالىمەسى) تەخەللۇسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئالىمە پۈتۈن ھاياتىنى مائارىپ ئىشلىرىغا، ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۈچۈن سەرپ ئەتكەن. «ئەر-خوتۇنلۇق ئەدەپلىرى» ناملىق پايدىلىق بىر كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان.

## ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىق

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن سىردىشى ۋە دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزىدۇر. ئانىسى زەينەپ بولۇپ، ئائىشە ھىجرەتتىن توققۇز يىل ئىلگىرى يەنى مىلادىيە 613- يىلى مەككە مۇكەررەمىدە تۇغۇلغان. ئائىشە سىددىيقە (راستچىل ئايال) ھۇمەيرا (قىزغۇچ چاچلىقىم) دېگەن لەقەملەر بىلەن ئاتالغان.

ھەزرىتى ئائىشە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى يەتتە يېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغان. ئائىشىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئائىشە توققۇز ياشقا كىرگەندە بىر ياستۇققا باش قويغان. ئائىشە رەسۇلۇللاھ بىلەن توققۇز يىل بىللە ياشاپ، ئون سەككىز يېشىدا رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن ئۆتۈپ، تۇل قالغان. بالىلىق بولمىغان. «مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھەزرىتى ئائىشە 50- يىلى يەنە بىر قاراشتا 58- يىلى (مىلادىيە 678- يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ سەيشەنبە كۈنى مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. جىنازا نامىزىنى ئەينى ۋاقىتتا مەدىنە شەھىرىنىڭ ۋەكىلى ۋەزىپىسىدە تۇرغان ساھابە جەلىل ئەبۇ ھۇرەيرە ئوقۇغان. ئائىشە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بەقىيئەگە دەپنە قىلىنغان.

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ يېقىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشىگە مۇھەببىتى ئارتۇقراق ئىدى. ئىمام بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «سەھىھۇلبۇخارى»دىكى بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئەرلەردىن كامالەت ماقامىغا يەتكەنلەر كۆپ، ئەمما ئاياللاردىن بۇنداق شەرەپلىك ئورۇنغا پەقەت پىرئەۋنىنىڭ خوتۇنى ئاسىيە ۋە ئىمراننىڭ قىزى مەريەملا ئېرىشكەن. ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئارتۇقلۇقى



خۇددى ئەڭ ئېسىل تاماقنىڭ ئادەتتىكى تاماقلاردىن ئەۋزەل بولغىنىدەك». ئائىشە ئۆزىنىڭ نىكاھى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئون تۆرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىندىم. ئاياللار ئىچىدە مەن پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ يېقىن ئايالى ئىدىم. ئەرلەر ئارىسىدا دادام پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ سىرداش دوستى، سەپدىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەندىن باشقا قىز ئېلىپ باقمىدى، مېنى يەتتە يېشىمدا نىكاھىغا ئېلىپ، توققۇز يېشىمدا بىر تەكىيىگە باش قويدى. ماڭا چاپلانغان بۆھتاننى ئاللاھ ئۆزى ئايەت نازىل قىلىپ ئاقلاپ، پاكلىقىمنى ئىسپاتلىدى. رەسۇلۇللاھ ئاغرىق چېغىدا ئاياللىرىغا: «ھەممىڭلارنىڭ ئارىسىدا يۆتكىلىپ تۇرۇشقا ماجالىم يەتمەيدۇ، ئاراڭلاردىن بىرىنىڭ يېنىدا تۇرسام»، دەپ رازىلىق سورىغاندا، ئۇممۇ سەلەمە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىزنىڭ كىمنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۇق، ئۇ ئائىشە ئەمەسمۇ؟» دېدى ۋە ھەممىسى رازىلىق بەردى. مېنىڭ ئاغزىمدىكى لوقما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئاخىرقى تائامى بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ مىسۋاكىم بىلەن چىش يۇدى. مېنىڭ ھۇجرامدا باغرىمدا جان بەردى. مېنىڭ ھۇجرامغا دەپنە قىلىندى».

ھەزرىتى ئائىشە ئەقىل-پاراسەت، ئەخلاق-ئىمان ۋە ئىلىمدە تەڭداشسىز ئىدى. فەقىھە، ئالىمە، مۇھەددىسە ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتتى. ھەتتا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئائىشىدىن سورايتتى. ئائىشە رەسۇلۇللاھتىن 2210 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇنىڭدىن 297 ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا ھەدىسشۇناس ئالىملار ھەزرىتى ئائىشىنى ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن قالسىلا ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار قاتارىغا قويغان. ئائىشە ئەرەب تارىخى، كالىندار، شېئىرىيەت ئىلمىدە يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىدى. پاساھەت-بالاغەت بىلەن سۆزلىگەن ۋەز-

نۇتۇقلىرىدىن كىشىلەر ھەيران قالاتتى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پاساھەت ۋە ئەقىل بابىدا ئائىشىگە ئوخشاش بىرسىنى ئۆمرۈمدە كۆرمىدىم» دېگەن. ئەھنەف ئىبنى قەيس: «مەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىيلەرنىڭ ۋەز-خۇتبىلىرىنى ئاڭلىغان. ئەمما، ئائىشىدىن ئاڭلىغاندەك پاساھەتلىك ۋە كىشى قەلبىگە تەسىر قىلغۇچى نۇتۇقنى ئاڭلاپ باقمىدىم» دېگەن.

ھىجرىيىنىڭ 5- يىلى مەدىنىدىكى بەزى مۇناپىقلار ئائىشىگە تۆھمەت قىلغاندا، ئاللاھ ئائىشىنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلغان نۇر سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، ئائىشىنى ئىۋاللىقتىن قۇتقۇزغان. ئاللاھنىڭ يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن نازىل قىلغان ئىلاھىي ھۆكمى ھەزرىتى ئائىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى ئورنى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىسپاتتۇر. ئائىشە كەمبەغەل، غېرىب يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. ئائىشە رەسۇلۇللاھ بىلەن ناھايىتى ئاددىي، غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرگەن. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا ئائىشە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر تىيىنلىق مىراس قالمىغان. ئەنە شۇنداق غورىبەت تۇرمۇشتىمۇ قانائەتچان ئائىشە كەمبەغەللەرگە پۇل-تائام بېرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى مەلۇم تەرەپتىن يۈز مىڭ دىرھەم ھەدىيە كەلگەندە، ئۆيىدىكىلەرنىڭ تامىقى ئۈچۈن بىر دىرھەممۇ قالدۇرماي ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىۋەتكەن.

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھەزرىتى ئائىشە تەۋاللىقى، ئىلمى ۋە گۈزەل پەزىلەتلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ئېسىل ئۈلگىسى سۈپىتىدە تارىخ بەتلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

## ئائىشە بائۇنىيە

ئائىشە بىنتى يۇسۇف ئەھمەد ئىبنى نەسىر بائۇنى 15- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان مەشھۇر ئىسلام شائىرلىرىدىن بولۇپ،



يېتۈك ئىلمى ۋە گۈزەل پەزىلىتى بىلەن فازىلەتۇززامان (زاماننىڭ فازىلى) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. ئائىشە ھازىرقى ئىئوردانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەجلۇن يېزىسىنىڭ بائۇن دېگەن جايىدا دۇنياغا كەلگەن. ئائىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ يازغان «الفتح المبين فى مدح الأمين» ناملىق بىر ئۇزۇن قەسىدىسى مەشھۇر بولۇپ، ئائىشە بۇ قەسىدىگە ھەم شەرھى يازغان. بۇ قەسىدە شەرھى بىلەن قوشۇلۇپ مىلادىيە 1885- يىلى قاھىرىدە نەشىر قىلىنغان. ئائىشە يەنە «مولد النبى» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش) ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ 1885- يىلى دەمەشقتە نەشىر قىلىنغان. ئائىشە شەيخ ئابدۇللاھ ھەرەۋىنىڭ «منازل السائرين» (يولۇچىلار مەنزىللىرى) دېگەن كىتابىنى «يوشۇرۇن ئىشارەتلەر» ماۋزۇسىدا قىسقارتىپ يېزىپ چىققان. ئائىشە شائىرەلا ئەمەس، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى تارماق ئىلىملىرىدىمۇ يېتىشكەن فەقىھە ئىدى. زامان تەرەققىياتى بىلەن يېڭىدىن پەيدا بولغان ۋەقە-ھادىسىلەرگە پەتىۋا بېرەتتى. ئائىشىنىڭ بەزى فىقھى مەسىلىلەرگە بەرگەن نەزمىي پەتىۋالىرىدىن ئالىمەنىڭ مول بىلىمى، ئەقىل-پاراستى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئائىشە يەنە دەرس ئۆتۈپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن، مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر ئابدۇلغەنى نابۇلۇسى (1641 — 1731) ئائىشىنىڭ ئىلىم-مەرىپىتىگە قايىل بولۇپ مەدھىيە ئوقۇغان. ئائىشە 1516- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئائىشە بىنتى تەلھە

ئائىشە بىنتى تەلھە مەككە مۇكەررەمىدە قۇرەيش قەبىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىشە رەسۇلۇللاھ جەننەتكە كىرىش بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ قىزى. ئانىسى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇمدۇر.

ئائىشە بىنتى تەلھە ھاممىسى — رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىقتىن دىنىي ئىلىم، شېئىر، تارىخ ئۆگەنگەن. تاغىسى ئابدۇراھماننىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا ياتلىق بولغان ۋە ئىمران، ئابدۇراھمان، ئەبۇ بەكرى، تەلھە، نەفىسە ئىسىملىك بەش بالىلىق بولغان. ئابدۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇسئەب ئىبنى زۇبەيرگە ياتلىق بولغان. ئائىشە ھۆسن-جامالدا ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ئىدى. ئۇ ھەدىس ئىلمى، ئەرەب كالېندارى، شېئىرىيەت ۋە تارىخنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئېرى مۇسئەب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئائىشە شامغا — ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك ھۇزۇرىغا سەپەر قىلغان. ئۇزۇندىن بېرى ئائىشىنىڭ ئىلىمدىكى داڭقىنى ئاڭلىغان ھىشام ئۆلىمالارنى يىغىپ سۆھبەت قۇرغان. ئائىشە سورۇندا تارىخ، شېئىرىيەت ھەققىدىكى مول بىلىمى بىلەن سورۇن ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان. ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە سۆز ئېچىلىپ، يۇلتۇزلار ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغاندا، ئائىشە ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ ئىسمى، ئورنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلغان. ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ھىشام: «سىزنىڭ نامىڭىزنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، تارىخ، شېئىرىيەتتىكى ئىلمىڭىزدىن خەۋەردارمىز، ئەمما ئاسترونومىيىنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئائىشە: «ھاممام ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرىدىن ئۆگەنگەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئائىشە كېيىن ئۆمەر ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا ياتلىق بولۇپ، سەككىز يىل نىكاھىدا تۇرغان. ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئايىغى ئۈزۈلمەس ئەلچىلەرنى رەت قىلىپ قايتا ياتلىق بولمىغان. مىلادىيە 719 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئائىشە ھاممىسى ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرىدىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. ھەدىسشۇناس ئۆلىمالار ئائىشىنى ئىشەنچلىك ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار دەرىجىسىگە تىزغان. ئائىشە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە سەھىھ (توغرا) بولغان ئالتە ھەدىس كىتابلىرىدا ئۇچرايدۇ.



## ئائىشە بىنتى ئەدىل

زەينىددىن ئىبراھىم قىزى ئائىشە مىلادىيە 1244- يىلى دەمەشقتە دۇنياغا كەلگەن. ئائىشە ئۆز زامانىسىدىكى داڭلىق ئۆلىمالاردىن ئىبنى مۇسلىم، مەككى ئىبنى ئەلان، سۇلەيمانلاردىن دەرس ئالغان ۋە مەشھۇر ئەدىبە بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ھەدىسشۇناس ئالىم ئەلائىددىن سەدرىددىنغا ياتلىق بولغان. مىلادىيە 1318- يىلى ۋاپات بولغان.

## ئائىشە بىنتى ئەلى

ئائىشە بىنتى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد 14- ئەسىردە شام رايونىدا ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىس. ئائىشە كىچىكىدىن تارتىپ دىنىي ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنى، بولۇپمۇ ھەدىس ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ھەدىس ئىلمىدا ھافىز دەرىجىسىگە يەتكەن شەمسىددىن ھۇسەينگە ياتلىق بولغان. ئەر-خوتۇن ئىككىسى مەشھۇر ئالىملاردىن ئىبنى خەبباز، مەرداۋىلاردىن ھەدىس ئىلمىنى ئوقۇغان ۋە كېيىن دەرس ئۆتۈپ، شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئائىشە مىلادىيە 1412- يىلى 70 ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولغان. مەشھۇر ئالىم ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى (1372 — 1448) كىتابلىرىدا ئائىشىنىڭ شامدىكى مەشھۇر مۇھەددىسە ئىكەنلىكى ھەققىدە بەزى بايانلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

## ئائىشە بىنتى مۇھەممەد

ئائىشە دەمەشقلىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھادىي مەقدەسىنىڭ قىزى. مىلادىي 1323- يىلى دەمەشقتە تۇغۇلغان. ئائىشە

ھەدىس ئىلمىدىكى كامالەتكە يەتكەن بىلىمى بىلەن «مۇسنەدەتۇل كەبىرە» (ھەدىسلەر قامۇسى) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. ئائىشە ھەدىسنىڭ ئىسنادى جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارىتى بىلەن شام رايونىدىكى مەشھۇر مۇھەددىسلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «سەھىھۇل بۇخارى»دا ئائىشە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ بارلىقى ئائىشىنىڭ ئىلمى ۋە پەزىلىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئائىشە ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ئالىمى ھىجاردىن تەلىم ئالغان ۋە ئىجازەت بىلەن ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلغان. مىلادىيە 1413- يىلى دەمەشقتە ۋاپات بولغان.

## ئائىشە بىنتى مۇھەممەد ھىرانى

مەشھۇر ھەدىس ئالىمى مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ھىرانىنىڭ قىزى ئائىشە مىلادىيە 1249- يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ئىراقى، ئىبنى نۇرمۇھەممەد بەلخى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھادى مەقدەسى، ئىبراھىم ئىبنى خەلىل كەبى مەشھۇر شەيخلەردىن ھەدىس ۋە فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئائىشە يەنە دەرس ئۆتۈپ، زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ھەدىسشۇناسى، ياراملىق مۇئەللىمى بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزداشلىرىدىن بولغان ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىستىن تەلىم بەرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى سالاھىددىن سەفدىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەقىل-پاراستى، سەممىيلىكى بىلەن ئۇستازىنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا ئىجازەت ئالغان. ئائىشە ئىلمى كامالىتى ۋە گۈزەل پەزىلىتى بىلەن ناھايىتى ئاددىي-ساددا تۇرمۇشتا ياشىغان ۋە مىلادىيە 1338- يىلى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.



## ئائىشە بىنتى مۇئتەسىم

ئائىشە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ (م 795 — 841) قىزى. مۇھەممەد تارىختا مۇئتەسىم بىللاھ (ئاللاھقا يۆلەنگۈچى، ئاللاھقا تايانغۇچى) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. ئائىشە زامانىسىنىڭ داڭلىق ئەدىبەسى ۋە شائىرى ئىدى. ئىيسا ئىبنى قابىس ئىسىملىك بىر يىگىت ئائىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان مەلىكە ئىسىملىك بىر كېنىزەككە ئاشىق بولغان. ئائىشىنىڭ شېئىرغا بولغان كۈچلۈك ھەۋىسى، ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن قىممەتلىك ئېسىل ھەدىيەلەرگىمۇ بىرەر پارچە شېئىر ئوقۇغانچىلىك خۇش بولمايدىغىنىنى ئاڭلىغان ئىيسا ئىبنى قابىس ئۆزىنىڭ ئاشىقلىق ھالىنى شېئىردا بايان قىلىپ مەلىكەنى سوراپ ئائىشىگە ئەۋەتكەن. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تارىخىدا بۇ ۋەقەلىك ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئائىشىنىڭ ئىيسا ئىبنى قابىسقا جاۋابەن يازغان شېئىرلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن.

## ئائىشە بىنتى نەسىف

ئائىشە بىنتى نەسىف دەمەشقلىق ھەدىس ئالىمى ئەبۇ بەكرى نەسىفنىڭ قىزى بولۇپ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەدىس ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن. قاسىم ئىبنى مۇزەففەردەك داڭلىق مۇھەددىسلاردىن دەرس ئالغان ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەشھۇر ئالىم، ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى (1372 — 1448) ئۆزىنىڭ «أنباء الغمر» (دېڭىز ئۇچۇرلىرى) ناملىق ئەسىرىدە شامدىكى ھەدىسشۇناسلار قاتارىدا ئائىشىنىمۇ تىلغا ئالغان. ئائىشە مىلادىيە 1391- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئائىشە ئەندەلۇسىيە

ئائىشە ئىسلام فۇتۇھاتلىرىنىڭ سەمەرىلىك نەتىجىسى بولغان ئەندەلۇستىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولغان ئەبۇ ئابدۇللاھ سەغىرنىڭ ئانىسى. قويۇق سىياسىي كەيپىيات ۋە ئىسلامىي تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئائىشە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ۋە سىياسىي تەدبىرگە ئىگە ئەقىل-پاراسەتلىك ئايال بولغان. مىلادىيە 1242- يىلى خەلىپە ئەبۇ ئابدۇللاھ سەغىرى ئەندەلۇسنىڭ ئەڭ مۇھىم شەھەر مەركىزى غىرناتەنى ياۋروپالىق فىرناندو بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئىلزابىتقا تاپشۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئائىشەمۇ ئوغلى بىلەن بىرلىكتە غىرناتە شەھىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئىسپانلار «ئەرەبلەرنىڭ ئاھ ئۇرىدىغان جايى» دەپ ئاتىۋالغان يەردە ئائىشە غىرناتە شەھىرىگە نەزەر تاشلاپ كۆزىدىن ھەسرەت-نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئەرەب ۋە تۈرك تارىخ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن ھېكمەت، ئەقىل بىلەن يۇغۇرۇلغان مەشھۇر نۇتقىنى سۆزلەيدۇ. تۆۋەندىكىسى ئەنە شۇ نۇتۇقنىڭ تەرجىمىسى:

«ئىسىل نەسەبلىك ئەرەبنىڭ ئەۋلادى بولۇشقا لايىق ئەمەس ئەي قاچقۇن، سېنى ئوغلۇم دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، كاشكى سەن كەبى خەيرىنسىز، نامەرد ئەۋلادنى تۇغقۇچە تاش تۇغقان بولسامچۇ، يىغلا، كۆزۈڭدىن ياش ئەمەس، قان ئاقتۇرۇپ يىغلا، ئەركەك كەبى قوغدىيالمىغان مۆھتەرەم ۋەتىنىڭ ئۈچۈن يىغلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىر يۈرەك باھادىرلىرى كۆتۈرگەن بىرلىك بايرىقىنى سەن ساقلىيالمىدىڭ، ۋەتىنىڭنى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ پاسكىنا ئاياغلىرىدىن قۇتۇلدۇرالمىدىڭ، سەن بۇ دۇنيانىڭ سايىدەك تۇرالغۇسىز راھەت-پاراغەتلىرىنى ۋەتىنىڭدىن ئارتۇق بىلدىڭ. كېچە-كۈندۈز كېنىزەك-ئاغىچىلىرىڭ بىلەن باغچىلارنى سەيلى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆلكىلىرىگە ئەسىر بولدۇڭ. بىر دەقىقىلىك شەھۋانىي



نەپسىڭ ئۈچۈن ۋەتەن-خەلقىڭ شان-شۆھرىتىنى پايمال قىلدىڭ. ئەجدادىڭ: «ئەي كىبىرەكسىز ئەۋلاد، ئۇلۇغ بوۋىلىرىڭ ساڭا بەرگەن قىلىچنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟ غىرناتىدەك گۈزەل شەھەرنى، ئۇنىڭدىكى ھەشەمەتلىك ھەمرا ۋە بەيزا قەسىرلىرىنى كىملەرگە تاپشۇردۇڭ، دۈشمەننى قورقۇنچتىن غال-غال تىترەتكەن باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ قانلىرى بىكارغا ئاقامدۇ؟ نەسىللىك ئۈچقۇر ئاتلارنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟» دەپ سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن؟ ئادالەت قىلىچىنى ئەمرىمگە ئىتائەت قىلمىغان كىشىلەرنى جازالاشقا ئىشلەتتىم، غىرناتىنىڭ گۈزەل باغچە-سارايلىرىدا، چىمەنىستانلىرىدا قانغۇچە كۆڭۈل ئاچتىم، ۋەتەن ئامانلىقى، مىللەت كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىدىم، بەلكى ئۇلارنى نەپسى-خاھىشىم ئۈچۈن دۈشمەن ئالدىدا قۇربان قىلدىم. سىلەرگە ئۇرۇشتا قانات بولغان ئەرەب ئاتلىرىنى ھەر تەرەپتىن گۈزەللەر، چۆرە-كېنىزەكلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن ئىشلەتتىم، دەمسەن؟ ئەندەلۇسنىڭ كەڭ سەھرالىرىغا، مۇنبەت ئېتىز-قىرلىرىغا، كاتتا سارايلىرىغا، مەرىپەت بۇلىقى بولغان كىتابخانىلىرىغا، ئىپار پۇرايدىغان گۈلىستانىغا، ئەجدادىڭ قېنىدەك بويالغان تۇپراققا قارا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن ھىدايەت مەشئىلىنى كۆتۈرگەن ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قارارگاھى بولغان غىرناتىنىڭ سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن خاراب بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئارامگاھى بولغىنى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە قاتتىق ئەيىب-لەنەتكە قالىسەن. قاچ، قورقۇنچاق قاچقۇن، ۋەتىنىڭدە سەن باش تىققۇدەك تۆشۈك قالمىدى، ئاگاھ بولغىنكى، ئەمدى ئافرىقا چۆللىرىدە ھايۋان كەبى ياشايسەن، كەت، قالغان ھاياتىڭنى خارلىق ۋە پۇشايماندا ئۆتكۈز، غاپىل بولمىغىنكى، يالغۇز بۇ جازا بىلەنلا قۇتۇلالمايسەن، دۈشمەن بىچارە خەلقىڭنى زۇلۇم بىلەن قەتلى قىلىدۇ، ئەندەلۇستا ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ زاۋاللىقىغا سەۋەب

بولغان غىرناتە شەھىرىنى دۈشمەنگە تاپشۇرغان ئەبۇ ئابدۇللاھ سەغىرىنىڭ ئۇلۇسى (خەلقى) تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ».

## ئائىشە ھۇببى قادىن

ئائىشە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ياشىغان ئىستانبۇلدىكى مەشھۇر ئەدىبە ۋە شائىرە. تارىخىي مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، ئائىشە شەيخ يەھيانىڭ نەۋرىسى، سۇلتان سەلىم سانىينىڭ خوجىسى شەمسى چەلەبىنىڭ ئايالى ئىدى. «ئاشىق چەلەبى تەزكىرىسى»دە ئائىشىنىڭ يۇقىرىقى مۇناسىۋەت تۈپەيلى، سۇلتان سارىيىدىكىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، سۇلتان سەلىمنىڭ شاھزادە ۋاقتى ۋە تەختكە چىققاندىن كېيىنكى چاغلىرىدىكى دائىملىق سۆھبەتدىشى ۋە ھەمراھى بولغانلىقى ھەققىدە بايانلار يېزىلغان. ئائىشە ئۆزىنىڭ نازۇك ھېسسىيات، نەپىس تىل بىلەن تويۇنغان گۈزەل شېئىرلىرى بىلەن داڭق قازانغان بولۇپ، غەزەلىيات، قەسىدىلەر ۋە مەسنەۋىلەر يېزىپ قالدۇرغان. 3 مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق «خۇرشىد ۋا جەمشىد» نامدا بىر شېئىرلار توپلىمى بولۇپ تۆۋەندىكى شۇ توپلامدىن پارچە:

دۇئا ئەمىسلى يۇسۇف كەبىدۇر ھەم،
كىم ئاڭا مۇشتەرىدۇر خەلقىئالەم.
بىراەر ھەر كىشى مەقدۇرىچە گەۋھەر،
ئاتا مۇشتەرىسىدىن ئۇۋلالەر.

ئائىشىنىڭ يەنە ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مۇراد سالىس بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقى ئۇنىڭ سۇلتان مۇرادقا ئاتاپ يازغان غەزەللىرىدىن مەلۇم. شائىرەنىڭ توپلامدىكى شېئىرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئائىشە تۈرك تىلىدىن باشقا يەنە ئەرەب،



پارس تىللىرىدىمۇ راۋان ھالدا گۈزەل نەزمىلەرنى يېزىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان.

## ئائىشە بىنتى قازى ئەلائىددىن

ئائىشە بىنتى قازى ئەلائىددىن 14- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسە بولۇپ، قازى ئەلائىددىن ھەنبەلىنىڭ قىزى ۋە قازى ئىززىددىن ئىبنى بۇرھانىددىننىڭ ئانىسى. مەشھۇر ئالىم ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى «دېگىز ئۇچۇرلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئائىشىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى تالانتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئائىشە ئالىم فەقىھىددىن ئەسقەلانىنىڭ ئىلىم سورۇنىغا ھازىر بولۇپ دەرس ئالغان. مىسىر ۋە شامدىكى زور كۆپچىلىك مۇھەددىسلەردىن ھەدىس تەلىم ئالغان ۋە رىۋايەت قىلىشقا ئىجازەت ئالغان. ئائىشە مىلادىيە 1436- يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئائىشە سىددىيقە

ئائىشە سىددىيقە ئىستانبۇلدىكى مۇستەفا ئىسمىلىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، ئوسمان تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر مائارىپچى ئىدى. راستچىل، سەممىي ئايال مەنىسىدىكى سىددىيقە ئائىشىنىڭ تەخەللۇسى.

ئائىشە ئەينى ۋاقىتتىكى قىز-ئاياللار مەكتىپى (دار المعلمات) ۋە سانايى نەفىسەدە ھەر قايسى پەنلەردىن دەرس ئۆتكەن. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق پېداگوگىكا تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە بەختىگە بولغان ئويغاق ۋىجدان، مەسئۇلىيەتچان تۇيغۇ بىلەن «تەلىم-تەربىيە ئۇسۇللىرى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب مىلادىيە 1894- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان. ئاپتور كىتابتا مىللەتنىڭ گۈللىنىشى بىۋاسىتە ھالدا ئاياللارنىڭ

ساپاسى بىلەن مائارىپ تەربىيىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈرىدىگەن ھالدا پېداگوگىكا ئۇسۇللىرى، تۈزۈلمىسى، مەزمۇنى ھەققىدە جانلىق پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئائىشە كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە تۈرك مىللىتىگە مۇنداق خىتاب قىلغان:

«ئىنسانىنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقى، ئەخلاقى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى كىچىك چېغىدا كۆرگەن تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بەزى ھايۋانلار مەخسۇس تەربىيىلەش، ئۆگىتىش ئارقىلىق ئەسلىي تەبىئىتىدە بولمىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. تەپەككۇر ۋە ئەقىلگە ئىگە ئىنسانىيلىك بىرىنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىك، يەنە بىرىنىڭ يامان خۇلقلۇق بولۇشىمۇ تەربىيىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر تەلىم-تەربىيە يالغۇز كىتابلاردا يېزىلغان نەزەرىيىۋى پىكىرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ھېكايىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ تەربىيە كامالەتلىك كىشىلەردىن ئۆرنەك ئالماق، يامانلاردىن ئىبرەت ئالماق بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بىز ئىلكىمىزدىكى بايلىقنى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلساق، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرۈپ تۇرغان بالىلىرىمىزغا قانداقمۇ ئىقتىسادچىللىق، توغرا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەققىدە سۆز ئاچالايمىز؟ قانداقمۇ ئۇلارغا ئۈلگە بولالايمىز؟ ئەگەر بىر كېچە-كۈندۈز ۋارقىراش-جارقىراش، جېدەل-ماجىرا، سەت تىللار بىلەن ياشىساق، قانداقمۇ بالىلاردىن گۈزەل سۆز، خۇش مۇئامىلە تەلەپ قىلالايمىز؟ بالىغا مەكتەپتە قانداق ئوقۇتقۇچى بولسۇن، بەلگىلەنگەن كىتابتىكى دەرسنى بېرەلەيدۇ. لېكىن، ئەخلاق ۋە تەربىيە دەرسىنى ئانا كەبى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. بالىنىڭ بىرىنچى تەربىيىچىسى ئانىدۇر، ھەتتا ئانىسى يوق بالىغا ئۇنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، تەربىيە بېرىدىغان ئانا ئورنىدىكى بىر ئايال لازىم بولىدۇ. مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتى ياكى خار-زەبۇنلۇقىغا مۇقەررەر ھالدا ئاياللار بىۋاسىتە ھەم چوڭقۇر



تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنى تەربىيىلەش، ئىقتىدارلىق ۋە شىجائەتلىك ئانىلارنى يېتىشتۈرمەك ئەڭ مۇھىم خىزمەتتۇر».

## ئائىشە قۇرتۇبىيە

ئائىشە 10- ئەسىردە ئەندەلۇستا دەسلەپ پايتەخت قىلىنغان مۇھىم شەھەر — قۇرتۇبىدا ئەھمەد ئىسىملىك كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىشە ئەندەلۇس ئەدىبەلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، پاساھەتلىك شېئىرلىرى، مول بىلىم مەلۇماتى بىلەن شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقالغان. ئائىشە شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى ناچار ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قاتتىق سۆككەن، گۈزەل پەزىلەت ئىگىلىرىنى ئۇزۇن قەسىدىلەر بىلەن مەدھىيىلىگەن. ئائىشە ئۇستا خەتتات بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھۆسنىخەت بىلەن يېزىپ كۆچۈرۈش بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان.

ئائىشە مەخسۇس كىتابخانا ياساتقان بولۇپ، كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكى، كېچە-كۈندۈز ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئاجايىپ ئىجتىھاتى بىلەنمۇ داڭق چىقارغان. ئائىشە توي قىلىش تەكلىپى قويغان لايىقلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، خۇشاللىق-بەختىنى ئىلىمدىن ئىزدىگەن. ھايات ئەستىلىكلىرىنى كىتاب-ئىلىم بىلەن بېزىگەن ئائىشە مىلادىيە 1009- يىلى باكىرە (قىز) ھالدا ۋاپات بولغان ۋە قۇرتۇبى شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان.

## ئائىشە نەبەۋىيە

ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئىمام ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى زەينۇل ئابىدىنىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ قىزى ۋە ئىمام

مۇسا كازىمنىڭ ھەمشىرىسى. ئائىشە ئالىمە، زاھىدە، تەقۋا ئايال بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۆگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولۇشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك شان-شەرەپتۇر. ئائىشە مىلادىيە 762- يىلى ۋاپات بولغان. قاھىرەدىكى قەرافە دېگەن جايغا دەپىن قىلىنغان.

## ئائىشە ئىسمەت

ئائىشە ئىسمەت 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئەدىبە، شائىرە ۋە پېداگوگ ئايال. ئائىشە مىلادىيە 1840- يىلى قاھىرەدە ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئىسمائىل پاشا تۆمۈر مىسىردىكى تونۇلغان زىيالىي بولۇپ، ئائىشىنىڭ ئىككى ئاكىسى ئەھمەد تۆمۈر بىلەن مۇھەممەد تۆمۈرمۇ ئالىم ۋە ئەدىب، تاغىسى مەھمۇد تۆمۈر تالانتلىق يازغۇچى ئىدى. ئائىشە ئەۋۋەل ئائىلە شارائىتىدا كىچىكىدىن باشلاپ «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس، فىقھى، ئەرەب تىلى گراماتىكىسى ۋە پارس تىلى ئۆگەنگەن. ئائىشىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئالاھىدە ھەۋىسى ۋە تالانتىنى كۆرگەن دادىسى كۈندە ئىككى سائەتنى ئائىشەنىڭ «شاھنامە»، «مەسنەۋى»لەردەك شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىشىگە ئاجراتقان. ئائىشە 14 يېشىدا ئىستانبۇللۇق مۇھەممەد ئابدۇللاھقا ياتلىق بولغان. 21 يېشىدا ئېرى ۋاپات بولغان.

ئائىشە قايتىدىن پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىپ، زامانىسىنىڭ ئايال ئالىملىرىدىن گراماتىكا، ئارۇز ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئائىشىنىڭ يالغۇز قىزى تەۋھىيدە 18 يېشىدا كېسەل بىلەن تۈگەپ كەتكەن. بۇ ئېغىر زەربىدىن ئائىشە قاتتىق ھەسرەتكە چۆمگەن. ئائىشە ئەرەب، پارس تىللىرىدا شېئىر-ئەسەرلەرنى يازغان، تۈركچە «شەكۇفە»، ئەرەبچە «شەكىللە رېبزىكى» ناملىق دىۋانلارنى نەشر قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئەھۋاللار نەتىجىلىرى»



ناملىق ئەخلاق تېمىسىدىكى بىر كىتاب يېزىپ نەشر قىلغانلىقى مەلۇم. ئەرەب ئوبزورچىلىرى ئائىشىنىڭ شېئىرلىرىنى 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ باھا بېرىدۇ. ئائىشە رېئاللىقتا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ، بەزى ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىتلەردە ئېلان قىلىش بىلەن ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئاز ساندىكى ئەدىبلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئائىشە يەنە پېداگوگ بولۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنىڭ مائارىپ بىلەن باغلىنىشلىقى، بولۇپمۇ قىز-ئاياللارنى ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشنىڭ يۈكسەك ئەھمىيىتىنى كۆرۈپ يەتكەن ۋە ئۇنى نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى قىلغان. ئىسمەت ئەرەبچە گۇناھسىزلىق، خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن پاك دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئائىشىنىڭ تەخەللۇسى. ئائىشە مىلادىيە 1902- يىلى قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەرجۇمەند بانۇ بېگىم

ئەرجۇمەند بانۇ ھىندىستاندىكى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شاھجاھان شاھابىددىن مۇھەممەد ساھىب قىران سانىينىڭ ئايالى، ۋەزىر ئاسىفخان ئىبنى مىرزا رەفىئۇززاماننىڭ قىزىدۇر. ئەرجۇمەند بانۇ مىلادىيە 1592- يىلى تۇغۇلغان ۋە 1612- يىلى شاھجاھاننىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن. ئەرجۇمەند بانۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، ئەقىل-پاراسىتى، سىياسىي تەدبىرلىرى بىلەن شاھجاھاننىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1630- يىلى زەينۇ ئاباد شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

شاھجاھان ئەرجۇمەند بانۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ئەگرە شەھىرىگە ئەرجۇمەند بانۇغا ئاتاپ تاج مەھەل مەقبەرىسىنى ياسatقان. بۇ مەقبەرە قۇرۇلۇشىنى تۈرك ئىنژېنېرى لايىھىلىگەن بولۇپ، 20 مىڭ ئادەم كۈچى بىلەن 1630-

يىلىدىن 1650- يىلغىچە ئەخمىنەن 20 يىلدا ياسىلىپ پۈتكەن. ئەرجۇمەند بانۇنىڭ جەسىتىمۇ كېيىن بۇ مەقبەرىگە كۆچۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. ئېسىل تاشلار بىلەن ئاق گەجدىن ياسالغان، تاملىرىغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى نەقىشلەنگەن تاج مەھەل مەقبەرىسى ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، ئاجايىپ نەپىس ۋە گۈزەللىكى بىلەن ھازىرقى زاماندىمۇ شەرق بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئېسىل گۆھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئەرۇزىيىە

ئەرۇزىيىە 11- ئەسىردە ئەندەلۇستا ئۆتكەن ئەدىبە. ئەرۇزىيىە ئەسلىي جارىيە (دېدەك) تەبىقىسىدىن بولۇپ، كېيىن ئازاد قىلىنغان.

ئەرۇزىيىە خوجايىنى ئەبۇ مۇززەففەردىن گراماتىكا ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئەرۇز ئىلمىدە ئالاھىدە تالانتى بولغاچقا، ئەرۇزىيىە دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ھەتتا ئەسلىي ئىسمى ئۇنتۇلۇپ، تارىختا مۇشۇ نامى قالغان. ئەرۇزىيىە ئىمام مۇبەررىدنىڭ «كامىل» ناملىق ئوقۇپ چۈشىنىشمۇ ئاز سانلىق ئالىملارغا نېسىپ بولىدىغان كىتابىغا شەرھى يازغان. تاتار ئالىمى مۇھەممەد زىھنى مۇنداق دېگەن: « ‹كامىل›نى شەرھلەش ۋە ئۇنىڭدىن دەرس ئۆتۈش توغۇل، نەشر قىلىنغان ۋاقىتتا ئىستانبۇلدا ئۇ كىتابنى توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان بىرەر ئادەمنى تېپىشمۇ تەس ئىدى». ئەرۇزىيىە ئەبۇ ئەلى قالىنىڭ «نەۋادىر» ناملىق كىتابىغا شەرھى يازغان. ئەرۇزىيىە ئۆمرىنى ئىجادىيەت، ئىلىم تارقىتىش، دەرس ئۆتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. مەشھۇر ئالىم ئەبۇ داۋۇد سۇلايمان ئىبنى نەجاھ ئۆزىنىڭ «كامىل»، «نەۋادىر» كىتابلىرىنى ۋە ئەرۇز ئىلمىنى ئەرۇزىيىەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى يازغان. ئەرۇزىيىە ھاياتىنى ئەندۇلۇسنىكى بىلىنسىيە شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بىلىنسىيىنى مەدھىيىلەپ يازغان بىر



قەسىدىسىدىن ئەرۇزىيىنىڭ تالانتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئەرۇزىيىە مىلادىيە 1058- يىلى دانىيىدە ۋاپات بولغان.

## ئەرۋا بىنتى ھارىس

ئەرۋا مەككە مۇكەررىمىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى ھارىسنىڭ قىزىدۇر. يەنى ئەرۋا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان كېلىدۇ. ئەرۋا ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ھەزرىتى ئۆمەر ۋاپاتىدىن كېيىنكى خەلىپىلىكنى، چۆرىدىگەن قانلىق سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولغان. ئەرۋا پاساھەت-بالاغەت بىلەن سۆزلەيدىغان ناتىق ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئەرۋانىڭ سىياسىي كۈرەشتىكى يەنە بىر تەرەپ — مۇئاۋىيە، مەرۋان ئىبنى ھەكىم ۋە ئەمرۇ ئىبنى ئاسلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ۋە ئەھلى-بەيتى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى)گە قىلغان مۇئامىلىلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكى تارىخىي كىتابلارغا پۈتۈلگەن. ئەرۋا مىلادىيە 670- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى

ئەسما مەككە مۇكەررىمىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزدىشى ۋە سىردىشى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزىدۇر. ئەسما مىلادىيە 595- يىلى تۇغۇلغان. ئەسما مەككىدە ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئون سەككىزىنچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئەسما ئىككىسىنىڭ سەپىرى ئۈچۈن تاماق ھازىرلاپ، ئۇزۇق

قاچىلانغان تۇلۇمنى چىگىلىدىغان يىپ بولمىغاچقا كۆڭلىكىنىڭ بەلۋېغىنى ئىككى قىلىپ يىرتىپ تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى باغلىغان. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانى «ئىككى بەلباغ ئىگىسى» دەپ ئاتىغان. ئەسمانىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان پىداكارانە روھىنى ئىپادىلىگۈچى بۇ لەقەمنى ئەسما مۇبارەك بىلىپ ئۆمۈر بويى قوللانغان.

ئەسما رەسۇلۇللاھقا ئايالار بىلەن بىللە بەيئەت قىلغان. ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئون ياش چوڭ بولۇپ، ئائىشە بىلەن دادا بىر، ئانا باشقا بىر تۇغقان ئىدى. ئەسما زۇبەير ئىبنى ئەۋامغا ياتلىق بولۇپ، زۇبەيردىن ئابدۇللاھ ۋە ئۇرۋە ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولغان. ئابدۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان بولۇپ، ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاق ئىدى. يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيىدىن كېيىن ئابدۇللاھ مەككە شەھىرىدە خەلىپىلىك تەختىدە توققۇز يىل ئولتۇرغان. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قوشۇننىڭ باشلىقى ھەججاج زالىم مەككە مۇكەررەمىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئابدۇللاھنىڭ كۆپ قىسىم ئادەملىرى تەسلىم بولۇپ، ئاز سانلىق ئادەمى بىلەن ياردەمسىز قالغاندا ئابدۇللاھ ئانىسى ئەسمادىن مەسلىھەت سورىغان. ئىمانلىق، شىجائەتلىك، ئاجايىپ سەۋرلىك بۇ ئايال: «ئوغلۇم، ھەققانىيەت ئۈچۈن ھەرگىز چېكىنمە، ئۆلۈم ئىلگىرى بولسۇن، كېيىن بولسۇن ھامان بار، ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن قىلىنچ يېمەك، خار ۋە زەبۇن ھالدا نان يېگەندىن كۆپ ئەۋزەل، خۇدا خالىسا ھەر قانداق ئىشقا سەۋر قىلىمەن، ئاۋادا مېنىڭ ئالدىمدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتسەڭ، ئىلكىمدىكى ئامانەتنى جايىغا قايتقان ھېسابلايمەن، ئەگەر زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلسەڭ خۇشال بولىمەن ۋە شۈكۈر قىلىمەن، سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دەپ دۇئا بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ جەڭگە ئۇزىتىپ قويغان. ئابدۇللاھ ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ مىلادىيە 692- يىلى شېھىت بولغان



ۋە ھەججاج تەرىپىدىن كاللىسى كېسىلىپ، ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتىلگەن.

ھەججاج ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئەسمانى ھۇزۇرىغا چاقىرتقان. ئەسما بارمىغاندىن كېيىن ھەججاج ئەسمانىڭ ئۆيىگە كېلىپ: «ئوغلۇڭنى قانداق قىلغانلىقىمنى كۆردۈڭمۇ؟» دېگەن. ئەسما: «بۇنىڭغا ھەيران قالمىدىم، سەن پەقەت ئوغلۇمنىڭ دۇنيالىقىنى خاراب قىلدىڭ، ئەمما ئۇزۇڭنىڭ دىنىڭنى — ئاخىرەتلىكىڭنى خاراب قىلىپ، چوڭ زىيان تارتتىڭ. سەن رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭا قويغان ‹ئىككى بەلباغ ئىگىسى› دېگەن لەقەمنى زاڭلىق قىلىپ، ئوغلۇمنى ئىشلەمچى خوتۇننىڭ بالىسى دەپ كەمسىتىپسەن، مەن بەلبېغىم بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولمىش رەسۇلۇللاھنىڭ تائامى قاچىلانغان تۇلۇمنى باغلىدىم. رەسۇلۇللاھ سەقىف قەبىلىسىدىن بىر يالغانچى بىلەن بىر بەدبەخت بۇزغۇنچىنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن، شۇ بەدبەخت بۇزغۇنچى سەن ئىكەنسەن»، دېگەن. ھەججاج گەپ قىلماي چىقىپ كەتكەن.

ئەسمانىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن مۇھاسىرىدىكى گەپ-سۆزلىرى ۋە كېيىن ھەججاج بىلەن بولغان سۆھبىتى تەپسىلىي ھالدا ئىبنى ئەسىرنىڭ «تارىخىي كامىل»دەك مەشھۇر تارىخ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن. ئەسما ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئون كۈن، يەنە بىر رىۋايەتتە بىر ئاي كېيىن 100 يېشىدا مەككىدە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان. بۇ چاغدا ئەسمانىڭ چىشلىرى ساق، ئەقلىمۇ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئەر-ئايال مۇھاجىرلاردىن ئەڭ ئاخىرقى ۋاپات بولغىنى ئەسما ئىدى. ئەسما رەسۇلۇللاھتىن 56 ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 14 ھەدىس ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان.

## ئەسما بىنتى ئەسەد فۇرات

ئەسما 9- ئەسىردە قىيراۋاندا ياشىغان مەشھۇر ئالىمە، فەقىھە. ئەسما داڭلىق ئالىم، قازى ئەسەد ئىبنى فۇراتنىڭ قىزى بولۇپ، ياخشى ئائىلە مۇھىتى ئەسمانىڭ ئىلمىي ھاياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان. ئەسما دائىم دادىسىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە، مۇنازىرە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ تۇرغان. ئەسما ھەدىس ۋە فىقھى ئىلمىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ھەنەفى مەزھىپىدىكى داڭلىق ئالىملاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسما مىلادىيە 864- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەسما بىنتى ئۇمەيس

ئەسما مەككە مۇكەررەمىدىكى خەسئەمىيە جەمەتىدىن بولۇپ، تەقۋالىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال ساھابىدۇر. ئەسما مەككىدە ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن ئىدى. ئەسما دەسلەپ ئابدۇلمۇتتەلىپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى)نىڭ ئوغلى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى جەئفەرگە ياتلىق بولغان ۋە ئىسلامى سەۋەبلىك مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيىتىدىن قېچىپ ئېرى بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. جەئفەردىن مۇھەممەد، ئابدۇللاھ، ئەۋن ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولغان. ھىجرىيىنىڭ 7- يىلى خەيبەر فەتھە قىلىنغاندا، ئەسما ئېرى بىلەن مەدىنىگە كەلگەن. مۇتە (مەككە بىلەن شام ئارىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى) جېڭىدە جەئفەر قازا قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانى ھۇنەين غازىتىدا ئەبۇ بەكرى سىددىققا نىكاھلاپ قويغان. ئەبۇ بەكرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەسما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ياتلىق بولغان ۋە ئەلىيدىن ئىككى



ئوغۇل تۇغقان. ئەسما تەقۋا، فازىلە، ئايال بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر ئەسمادىن چۈش تەبىرلىرىنى سورايتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس كەبى ئۇلۇغ ساھابىلار ئەسمادىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئەسمانىڭ توققۇز ھەمشىرىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى — «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» مەيمۇنە، ئىبنى ئابباسنىڭ ئايالى ئۇممۇ فەزل، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئايالى سەلما ئەسمانىڭ بىر تۇغقان ھەمشىرىلىرىدۇر. ئەسما ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەسما بىنتى يەزىد

ئەسما مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەنسارلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، پەيغەمبەرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ قوللىغان مەدىنە ئەھلى)دىن بولۇپ، جۈرئەتلىك ۋە پاساھەت-بالاغەتلىك نۇتۇقلىرى بىلەن «ئەنسارلارنىڭ ناتىقى» دەپ ئاتالغان. بىر قېتىم ئەسما ئاياللارنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاتام ۋە ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، مەن ئاياللارغا ۋاكالىتەن سىنىڭ ئالدىڭغا ئەلچىلىككە كەلدىم. ئاللاھ سىنى ئەر ۋە ئايال بولسۇن، بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. بىز ساڭا ۋە سىنىڭ رەببىڭگە ئىمان ئېيتتۇق. بىز ئاياللار سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارنى ساقلايمىز، خىزمىتىڭلارنى قىلىپ، ھاجىتىڭلاردىن چىقىمىز، باللىرىڭلارنى باغرىمىزدا پەپىلەپ ئۆستۈرىمىز. سىلەر ئەرلەر جۈمە نامىزى ئوقۇيسىلەر، كېسەللەرنى يوقلاپ ھالىنى سورايسىلەر، جىنازا نامىزى ئوقۇپ، ھەمراھسىز يالغۇز ھالدا ھەج پەرزىنى ئادا قىلىسىلەر، بۇلاردىن ئەجرى تېخىمۇ چوڭ بولغان بىر ئىش، يەنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىسىلەر، ھالبۇكى شۇ پەيتلەردە سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلارنى

ساقلاپ بەرگۈچى، كىيىمكىلىرىنى تىكىپ، يۇيۇپ تەييار قىلغۇچى، باللىرىڭلارنى بېقىپ، تەربىيىلەپ، سىلەرنى خاتىرجەم قىلغۇچى بىز ئاياللاردۇرمىز. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابىغا بىز ئاياللارمۇ شېرىك بولىمىزمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنتىقىلىق گۈزەل سۆزلەردىن سۆيۈنگەن هالدا: «هەي ئايال! ئاڭلا! سېنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئاياللارغا ئېيت، خوتۇنلار ئەرلىرى بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلسا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ ئىش قىلمىسا، ئەرلىرىنى رازى قىلسا، سەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئەۋزەل ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا ئورتاق شېرىك بولىدۇ» دېگەن. ئەسما پاساھەتلىك نۇتقى بىلەنلا ئەمەس، يەنە باتۇرلۇقى، غەيرەت-شىجائىتى بىلەنمۇ نام چىقارغان. يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئەسما ياردارلارنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ، ئەسكەرلەرگە سۇ توشۇغان، ئۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئەسما چېدىرنىڭ ياغىچى بىلەن توققۇز دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. ئەسما مىلادىيە 650- يىلى ۋاپات بولغان.

ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 81 ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ئىمام بۇخارى ئەسمانىڭ ئىككى ھەدىسىنى كەلتۈرگەن.

## ئەسما ئامىرىيە

ئەسما ئەندەلۇستىكى ئەشبىلىيە شەھىرىدىن بولۇپ، مەشھۇر ئۇستاز ۋە شائىرەدۇر. ئەسمانىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇۋەھھىدىن خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇلمۆمىن ئىبنى ئەلىگە (1094 ــ 1163) يازغان خېتى ۋە خەت ئاخىرىدىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنى مەدھىيىلەپ يازغان ئۇزۇن قەسىدىسى ناھايىتى داڭلىق.

ئەسما ئامىرىيە جەمەتىدىن بولۇپ، ئامىرىيەنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىپ «ئەسما ئامىرىيە» دەپ ئاتالغان.



## ئەسما ئىبرەت

ئەسما 19- ئەسىردە ياشىغان تۈركىيىلىك مەشھۇر خەتتات بولۇپ، ئاجايىپ سەنئەتلىك ھۆسنىخەتلىرى بىلەن داڭق چىقارغان. ئەسما ئىستانبۇللۇق ئەھمەد ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر خەتتات مەھمۇد جالالىددىننى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان. ئەسما خەتتاتلىق ماھارىتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، ھەتتا يازغان خەتلىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان مەھمۇد جالالىددىننىڭ خېتىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئىبرەت ئەسمانىڭ تەخەللۇسى بولسا كېرەك.

## ئەلىف بىنتى جامال

ئەلىف ھەنبەلى مەزھىپىنىڭ ئالىملىرىدىن جامال ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلى ئەسقەلانىي كىنانىنىڭ قىزىدۇر، ئەلىف كىچىكىدىن تارتىپ تەفسىر، ھەدىس، فىقھى ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، مۇھەددىسە بولۇپ يېتىشكەن ۋە شاگىرت تەربىيىلىگەن. مەشھۇر ئالىم ئىمام سۇيۇتى ئەلىفتىن دەرس ئاڭلىغان. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئالىمەنىڭ ئىلمىي ئورنىغا بېرىلگەن يۇكسەك باھا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

## ئەمەتۇل خالىق

ئەمەتۇل خالىق بىنتى ئابدۇلەتىف 15- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇھەددىسە، ئالىمەدۇر. ئەمەتۇل خالىق تەفسىر، فىقھى ئىلىملىرىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە ئىمام سۇيۇتى ئۇنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئەمەتۇل خالىقنىڭ كۆپ مۇھەددىسلەردىن ئىجازىتى

بولۇپ، نۇرغۇن شېئىر-نەزمىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەمەتۇل خالىق مىلادىيە 1496- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەمەتۇللاھ

ئەمەتۇللاھ ئوسمانىيە ئەدىبەلىرىدىن بولۇپ، ئىستانبۇلغا ئىككى قېتىم قازى بولغان ئابدۇرەھمان زادە مۇھەممەد ئەپەندىنىڭ قىزى. ئەمەتۇللاھ ئۆزىگە سىددىقىي (ئىشەنچلىك، راستچىل مەنىسىدە) تەخەللۇسىنى قويغان. ئەمەتۇللاھنىڭ مۇكەممەل بىر شېئىرىي دىۋانى ۋە بەزى ئەسەرلىرى بار. ئەمەتۇللاھ مىلادىيە 1703- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئەدىرنە دېگەن جايدىكى ئەمىر بۇخارى تەرىپىگە دادىسىنىڭ يېنىغا دەپىن قىلىنغان.

## ئەمەتۇل ۋاھىد

ئەمەتۇل ۋاھىد بىنتى قازى ھۈسەيىن 10- ئەسىردە ياشىغان فەقىھە، ئالىمەدۇر. ئەمەتۇل ۋاھىد ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئامىنە ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بولسىمۇ، ئەمما بۇ توغرىسىدا يەنىلا ئىختىلاپ بار.

ئەمەتۇل ۋاھىد شافىئىي مەزھىپىدىكى ئالىملارنىڭ مەشھۇرى بولۇپ، فىقھى ئىلمىدىكى شۆھرىتى ئەتراپقا تارالغان. ئەمەتۇل ۋاھىد يەنە مۇھەددىسە بولۇپ، بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. شافىئىي ئالىملىرىدىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بىللە كىشىلەر سورىغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرگەن. ئەمەتۇل ۋاھىد يېتىم-مىسكىنلەرگە كۆپ خەير-ئېھسان، سەدىقە قىلىش بىلەنمۇ جامائەت ئارىسىدا ياخشى نامغا ئىگە بولغان. ئەمەتۇل ۋاھىد مىلادىيە 989- يىلى رامىزان ئېيىدا ۋاپات بولغان.



## بافۇ

بافۇ ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مۇراد IIIنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ھۆسن-جامالدا تەڭداشسىز گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە تەدبىرلىك ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن ئىززەت-ھۆرمەتكە ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان. بافۇ سۇلتان مۇرادتىن بىر ئوغۇل تۇغقان. بۇ ئوغۇل — مۇھەممەد III بولۇپ، تەختكە ئولتۇرغان. بافۇ ئېرى ۋە ئوغلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرىگە ئارىلاشقان ۋە مەسلىھەت بەرگەن. سۇلتان ئەھمەد I زامانىدا نەزەربەند قىلىنىپ ۋاپات بولغان.

## بەرەكە بىنتى سەئلەبە

بەرەكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيە ئانىسى، ساھابە ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ ئانىسى.

بەرەكە ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھنىڭ مۈلكىدىكى چۆرە بولۇپ، ئۇبەيد ئىسىملىك كىشىنىڭ نىكاھىدا بولغان. ئۇبەيدىن ئەيمەن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغاچقا، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە «ئۇممۇ ئەيمەن» (ئەيمەننىڭ ئانىسى) دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە مەدىنىدىن مەككىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئەبۋا دېگەن جايدا ۋاپات بولغان. بەرەكە ئالتە ياشلىق مۇھەممەدنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن ۋە ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئۆيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان.

بەرەكە ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى خەدىچىنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسقا ياتلىق بولۇپ، ئۇسامەنى تۇغقان. بەرەكە ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتىپ، ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلاردىن

بولۇپ، دەسلەپ ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ئوغلى ئەيمەن ھۇنەيىن غازىتىدا شېھىت بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيە ئانىسى بەرەكەنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە: «ئۇممۇ ئەيمەن مېنىڭ ئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئانام» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، بەرەكە ناھايىتى يىغلىغان. ئەتراپتىكى كىشىلەر سەۋر قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا، بەرەكە: «مەن ھاياتلىق قانۇنىيىتى بويىچە جىمى ئادەملەرنىڭ — جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ۋاپات بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، مەن ئۆلۈمگە يىغلىمىدىم، بەلكى ئەمدى ئىنسانلارغا كېلىدىغان ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىغا يىغلاۋاتىمەن» دېگەن. بەرەكە رەسۇلۇللاھتىن بەش ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىكى زامانىدا ۋاپات بولغان.

## بەرەكە بىنتى جەلىيلە

بەرەكە مىسىر ۋە شامغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەلاۋۇنىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھى شەئبان ئىبنى ھۈسەيىننىڭ ئانىسىدۇر ۋە «سۇلتانىنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ سۇلتان)» نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بەرەكە ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، كەمبەغەل-يېتىملەرگە كۆپ خەير-ئېھسان قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئالىم، ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئالاھىدە ھۆرمەتتە بولۇپ، ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپات ياردەملەر كۆرسىتەتتى. بەرەكە قاھىرەدە «سۇلتان ئانا مەدرىسى» نامىدا بىر مەكتەپ سالغان. مەكتەپتە ھەنەفى، مالىكى، شافىئىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ دەرسلىرى سىلىشتۇرما ھالەتتە ئۆگىتىلگەن. بۇ ھازىرقى زامانىدىكى «فىقھۇلمۇقارىن» (سىلىشتۇرما فىقھى) ئىلمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، مەزھەپچىلىك، تەقلىدىي قېلىپبازلىق ئەۋج ئالغان شارائىتتا، ئازماق مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، ئاساسىي



يۆنىلىشتىكى بىرلىكنى ساقلاش، ئەركىن پىكىر قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقانىدى. بەرەكە مىلادىيە 1372- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە «سۇلتان ئانا مەدرىسى»نىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## بىزەم ئالىم

بىزەم ئالىم — ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد سانىينىڭ خوتۇنى، سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ ئانىسىدۇر. بىزەم ئالىم خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ھېرىسمەن بولۇپ، كۆپ كۈتۈپخانا، مۇساپىرخانا ھەم مەسجىدلەرنى سالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى تولمە باغچىسىغا سېلىنغان جامىئە بولۇپ، بۇ يەردە ھەقسىز كېسەل داۋالايدىغان خەستەخانا (دوختۇرخانا) تەسىس قىلىنغان. ھەر بىر كېسەلنى ھەقسىز يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ، كېسەللەرنى داۋالىغان. خەستىخانا ساپ ھاۋالىق باغچىغا بىنا قىلىنغانلىقى، تەرتىپلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى، گۈزەل مۇھىتى بىلەن داڭق چىقارغان. بىزەم ئالىم مىلادىيە 1853- يىلى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان.

بىزەم ئالىمنىڭ شاھانە سەلتەنىتى، ھوقۇق-ئىمتىيازلىرى، ھاياتلىق نەپسى ئاللىبۇرۇن يەر يۈزىدىن يوقالغان بولسىمۇ، خالىسانە خەير-ساخاۋەتلىرى كىتاب بەتلىرىگە پۈتۈلۈپ، كىشىلەر قەلبىدە يادلىنىپ كەلمەكتە.

## بۇلبۇل

بۇلبۇل 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى دەمەشقتە ياشىغان بولۇپ، ئىلىم-پەزىلەت، دىيانەت ۋە پاساھەتلىك ۋەز-نۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. خەلق ئۇنىڭ گۈزەل سۆزلۈك، ئاجايىپ تەسىرلىك ۋەز-نۇتۇقلىرىغا قاراپ «بۇلبۇل» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىغان. تارىخي

كىتابلاردا بۇلبۇلنىڭ شامدىكى دەربۇل مىھرانى خانىقاسىنىڭ شەيخى ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇلبۇل مىلادىيە 1312- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇلبۇلنىڭ جىنازىسىغا زامانىسىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن باشقا توپ-توپ ئاياللارنىڭ چىققانلىقى مەلۇمدۇر.

## بەلقىس

بەلقىس «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان ساناقلىق ئاياللارنىڭ بىرى. «قۇرئان كەرىم» نەمىل سۈرىسىدە بەلقىسنىڭ ئىسمى ئېنىق ئېيتىلمايدۇ، پەقەت سەبەئى دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى دەپ ئاتالغان.

بەلقىس مىلادىيىدىن ئىلگىرى يەمەندىكى سەبەئى مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، دادىسى مەدھاد ئىبنى شەرھەبىلدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان. بەلقىس پۈتۈن خەلقى بىلەن قۇياشقا چوقۇنغان. بەلقىسنىڭ پاراسەتلىك تەدبىرلىرى ۋە سىياسەتلىرى نەتىجىسىدە سەبەئى دۆلىتى ناھايىتى گۈللەنگەن. خەلق باياشات ياشىغان. بەلقىسنىڭ ياشىغان مەزگىلى دەل سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بەلقىسنى بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىپ، مەكتۇپ يوللىغان. بەلقىس ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قىممەتلىك سوۋغىلارنى ئەۋەتكەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇنى رەت قىلغان ۋە بەلقىسنى تەختى بىلەنلا ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئازراق ئۆزگەرتىلگەن تەختىنى كۆرگەن ۋە ئەينەكتىن ياسالغان ئوردىنى چوڭ سۇ دەپ گۇمان قىلىپ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ سارايغا كىرگەن بەلقىس ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەلقىس ھەققىدىكى بايانلىرى مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختايدۇ. ئەمما، بەلقىسنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا



ياتلىق بولغانلىقى ۋە داۋۇد ئىسىملىك ئوغۇل تۇغقانلىقى قاتارلىق راۋاجلانما ۋەقەلەر تارىخچى ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ئەدەبىياتچىلارنىڭ يازمىلىرى بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار مەسىلىدۇر.

## بەھىييە

بەھىييە مەككە مۇكەررەمەدىكى بەكرى ئىبنى ۋائىل قەبىلىسىدىكى ساھابە ئابدۇللاھنىڭ قىزى بولۇپ، دادىسى بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەرلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا قول بېرىپ بەيئەت قىلغانلىقى، ئاياللارنىڭ قول بەرمەي بەيئەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى بەھىييە رىۋايەت قىلغان. بەھىييە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ نەسىل-ئەۋلادىمغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان»، دېگەن. مەشھۇر تارىخچى ئىبنى ئەسىر «تارىخىي كامىل» ناملىق ئەسىرىدە بەھىييەنىڭ 40 ئوغۇل، 20 قىز بولۇپ 60 بالا تۇغقانلىقى، بۇلاردىن 20نىسىنىڭ جەڭلەردە شېھىت بولغانلىقىنى يازغان. بەھىييە ئەرەبلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ بالا تۇغقان ئايال ھېسابلىنىدۇ.

## بىبى بىنتى ئابدۇسەمەد

بىبى بىنتى ئابدۇسەمەد مەشھۇر مۇھەددىسە بولۇپ، 997- يىلى ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلغان. بىبىنىڭ «جوزئى بىبى» (بىبىنىڭ توپلىمى) ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىبى رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر توپلانغان. بىبىنىڭ تەقۋا-ئىخلاسمەنلىكى ۋە ھەدىس ئىلمىدىكى ئورنى سەۋەبىدىن زامانىسىنىڭ ھەدىس ئالىملىرى بىبىنىڭ ھەدىسلىرىنى ئىشەنچلىك ساناپ رىۋايەت قىلغان. بىبى مىلادىيە 1084- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## بىبى خانىم

بىبى خانىم مەشھۇر ئىمپېراتور ئەمىر تۆمۈرنىڭ خوتۇنى. بىبى خانىم يېتىم-يېسىر، كەمبەغەللەرگە رەھىمدىل، خەير-ئېھسان ئىشلىرىغا ناھايىتى ھېرىسمەن تەقۋادار، فازىلە ئايال بولغان. بىبى خانىم مىلادىيە 1398- يىلى سەمەرقەند شەھىرىدە بىر كاتتا مەسجىد بىنا قىلغان. بۇ مەسجىد «بىبى خانىم مەسجىدى» دەپ ئاتالغان. بۇ مەسجىد بۈگۈنكى كۈندىمۇ سەمەرقەندتىكى ئاۋات مەسجىدلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

## پەرتوپىيال

پەرتوپىيال ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئانىسى ۋە سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ خوتۇنى.

پەرتوپىيال ناھايىتى مەرىپەتپەرۋەر ئايال بولۇپ، كۆپ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغان. مىلادىيە 1871- يىلى ئاقسارايدا كۈتۈپخانا ۋە ھەشەمەتلىك مەسجىد بىنا قىلغان بولۇپ، مەسجىد ئىچىدە بالىلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ۋە مۇئەللىم، خادىملار، ئىمام-مەزىنلەر ئۈچۈن ياتاق سالدۇرغان. پەرتوپىيالنىڭ يەنە ئەسكى دار ۋە ھىجاز رايونلىرىدا بەزى خەيرىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى بىنا قىلغانلىقى مەلۇمدۇر.

## تەزكار پاي خاتۇن

تەزكار پاي خاتۇن مىسىردىكى ئەييۇبىلار خانىدانىنىڭ پادىشاھى زاھىر بېبىرسنىڭ (1128 — 1277) قىزىدۇر.

تەزكار پاي خاتۇن دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن سەككىز يىل كېيىن، يەنى مىلادىيە 1285- يىلى قاھىرەدە «رەبات باغدادىيە» نامىدا بىر



خانىقا بىنا قىلغان. بۇ خانىقا يالغۇز زىكىر-ئىبادەت قىلىشقىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئاياللارغا دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىملەردىن دەرس ئۆتىدىغان، ئالىمەلەرنى تەربىيىلەيدىغان تەربىيىخانا بولغان. تەربىيىخانىغا مەخسۇس مۇئەللىمەلەر بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىق، گۈزەل خۇلقلۇق، ئۆز كەسپىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇشىدىن باشقا يەنە پېداگوگ ئىلمىدىن خەۋەردار، ئوقۇتۇش، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى شەرت قىلىنغان. بۇ مۇئەللىمەلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى «بىنتى بەغدادىيە» دەپ نام ئالغان زەينەب بىنتى ئەبۇ بەرەكات بولۇپ، تەزكار پاي خاتۇن زاھىدە ۋە ئالىمە زەينەبنىڭ نامىدا بۇ خانىقانى بىنا قىلغان. بۇ تەربىيىخانىنىڭ دەرۋازىسى جەمئىيەتكە كەڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەر قانداق ئايال كىرىپ تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. بۇ يەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر پروگراما شەكلىدە ئىلمىي پىلان بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، تەرتىپ-نىزاملىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق بولغان. تەربىيىخانا نەزەرىيىۋى دەرسلەردىن باشقا يەنە ئەمەلىي ئوقۇتۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ئاياللارغا قارىتىلغان ۋەز-نەسىھەت دەرسلىرى تەسىس قىلغان. يېتىشكەن ۋائىزەلەر ھەر خىل دىنىي ئىجتىمائىي ئىشلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، ئاياللارنى تەربىيىلىگەن.

بىر ئەسىرلىك جاپالىق كۈرەش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىدە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ئاياللار ئاقارتىش مەدەنىيەت دولقۇنىنى قوزغاپ، ئېتىقادلىق، ساپالىق ئانىلارنى ھازىرلاش بىلەن مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە پۇختا ئۇل قويۇۋاتقان بۇ تەربىيىخانا 1403- يىلى يېپىلغان ۋە قايتا ئېچىلمىغان.

ھېممەتلىك، ئىلىم سۆيەر تەزكار پاي خاتۇننىڭ نامى شانۇشەۋكەتلىك سەلتەنىتى ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلىرى بىلەن ئەمەس، مىللەت مەنپەئەتى ئۈچۈن بىنا قىلغان خانىقا ۋە تەربىيىخانىنىڭ ئىزلىرى بىلەن ئۆچۈپ كەتمەي ساقلىنىپ قالغان.

## تۇرخان

تۇرخان ئوسمان تۈركلىرىدىن سۇلتان ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى ۋە سۇلتان مەھمۇد تۆتىنچىنىڭ ئانىسىدۇر. تۇرخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى خەدىچە بولۇپ، تۇرخان ئۇنىڭ سۇلتان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىگە بېرىلگەن خاس نامدۇر. تۇرخان زاھىدە، فازىلە ۋە كۆپ خەير-ئېھسان قىلغۇچى ئايال بولۇپ، كۆپلىگەن مەكتەپ، كىتابخانا، كۆۋرۈكلەرنى سالدۇرغان. قېيناتىسى ماھپەيكەر سۇلتان ئاساسىنى قۇرغان جامئى شەرىفنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇرخان مەسئۇل بولۇپ ياساپ پۈتتۈرگەن. مىلادىيە 1683- يىلى تۇرخان ئالەمدىن ئۆتكەندە مۇشۇ جامئەنىڭ يېنىغا دەپىن قىلىنغان.

## تۈركان خاتۇن

تۈركان خاتۇن ئىراندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سالجۇقىلار پادىشاھلىقىنىڭ ئۈچىنچى شاھى مەلىكشاھ ئەبۇ فەتھى جالالىددىن ئىبنى ئالىپ ئارسلان ئىبنى چىغرىبەگنىڭ خوتۇنى. تۈركان خاتۇن ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئېرىگە ھەر دائىم يول كۆرسىتىپ مەسلىھەت بەرگەن. تۈركان خاتۇن ئەقىل-پاراسىتى، تەدبىرلىك سىياسەتلىرى بىلەن مەلىكشاھنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا مەلىكشاھ ھاكىمىيىتىدىكى دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەرنىڭ ۋەزىر نىزامۇلمۇلۈك ۋە تۈركان خاتۇننىڭ تەدبىرلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققانلىقى مەلۇمدۇر. تۈركان خاتۇن مەلىكشاھتىن مەھمۇد ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغقان بولۇپ، مەلىكشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن ئۆگەي ئوغلى بەركيارىق



بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. تۈركان خاتۇن كۆپلىگەن مەسجىد، مەكتەپ، شىپاخانىدەك خەير-ساخاۋەت مۇئەسسەسەلىرىنى بىنا قىلغان. ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ئالىي نوپۇز بىلەن ياشىغان تۈركان خاتۇن مىلادىيە 1094- يىلى رامىزان ئېيىدا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان.

## تەقىييە

تەقىييە 12- ئەسىردە ياشىغان شام رايونىدىكى مەشھۇر شائىرەدۇر. تەقىييە مىلادىيە 1111- يىلى دەمەشق شەھرىگە يېقىن ئەرماناز يېزىسىدا غەيس ئىبنى ئەلى ئىسىملىك كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تەقىييە زامانىسىنىڭ مەشھۇر شەيخلىرىدىن ئەدەبىيات، ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە پاساھەت-بالاغەتلىك شېئىرلىرى بىلەن داڭق چىقارغان. ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق تەقىييەنى دەمەشق بوستانلىقلىرىدىن قۇملۇق تىمتاسلىقى ۋە دېڭىز شاۋقۇنلىرى ئارىسىدىكى مىسىرغا ــ ئىسكەندەرىيىگە باشلاپ كەلگەن. بۇ يەردە تەقىييە مەشھۇر ھەدىس ئالىمى ئەبۇ تاھىر سەلەفىنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشقان ۋە ئۆلىمالار، ئەدىبلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. تەقىييە مىلادىيە 1183- يىلى ئىسكەندەرىيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تەيتۇغلى

مەراكەشلىك مەشھۇر ساياھەتچى ئىبنى بەتتۇتە ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەراي شەھرىگە كەلگەندە، ئۆزبەكخاننىڭ خوتۇنى تەيتۇغلىنىڭ قوبۇلىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرغان. ئىبنى

بەتتۇتەنىڭ خاتىرىسىدىن مەلۇمكى، تەيتۇغلى يىراقتىن كەلگەن مېھماننى زور ئىلتىپات ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان.

تەيتۇغلى ئەقىللىق، تەدبىرلىك، فازىلە، تەقۋا ئايال بولۇپ، كۆپ خەير-ساخاۋەت مۇئەسسەسىلىرىنى بىنا قىلغان. تەيتۇغلىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە قايىل بولغان ئۆزبەكخان چوڭ-كىچىك ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغان. تەيتۇغلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۆزبەكخاننىڭ قاتتىق ھەسرەت چەككەنلىكى مەلۇم.

## جاھان ئارا بېگىم

جاھان ئارا بېگىم ھىندىستاندىكى موغۇل خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن شاھىجاھاننىڭ قىزىدۇر. جاھان ئارا بېگىم ئەقىل-پاراستى، تەقۋا ۋە فازىللىقى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان. مىلادىيە 1681- يىلى دېھلى شەھىرىدە ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

جاھان ئارا بېگىمنىڭ ھازىرمۇ دېھلىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك مەقبەرىسى بار.

## جەلىلەئىي سۇلتانىيە

جەلىلەئىي سۇلتانىيە — ئەييۇبىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن مەلىك ئادىل ئەبۇ بەكرى (؟ — 1218) نىڭ قىزى. ئەسلىي ئىسمى مۇنىسە بولۇپ، جەلىلەئىي سۇلتانىيە پادىشاھلىقدىكى مەلىكىلىك ئورنىغا بېرىلگەن ھۆرمەت نامىدۇر. مۇنىسە يېتۈك ئىلمى، گۈزەل پەزىلىتى بىلەن داڭق چىقارغان. بولۇپمۇ، مۇنىسە ھەدىس ئىلمىدىكى پۇختا بىلىمى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق ھەدىسشۇناسلاردىن بولۇپ سانالغان.



## جەمىلە بىنتى ناسىر ھەمدانىيە

جەمىلە — ھەمدانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ناسىر دۆلەت ھەسەن ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قىزى. جەمىلە تولىمۇ تەقۋا ئايال بولۇپ، سېخىيلىقى، خەير-ئېھسان ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر بولغان.

مىلادىيە 976- يىلى جەمىلە ھەجگە بېرىپ، كەئبە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 10 مىڭ دىنار سەرپ قىلغان. ھەجگە كەلگەن بارلىق ھاجىلارنى سۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 300 قۇل، 200 دېدەكنى ئازاد قىلغان. 500 تۆگىگە ئاشلىق ئارتىپ، غېرىب-غۇرۋالارغا تارقاتقان. بۇ يىل تارىختا ئەڭ بەرىكەتلىك، خەير-ئېھسانلىق ھەج يىلى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەرەبلەر ئارىسىدا بەرىكەتلىك دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا «عـام جميلـة» (جەمىلەنىڭ يىلىدەك) دېگەن ئىبارەتنى ماقال-تەمسىل ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بولغان. جەمىلە مىلادىيە 981- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## جەۋھەرە بىنتى داۋامى

جەۋھەرە — 12- ئەسىردە باغدادتا ياشىغان مەشھۇر ئالىمە. جەۋھەرەنىڭ ئاكىسى داڭلىق شەيخ ئەبۇ ھەسەندۇر. جەۋھەرە باغدادتىكى مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئەبۇ نەجىب ۋە شەيخ ئەبۇ ۋەقتىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، تەفسىر، ھەدىس ئىلمىنى ئۆگەنگەن. كېچە-كۈندۈز ئىبادەت ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن جەۋھەرە ئاياللار تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

مەخسۇس سورۇن ھازىرلاپ، ئاياللارغا نوتۇق سۆزلىگەن ۋە ۋەز-تەبلىغ قىلغان. جەۋھەرە مىلادىيە 1207- يىلى باغدادتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» جۇۋەيرىيەنىڭ ئەسلىي ئىسمى بەررە بولۇپ، بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارىس ئىبنى زىرارنىڭ قىزى ئىدى. بەررە ھىجرەتتىن 15 يىل ئىلگىرى مىلادىيە 607- يىلى تۇغۇلغان.

ھىجرىيىنىڭ 5- يىلى مۇسۇلمانلار بىلەن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەيسىتە بولغان جەڭدە مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ، بەررەنىڭ ئېرى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆزى ئەسىرگە چۈشكەن. ئەسىرلەر مۇسۇلمانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن. بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلەردىن بولۇپ، ئاياللىرىنىڭ مۇنداق ھالەتتە ئەسىرگە چۈشۈشى ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئاياللارغا مەرھەمەت قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئازاد قىلدۇرماقچى بولۇپ، ھارىسنىڭ قىزى بەررەنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئىسمىنى جۇۋەيرىيەگە ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قول ئاستىدىكى ئەسىرلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدىلىرى دەپ قاراپ، مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتكەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقاندەك، جۇۋەيرىيە ئۆز قەبىلىسى ئۈچۈن ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال بولۇپ قالغان. بۇنداق چوڭ مەردلىك ۋە ياخشى مۇئامىلە تۈپەيلى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى دەرھال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان جۇۋەيرىيە رەسۇلۇللاھتىن بالىلىق بولمىغان. رەسۇلۇللاھتىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. جۇۋەيرىيە خەلىپە مۇئاۋىيە دەۋرىگىچە ياشاپ ھىجرىيىنىڭ 50- يىلى، يەنى مىلادىيە 670- يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.



## خاتۇن

خاتۇن — ئەييۇبىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەشرەف مۇزەففەردىن مۇسانىڭ قىزىدۇر. خاتۇن بۈيۈك سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، ناھايىتى كۆپ خەير-ساخاۋەت مۇئەسسەسەلىرىنى بىنا قىلغان. سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە سالدۇرغان مەكتىپى «خاتۇنىيە مەدرىسى» دەپ ئاتالغان. خاتۇن مىلادىيە 1295- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەدىچە بىنتى بەدران

خەدىچە داڭلىق ھەدىسشۇناس شاھابىددىن ئەھمەد بەدراننىڭ قىزى بولۇپ، مىلادىيە 1396- يىلى تۇغۇلغان. خەدىچە ھەدىس ئىلمىدىكى يېتۈك ئىلمى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان.

مەشھۇر ئالىم جالالىددىن سۇيۇتى ئۆز كىتابىدا خەدىچىنى ئۇستازلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان. خەدىچىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى نوپۇزى ۋە شۆھرىتى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم ئەھلى خەدىچىنىڭ دەرسىگە قاتنىشىشنى ناھايىتى شەرەپلىك ئىش، ئىلمىي ئىمتىياز ھېسابلىغان.

## خەدىچە بىنتى جەئفەر

خەدىچە بىنتى جەئفەر ئەندەلۇستا ئۆتكەن داڭلىق ئەدىبە. خەدىچە گۈزەل قەسىدىلىرىدىن باشقا يەنە مۇزىكا ئىلمىدىكى تالانتى ۋە يۇقىرى ماھارىتى بىلەنمۇ زور شۆھرەت قازانغان.

## خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى — خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەسەد جەمەتىدىكى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى ئىدى. ئانىسى بولسا ئامىر ئىبنى لۇئەي جەمەتىدىن بولغان فاتىمە ئىدى. خەدىچە ھىجرەتتىن 68 يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 556- يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان.

خەدىچە قۇرەيش ئارىسىدا ئېسىل نەسەبى، ئەقىل-پاراسىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال ئىدى. گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن خەلق ئۇنى «تاھىرە» (پاك ئايال) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايتتى. خەدىچە نۇرغۇن مال-مۈلۈك ئىگىسى بولۇپ، كىشىلەرنى ياللاپ تىجارەتكە سالاتتى. ئەرەبىستان مەھسۇلاتلىرىنى يەمەن ۋە سۈرىيە تەرەپلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ جايلارنىڭ ماللىرىنى مەككىگە ئەكېلىپ تىجارەتتىن زور پايدا ئالاتتى.

خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىلا) گۈزەل خۇلقلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا خەلقنىڭ ئۇنى ئەمىن (ئىشەنچلىك، راستچىل) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھقا مەيسەرە ئىسىملىك خىزمەتچىسىنى قوشۇپ شامغا تىجارەتكە ئەۋەتكەن. رەسۇلۇللاھ زور پايدا بىلەن سەپەردىن قايتقان. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن خەدىچە رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ياقتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھقا ياتلىق بولۇش ئۈمىدىنى بىلدۈرگەن. رەسۇلۇللاھ خەدىچىگە ئەلچى كىرگۈزگەندىن كېيىن، قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى جەم بولغان سورۇندا، خەدىچىنى نىكاھىغا ئالغان. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ 25 ياش، خەدىچە 40 ياش ئىدى. خەدىچە ئىلگىرى ئەبۇ ھالە دېگەن كىشىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئەبۇ ھالە ۋاپات بولغاندا خەدىچە ئۇنىڭدىن ھالە، ھىند ئىسىملىك ئوغۇللىرى بىلەن قالغانىدى.



رەسۇلۇللاھ خەدىچىدىن قاسىم، ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل، زەينەب، رۇقەييە، ئۇممۇ گۈلسۇم، فاتىمە ئىسىملىك تۆت قىز پەرزەنتلىك بولغان. قاسىم بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە رەسۇلۇللاھ «ئەبۇ قاسىم» (قاسىمنىڭ دادىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئابدۇللاھ «تەييىب» (ياخشى، ئېسىل)، «تاھىر» (پاك) دەپ لەقەملەنگەن. قاسىم بىلەن ئابدۇللاھ كىچىكىدە ئۆلۈپ ئۆتكەن. بۇ رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ھىرا غارىدا ۋەھيي نازىل بولۇپ، جىبرىئىل كۆرۈنگەندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ خەدىچىگە ئېيتقان ۋە ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم دېگەن. بۇ ۋاقىتتا خەدىچە تەسەللى بېرىپ، ئىسلام تارىخىدا ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈپ قويۇشقا ئەرزىگۈدەك مۇنۇ مەشھۇر سۆزنى ئېيتقان: «ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىسەن، ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلايسەن، يوقسۇزلارغا ياردەم قىلىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، مەزلۇملارنىڭ ھالىغا يېتىسەن، ئاللاھ ساڭا شەيتاننى ۋە بولمىغۇر خىياللارنى ئاپىرىدە قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى، خەلقنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ سېنى تاللاپتۇ». — «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىنىڭ «ۋەھيينىڭ باشلىنىشى» ماۋزۇلۇق بابىدا بۇ ۋەقەلىك تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ياردەمچىسى ۋە مەدەتكارى ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھنى يالغانچىغا چىقىرىپ ئازار بەرگەندە، ھەزرىتى خەدىچە رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن رەسۇلۇللاھنى قوغدايتتى. ھەتتا پۈتۈن مال-مۈلكىنى بۇ يولدا سەرپ ئېتەتتى.

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى»[1] بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان ھەزرىتى خەدىچە ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى مىلادىيە 620- يىلى

[1] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، ئۇلۇغلاش سەۋەبىدىن نىكاھىدىكى ئاياللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ھەر قانداق بىر كىشىگە ياتلىق بولۇشى

65 يېشىدا مەككە مۇكەررەمىدە ۋاپات بولدى. مەككىدىكى ھەجۇن دېگەن جايغا دەپنە قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچىنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىدا تېخى جىنازا نامىزى ئوقۇش بېكىتىلمىگەنىدى. ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئالەمدىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىچىكىدىن تارتىپ باققان تاغىسى ئەبۇ تالىپ بەنى ھاشىم جەمەتى ئارىسىدا يۈز-ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەۋەت ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندىن كېيىن، ئەبۇ تالىپ ئۇنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئازار-كۈلپىتىدىن قوغدايتتى ۋە ھىمايە قىلاتتى. ھەزرىتى خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جان كۆيەر ھىمايىچىلىرى ۋە ياخشى ياردەمچىلىرى ئىدى. بۇلاردىن ئايرىلغان يىلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قايغۇ ھەسرەت يىلى» دەپ ئاتىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچىدىن بەك رازى ئىدى. خەدىچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ رەسۇلۇللاھ خەدىچىنى تولا ئەسلەيتتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ماختايتتى. قوي ئۆلتۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭدىن نېسىۋە ئايرىپ، خەدىچە ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرىغا ئەۋەتەتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسە، ئۇنى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچىنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «خەدىچە ئالەمدىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى. خەدىچە ئۈچۈن جەننەتتە تېشىلگەن مەرۋايىتتىن ياسالغان ئۆي تەييارلانغان. ئۇ يەردە

«قۇرئان كەرىم»دە نازىل قىلىنغان ئايەتلەر بىلەن چەكلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغۇچە نىكاھىدا تۇرغان ئاياللار مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ئورنىدا بولۇپ، ئۇلارغا باشقىچە نىيەتتە بولۇشقا، نىكاھلاپ ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى ئوچۇق بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئۇلار «امهات المؤمنين» (مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتالغان.



جاپا-مۇشەققەتمۇ، ۋاراڭ-چۇرۇڭمۇ يوق. مەن خەدىچىنىڭ پەزىلىتىنى ئەڭ بىلگۈچىمەن». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھنىڭ ھەزرىتى خەدىچىنى دائىم ئەسلىشى ۋە ماختىشىدىن كۈندەشلىكىم تۇتتى ۋە رەسۇلۇللاھقا: ‹ئاللاھ ساڭا خەدىچىدىن ياخشىراقنى بەردىغۇ؟› دېگەنىدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاچچىقتىن ساقاللىرى تىترەپ كەتتى ۋە: ‹ياق، ماڭا خەدىچىدىن ياخشىنى بەرگىنى يوق، كىشىلەر مېنى يالغانغا چىقارغاندا، خەدىچە ماڭا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان، كىشىلەر مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلغاندا خەدىچە مېنى مال-مۈلۈككە ئىگە قىلغان. ئاللاھ ماڭا خەدىچىدىن ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان› دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنچە غەزەپلەنگىنىدىن كۆڭلۈمدە ئىككىنچى قېتىم خەدىچە توغرۇلۇق باشقىچە گەپ قىلماسلىققا ئەھدە قىلدىم. رەسۇلۇللاھ دائىم خەدىچىنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنى، خۇش مۇئامىلىسىنى تىلغا ئېلىپ ماختايتتى. مەن خەدىچىنى تولا ئەسلىشى ۋە مەدھىيىلىشىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزۈم كۆرگەن ئاياللىرىدىنمۇ بەكرەك كۈندەشلىكىم كېلەتتى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا پەرزەنتلىرى خەدىچىدىن بولغان.

## *خەدىچە بىنتى زەينىددىن*

خەدىچە بىنتى زەينىددىن مىلادىيە 13- ئەسىردە ئۆتكەن ھەدىسشۇناس بولۇپ، 1249- يىللىرى ئەتراپىدا پەلەستىندە قۇددۇس شەرىفتە تۇغۇلغان. شەرىفىددىن ئىبنى شەمسىددىن ھەنبەلىگە ياتلىق بولغان. خەدىچە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھادىي، ئىبراھىم ئىبنى خەلىل كەبى مەشھۇر شەيخلەردىن ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن ۋە مەشھۇر ھەدىس ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئىلمىدىكى شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەدىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن

شۇغۇللانغان. داڭلىق ئالىم سالاھىددىن سەفەدىمۇ خەدىچىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. خەدىچە 1302- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەدىچە بىنتى سەھنۇن

خەدىچە بىنتى سەھنۇن 9- ئەسىردە شىمالىي ئافرىقىدىكى قىيراۋان شەھىرىدە ياشىغان ئالىمە. خەدىچە مەشھۇر ئالىم، قازى سەھنۇن ئىبنى سەئىد تەنۇخىنىڭ قىزى.

خەدىچە دادىسىدىن دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەزىلەت، فازىل-تەقۋالىقتا نام چىقارغان. خەدىچىنىڭ فىقھى ئىلمىدىكى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، پىكىرىنىڭ جانلىق ۋە ئۇچۇقلۇقى سەۋەبىدىن ھەتتا دادىسى چوڭ-كىچىك ئىشلاردىن باشقا ئالدىغا كەلگەن تۈرلۈك قەزا (شەرىئەتتىكى ئەھكام-پەتىۋا) مەسىلىلىرىدىمۇ خەدىچىنىڭ پىكرىنى، كۆز قارىشىنى ئالغان. خەدىچە يەنە ئاياللار دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرگۈچى بولغان. مىلادىيە 883- يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان. قىيراۋان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئائىلە مەقبەرىسىگە دەپنە قىلىنغان.

## خەدىچە بىنتى قەييىم

خەدىچە بىنتى قەييىم باغدادلىق قەييىم دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، مىلادىيە 1211- يىلى تۇغۇلغان. دادىسى خەدىچىنىڭ زېرەكلىكىگە قاراپ، ئۇنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنى ئۆگەتكەن. خەدىچە باغدادتا ئىبنى شىراز، كەرىمە، مىسىردا ئەلى ئىبنى مۇختار قاتارلىق مەشھۇر شەيخلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇلاردىن دەرس ئالغان. خەدىچە يېتىشكەن ئەدىبە ۋە



ناتىق بولۇپ، زور شۆھرەت قازانغان. خەدىچە 13- ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك ئۆلگىسى ۋە ئەڭ تەس تۈرى بولغان ماقامات ھەرىرىنىڭ ئەڭ ماھىر شەرھلىگۈچىسى بولغان. شۇ دەۋردىكى چوڭ-كىچىك ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى ماقامات ھەرىرىنى خەدىچىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. خەدىچە يەنە تەجۋىد ئىلمىدىمۇ (قۇرئاننى توغرا تەلەپپۇز بويىچە قائىدە-قانۇنىيەتلىك ئوقۇش قائىدىسى) كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. خەدىچە ئۇستا ناتىق، سۆزمەن ۋائىزە بولۇپ، جەمئىيەتتە زور تەسىر ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. مىلادىيە 1300- يىلى 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەدىچە بىنتى مەئمۇن

خەدىچە — ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مەئمۇننىڭ قىزى بولۇپ، پاساھەتلىك شېئىرلىرى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان. خەدىچىنىڭ شېئىر-قەسىدىلىرى تارىخ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن.

## خەدىچە بىنتى نۇرىددىن

خەدىچە شافىئىي مەزھىپىدىكى مەشھۇر فەقىھ ئىبنى مۇلقىن ئەلى ئەنسارىنىڭ نەۋرىسى شەيخ نۇرىددىننىڭ قىزىدۇر.

خەدىچە مىلادىيە 1386- يىللىرى تۇغۇلغان. زامانىسىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئەھۇ يەمەنىدىن دەرس ئالغان. خەدىچە فىقھى ۋە ھەدىس ئىلمىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئىمام سۇيۇتى كىتابىدا يازغان شەيخ — ئۇستازلىرى قاتارىدا خەدىچىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. خەدىچە مىلادىيە 1471- يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەدىچە شاھجاھانىيە بىنتى مۇھەممەد

مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنىڭ قىزى خەدىچە 11- ئەسىردە باغدادتا ياشىغان مەشھۇر ۋائىزە ۋە ئالىمەدۇر. شاھجاھانىيە بولسا خەدىچىنىڭ لەقىمى. خەدىچە مەشھۇر ئالىم ئىبنى سەمئۇنىدىن دەرس ئالغان. خەدىچە ھەدىس ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، تەسىرلىك ۋەز-نۇتۇقلىرى بىلەنلا ئەمەس، يەنە چىرايلىق ھۆسنىخەتلىرى، تېز خاتىرىلەش ماھارىتى بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. خەدىچە مىلادىيە 986- يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىيە 1067- يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان.

## خەدىچە بىنتى نۇۋەيرى

خەدىچە مەشھۇر مۇھەددىسە بولۇپ، مىلادىيە 1395- يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان. خەدىچە يەنە «سەئىدە» دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتالغان. ئىمام سۇيۇتى خەدىچىنى ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرى قاتارىدا ساناپ ئۆتكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا خەدىچىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى يېتۈك ئىلمى ۋە شۆھرىتى ئۇچۇن ئەڭ ياخشى كۆرسەتكۈچ سانىلىدۇ. خەدىچە مىلادىيە 1465- يىلى مەككىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەدىچە بىنتى ھەسەن

خەدىچە بىنتى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئالىمە، فازىل ئايال بولۇپ، فىقھى ۋە ھەدىس ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن. كىچىكىدىلا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئالغان. ئىلىم-پەزىلىتى بىلەن زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان. مىلادىيە 1243- يىلى ۋاپات بولغان.



## خەدىچە بىنتى ئۇبەيرى

خەدىچە بىنتى ئۇبەيرى ئالىمە، فازىل ئايال بولۇپ، 12- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ھەدىس ئالىمىدۇر. خەدىچە ھەدىس، فىقھى ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، مول بىلىمى ۋە فازىللىقى بىلەن «فەخرۇننىسا» (ئاياللارنىڭ پەخرى) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. خەدىچە پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ئەھلىلىرىگە دەرس ئۆتۈش، شاگىرت تەربىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن. مىلادىيە 1174- يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەدىچە بىنتى ئۆمەر ئىبنى سالاھىددىن بەنجالى

خەدىچە 14- ئەسىردىكى ھىندىستاننىڭ سۇلتانى ئۆمەر ئىبنى سالاھىددىننىڭ قىزى. خەدىچە كىچىكىدىن ئوردىدا ئۆلىمالاردىن دەرس ئېلىپ، ئىلىم-پەزىلەتتە زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولۇپ يېتىشكەن.

ئۆمەر ئىبنى سالاھىددىن ۋاپات بولغاندا، شاھلىق تەختىگە ئوغلى شاھابىددىن ئولتۇرغان. ئەمما، شاھابىددىن ناھايىتى يارامسىز، ئەخلاقسىز بولغاچقا، خەلق ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەمشىرىسى خەدىچىنىڭ شاھلىق ئورنىغا چىقىشىنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىنى خەدىچە باشقۇرغان. خەدىچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى زىبىبەمەھەل دېگەن جايغىچە سوزۇلغان بولۇپ، 2000 دەك ئارالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خەدىچە تۈرلۈك ئاقىلانە، خەلقپەرۋەر سىياسەت-تەدبىرلەرنى قوللانغاچقا دۆلەت ھەر جەھەتتىن روناق تاپقان. بولۇپمۇ، زىرائەت ۋە ھۆنەرۋەنچىلىكتە زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن. ھەممە يەرگە ئادالەت ۋە تىنچلىق ئورنىغان. پادىشاھلىق ئىشلىرى خەدىچىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان

ئەمىر-پەرمانلار بىلەن ئىجرا قىلىنغان. مەسجىدلەردە خەتىپلار خۇتبە سۆزلىگەندە: «ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارغا رەھمەت قىلىپ، ئۇلارغا باش قىلىپ تاللىغان بەندە — خەدىچە بىنتى ئۆمەر ئىبنى سالاھىددىنغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغىن!» دەپ خەدىچىگە خەيرلىك دۇئالار قىلغان. خەدىچە مىلادىيە 1368- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خەنسا

خەنسانىڭ ئەسلىي ئىسمى تەمازۇر بولۇپ، مەككىدىكى بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن ئەمرۇ ئىبنى هارىسنىڭ قىزى. خەنسا تەخەللۇسى بولۇپ، ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى هېسابلىنىدۇ.

خەنسا شېئىرىيەتتە زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولۇپ، پاساھەت-بالاغەت ۋە شان-شۆھرەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان شائىر يوق بولغان. خەنسا دەسلەپكى هاياتىنى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، مەككىدىكى ئىسلام دەۋىتى جەريانىدا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەرەب ئوبزورچىلىرى بىردەك شۇنداق دەپ قارايدۇكى، خەنسادەك گۈزەل شېئىرىي تىل، قايناق هېسسىيات ساھىبى بولغان شائىر بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۆتمىگەن. ئىبنى سالاھ «مەشھۇر شائىرلار» ناملىق كىتابىدا خەنسانى هەسسان ئىبنى سابىتتەك داڭلىق شائىرلارنىڭ ئالدىغا تىزىپ ناهايىتى يۇقىرى باها بەرگەن. جاھىلىيەت دەۋرىدە قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشتا خەنسانىڭ سەخىر ۋە مۇئاۋىيە دېگەن ئىككى قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن. خەنسانىڭ جان-جىگەر قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ يازغان پىغانلىق مەرسىيىلىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ناهايىتى تېزلا خەنسانى ئەڭ شۆھرەتلىك شائىرغا ئايلاندۇرغان. خەنسانىڭ شېئىرلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ ناهايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان.



هەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكى دەۋرىدە خەنسا تۆت ئوغلى بىلەن بىللە مۇسۇلمانلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان. هىجرىيىنىڭ 16- يىلى ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇش تۆت كۈن شىددەتلىك داۋاملىشىپ، ئىران ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى رۇستەم ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەسكەرلىرى ئەسىر ئېلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان. جەڭدىن ئىلگىرى خەنسا ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگەن: «ئوغۇللىرىم! سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن مۇسۇلمان بولدۇڭلار، ئۆز مەيلىڭلار بىلەن ۋەتىنىڭلارنى تەرك ئېتىپ، بۇ يات تۇپراققا كەلدىڭلار، تەڭدىشى يوق ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىر ئانا، بىر ئاتىدىن بولغان نەسەبى پاك ئوغۇللارسىلەر، دىن ئۈچۈن جەڭ قىلماق، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىچ تارتماق زور ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئىشتۇر. ئاخىرەت يۇرتى قارارى يوق پانىي دۇنيادىن ئەۋزەلدۇر. سالامەت هالدا ئەتە سۇبهى پەيتىدە كۆزۈڭلارنى ئاچساڭلار، ئاللاھتىن مەدەت-ياردەم تىلەپ جەڭگە كىرىڭلار، ئەگەر جەڭ شىددەتلىك بولسا، تاكى دۈشمەن سېپىگە بېسىپ كىرىپ مەغلۇپ قىلمىغۇچە كەينىڭلارغا ياناڭلار، شۇندا هەم غەلىبە هەم غەنىيمەت سىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. جەننەتتى ئەئلادا ئىكرام ۋە هۆرمەت كۆرىسىلەر».

خەنسانىڭ ئوغۇللىرى ئانىسىنىڭ نەسىهىتىگە ئەمەل قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، تۆتىلىسى شېهىت بولغان. بۇ خەۋەر خەنساغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ: «ئوغۇللىرىمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلغان ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمدىن هەممىسىنى جەننەتتە جەم قىلىشنى سورايمەن»، دەپ دۇئا قىلغان. خەنسانىڭ ئوغۇللىرى هەققىدە مەرسىيە يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى قېرىندىشى ئۈچۈن، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇپ كەتكۈدەك يىغلاپ، نەچچە يىللار بېيىت-مەرسىيە يېزىپ، هەسرەتتە يۈرگەن خەنسانىڭ قېرىنداشلىرىدىن چارە، جىنىدىن ئەزىز تۆت ئوغلىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا

ئۆلتۈرۈلۈپ، يالغۇز قالغاندا يۇقىرىقى دۇئا بىلەن خۇداغا ئىلتىجا قىلغان ئاجايىپ سەۋر-تاقەتنى ئۆلىمالار دەل ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قازايى-تەقدىرىگە بويۇن ئەگكەن، ئاللاھنىڭ رىزالىقى ۋە ئەبەدىيلىك باقىي دۇنيانى ئەۋزەل ۋە خەيرلىك دەپ بىلگەن، قەلبىگە مەھكەم ئورناشقان ئىمان-ئېتىقادىنىڭ كۈچى دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

قادىسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر دۆلەت خەزىنىسىدىن خەنساغا ھەر ئايدا 200 دىرھەم مائاش تەيىن قىلغان. خەنسا خېلى ئۇزۇن زامان ياشاپ، ھىجرىيىنىڭ 24- يىلى، يەنى مىلادىيە 645- يىلى ۋاپات بولغان. خەنسانىڭ بىر شېئىرى دىۋانى نەشر قىلىنغان.

## خۇنادىردو تىكىن بىنتى نوغىيە سەلاھ

خونادىردو تىكىن مىسىردىكى قەلاۋۇنىيە پادىشاھلىرىدىن خەلىل ئىبنى قەلاۋۇننىڭ خوتۇنى. خونادىردو تىكىن مىسىردىكى قەرافە دېگەن جايدا «خانىش قەبرىسى» دېگەن داڭلىق بىر مەقبەرىنى ياساتقان. خونادىردو تىكىن پۈتۈن ھاياتىنى خەير-ئېھسان، ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىشقا بېغىشلىغان. نۇرغۇن مەسجىد، مەكتەپ، قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنى بىنا قىلغان. پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى قۇللۇق جەمئىيەتتە ياشىغان خونادىردو تىكىن ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى 1000 دىن ئارتۇق قۇل، دېدەكلەرنى ئازاد قىلىۋەتكەن. مىلادىيە 839- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خوند تەتەر بىنتى مۇھەممەد ئىبنى قەلاۋۇن

خوند تەتەر قەلاۋۇنىيە پادىشاھلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى قەلاۋۇننىڭ قىزى. ئوردىدا ناھايىتى ئەتراپلىق تەلىم ئالغان خوند تەتەر ئىلىم سۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر بولۇپ يېتىشكەن، ئۇ شەرىئەت



ئىلىملىرى ئۆگىنىلىدىغان ۋە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ھىجاز ئۇسلۇبىدا مەكتەپ سالغان. مەكتەپتە شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنى ئاساس قىلغان فىقھى ئىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈلگەن. «شەيخۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغان ئالىم سىراجىددىن ئۆمەر ئىبنى رۇسلان بالقىنىغا ئوخشاش مەشھۇر ئالىملار دەرس ئۆتۈپ، نۇتۇقلار سۆزلىگەن. بۇ يەرگە يەنە مەخسۇس كۈتۈپخانا تەسىس قىلغان. كۈتۈپخانا يېنىغا يېتىم، ئىگە-چاقىسىز باللار ئۈچۈن دارىلئېتام سالغان. دارىلئېتامدىكى ھەر بىر بالىغا يېمەك-ئىچمەكتىن باشقا، قىشلىق-يازلىق كىيىم ۋە مۇئەييەن مىقداردا تۇرمۇش راسخوتى بەرگەن. ھەر قايسى پەنلەردىن دەرس ئۆتۈشكە مۇئەللىملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دارىلئېتامنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس خادىملار بەلگىلەنگەن.

## خەۋلە بىنتى سەئلەبە

مالىك ئىبنى سەئلەبىنىڭ قىزى خەۋلە ساھابىياتلاردىن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇجادىلە سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى خەۋلە ھەققىدە نازىل بولغان.

خەۋلە ساھابە ئەۋۋەس ئىبنى سامىتنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئەۋۋەس خەۋلەگە: «سەن ماڭا ئانامنىڭ ئارقىسىغا ئوخشاش» مەنىسىدىكى ﴿انت علی كظهری امی﴾ دېگەن. ئەرەبلەر ئارىسىدا بۇ سۆز ئېيتىلغان ھامان ئايال ئەبەدىيلىك تالاق قىلىناتتى. قايتا يارىشىۋېلىشقىمۇ يول يوق ئىدى. كەمبەغەللىك، باللىرىنىڭ كۆپلۈكى، يېشىنىڭ چوڭلۇقى سەۋەبىدىن بۇ خەۋلە ئۈچۈن داۋاسىز بالا-قازا ئىدى. شۇڭا خەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ بۇ ھەقتە شىكايەت قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئەرنىڭ ئېغىزىدىن مۇشۇنداق سۆز چىقىپ كەتكەندىكى ئەھۋال، يەنى «زىھار»غا شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بايان

قىلىنغان سۈرە مۇجادىلىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى نازىل بولىدۇ. شۇ بويىچە خوتۇن مەڭگۈلۈك تالاق قىلىنماي، بەلكى قەسەم ئورنىدا ھېسابلىنىدىغان زىھارنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلماق، ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكان بولمىسا، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتماق، بۇنىڭغىمۇ تاقىتى يەتمىسە، 60 نەپەر مىسكىننى تاماقلاندۇرۇپ تويغۇزماق بايان قىلىنىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن خوتۇن ئەرگە ھالال بولۇش مەزمۇنى بويىچە، ئۇۋەيس 60 مىسكىننى تويغۇزۇپ خوتۇنى خەۋلە بىلەن يارىشىۋالىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپە ۋاقتىدا بىر توپ كىشىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ كوچىغا چىققان ۋە بىر قېرى ئايالغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ ئەھۋالىنى سوراپ سۆزلەشكەن. ئارىدىن بىر كىشى: «مۇشۇ قېرى خوتۇن ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەمنى ساقلىتىپ قويامدۇق»، دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر: «ئىست ساڭا، بۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن، بۇ ھۆرمەتلىك ئايال ئاللاھ يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن شىكايىتىنى ئاڭلاپ، شۇ ھەقتە مۇجادىلە ئايەتلىرىنى نازىل قىلغان خەۋلە بىنتى سەئلەبە بولىدۇ. ئەگەر خەۋلە كېچىچە مۇشۇ يەردە تۇرغان بولسا، پەقەت ناماز ئوقۇشتىن باشقا ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان، نامازنى ئادا قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ يېنىغا سۆھبەت ئۈچۈن بارغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## خەۋلە بىنتى ھەكىم

خەۋلە بىنتى ھەكىم ئايال ساھابىلاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 15 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەر «سەھىھۇل مۇسلىم»، «سۈنەنى تىرمىزىي»، «سۈنەنى ئىبنى ماجە»گە كىرگۈزۈلگەن. شۇنداقلا سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سەئد ئىبنى ھۇسەين ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەۋلەدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.



خەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋە رەت قىلىنغان. خەۋلە كېيىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا ياتلىق بولغان.

## خەيزۇران

خەيزۇران ئەسلىي يەمەندىكى جەرىش قەبىلىسىدىن بولۇپ، باغدادقا كېلىپ، مىلادىيە 776- يىلى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى مەھدىگە ياتلىق بولغان.

خەيزۇران مەھدىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغقان. ئادىل پادىشاھلارنىڭ ئۆزىنىكى سانىلىدىغان، باغدادنى مەركەز قىلغان گۈللەنگەن ئىسلام خەلىپىلىكىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھارۇن رەشىد دەل خەيزۇراننىڭ ئوغلىدۇر. خەيزۇران ئەدىبە، ئالىمە بولۇپ، ئەقىل-پاراسىتى ۋە تەدبىرلىرى بىلەن ئېرى ۋە ئوغلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە دۆلەت ئىشلىرىغا كۆپ مەسلىھەت بەرگەن ۋە يول كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە نوپۇز ۋە يۈكسەك ئىززەت-ئابرۇيغا ئىگە بولغان. خەيزۇران كۆپ خەيرىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى بىنا قىلغان بولۇپ، مەككە مۇكەررەمەدە «دارۇ خەيزۇران» نامدا بىر بىنا سالغان. مىلادىيە 789- يىلى باغدادتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## دىلشاد خاتۇن

دىلشاد خاتۇن ئەمىر چوپاننىڭ ئوغلى ئەمىر دەمەشقىنىڭ قىزىدۇر. دىلشاد خاتۇن مىلادىيە 1320- يىلىدىن باشلاپ باغدادتا 20 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن باغداد ھاكىمى شەيخ ھەسەن كەبىرگە ياتلىق بولغان.

دىلشاد خاتۇن گۈزەل ھۆسن-جامالى، ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئېرىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ۋە مۇھەببىتىگە نائىل بولغان. ھەتتا

شەيخ ھەسەن ھەر بىر سىياسەت-تەدبىرلىرىنى دىلشاد خاتۇننىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمىغان. سۇلتان ئۇۋەيس باھادىر دەل دىلشاد خاتۇننىڭ شەيخ ھەسەندىن بولغان ئوغلى. دىلشاد خاتۇن غېرىب-غۇرۋالارغا ناھايىتى رەھىمدىل، سېخىي، خەلقپەرۋەر ئايال بولغان. دىلشاد خاتۇن ئېرىدىن ئىلگىرى مىلادىيە 1351- يىلى باغدادتا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە مەشھەد مۇرتەزا دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان.

## دەھما بىنتى يەھيا ئىبنى مۇرتەزا

دەھما 15- ئەسىردە ياشىغان ئالىمە، فازىلە بولۇپ، ئاكىسى داڭلىق ئالىم ئىمام مەھدىدىن تەلىم ئالغان. دەھما گراممانىكا، لوگىكا، ئاسترونومىيە، شېئىرىيەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن.

دەھما ئاكىسىنىڭ «الازهار» (چېچەكلەر) ناملىق ئەسىرىگە تۆت توملۇق شەرھى يازغان. فىقھى ئىلمىدىكى «مەنزۇمەتى كوفى» ۋە «مۇختەسىر مۇنتەھا» دېگەن ئەسەرلەرگە شەرھى يازغان. دەھما يەنە دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. دەھما مىلادىيە 1433- يىلى يەمەندە ۋاپات بولغان.

## رابىئە ئەدەۋىيە

رابىئە بەسرەدىكى ئەدەۋىيە قەبىلىسىدىن ئىسمائىل ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا تەقۋالىقى، فازىللىقى بىلەن داڭق چىقارغان. شۇنداقلا ئەڭ دەسلەپكى ساپ تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى.

رابىئە بەسرەدە تۇغۇلغان بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. رابىئە تەقۋادارلىقى، چوڭقۇر ھېكمەتلىك سۆزلىرى، تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلىرى بىلەن زور شۆھرەت قازىنىپ، نامى ئەتراپقا تارالغان. رابىئەنىڭ «تاج الرجال» (ئەرلەرنىڭ گۈلتاجى) دېگەن لەقىمىمۇ ئۇنىڭ



ئەرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان فازىل، تەقۋالىقى ۋە كامالى مۇھەببىتى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان.

رابىئە يەنە تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. رابىئە دىنىي ئىلىملەردىن باشقا، قەدىمكى ئەرەب ئەدەبىياتى، تارىخ ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن. مەشھۇر تارىخچى ئىبنى خۇللەكان كىتابىدا رابىئەنىڭ كېچىچە ناماز ئوقۇپ، ئاللاھنى زىكىر قىلىدىغانلىقى، ھەر قېتىم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئۆز-ئۆزىگە: «ئەي جان، قاچانغىچە ئۇخلايسەن، قاچانغىچە قوپمايسەن، بىر ئۇخلىغانچە ئويغانماي تاكى قىيامەت كۈنى سۈر چېلىنغاندا ئويغىنىشىڭ ئېھتىمالغان بەك يېقىن» دەيدىغانلىقى يېزىلغان. مەشھۇر ئالىم سۇفيان سەۋرى بەزى دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدا رابىئەدىن تەلىم ئالغان. سۇفيان سەۋرى رابىئەدىن: «سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ ھەقىقىتى نېمە ۋە جانابى ھەققە بولغان ئېتىقادىڭ قايسى دەرىجىدىدۇر؟» دەپ سورىغاندا، رابىئە: «مەن ئاللاھقا جەھەننەم ئازابىدىن قورقۇپ ۋە جەننەتنى فىردەۋسنى ئارزۇ قىلىپ ئەمەس، بەلكى ھەققە بولغان كامالى ئىشق-مۇھەببىتىم سەۋەبىدىن ئىبادەت قىلۇرمەن» دەپ جاۋاب بېرىپ شېئىر ئوقۇغان.

ئالىم مۇستەفا ئابدۇرەززاق مۇنداق دەيدۇ: «رابىئە ئىسلام تەسەۋۋۇپىدىكى مۇھەببەت ۋە قايغۇ-ھەسرەتنىڭ قائىدە ئاساسلىرىنى سالغان. كېيىنكى سوفىستلارنىڭ ئىلاھىي ئىشىق-مۇھەببەت ۋە مەنىلىك ئازابىنى ئىپادىلىشىنىڭ ئۇسلۇبى دەل رابىئە ئەدەۋىيىدىن باشلانغان. تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان مۇھەببەت ۋە قايغۇ-ھەسرەت ئەمەلىيەتتە رابىئەنىڭ ئاشىق-زاھىدلارغا ۋەز سۆزلىگەندىكى ئاتەشلىك نەپەسلىرىدىن چاچراپ چىققان تامچىلاردۇر». بەسرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۆلىماسى، تابىئىي (ساھابىلار بىلەن زاماندىش بولۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كىشىلەر)لاردىن بولغان ھەسەن بەسرى ئايالى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، رابىئەگە ئەلچى ئەۋەتكەن. رابىئەنىڭ شېئىرىي

شەكىلدە يېزىلغان رەت قىلغانلىق جاۋابلىرىمۇ تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن. رابىئەنىڭ ۋاپات بولغان يىلى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش بار، بىرى مىلادىيە 752- يىلى، يەنە بىرى مىلادىيە 807- يىلى. رابىئەنىڭ قۇددۇس شەھىرىدىكى قەبرىسى بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلانغان.

## راھىل

راھىل ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى بولۇپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغان. راھىل ئاۋۋال يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى، كېيىن بۇنيامىننى تۇغقان. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇنيامىن كىچىك چېغىدىلا راھىل ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئانىسىدىن كىچىكىلا يېتىم قالغان يۈسۈف بىلەن بۇنيامىننى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ، مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن ئوبدان تەربىيىلىگەن.

## راھىلە خانىم

راھىلە خانىم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى. راھىلە 1860- يىلى ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلغان. دادىسى مۇھەممەد سۇلتان خەلىپىتىمنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي ھەم پەننىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان مەرىپەتپەرۋەر ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار 1885- يىلى ئىكساقتا قۇرغان يېڭى مەكتەپ «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى»نىڭ قىزلار سىنىپىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. راھىلە خانىم تۈرلۈك قارشىلىق، بېسىملارغا بوي بەرمەي، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، خەلقىگە بولغان ئوتتەك سۆيگۈ بىلەن مائارىپ سېپىغا قېتىلغان. قىز-



ئاياللارنىڭ سىرتلاردا خىزمەت قىلىشى ناھايىتى قىيىن بولغان تارىخىي شارائىتتا، راھىلە خانىم قىلچە تەۋرەنمەي، ئاقارتىش مۇنبىرىدە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان.

## رەباب

رەباب ئىمرىئۇل قەيس ئىبنى ئەدىي كەلبىنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ خوتۇنىدۇر.

ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ سىنتتى سەكىينە ئىسىملىك قىزى مۇشۇ رەبابدىن بولغان. رەباب دىيانەت، فەزىل-پەزىلەت، زوھۇد-تەقۋالىق بىلەن مەشھۇر ئايال بولۇپ، ھۈسەيىن رەبابنى ۋە قىزى سەكىنەنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەن ۋە ئىززەتلىگەن. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ يازغان بېيىتلىرى بار. ئىمرىئۇل قەيس ئەسلىي ناسارا بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھوزۇرىغا كېلىپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئۈچ قىزىدىن مەھىيياتنى ھەزرىتى ئەلىگە، سەلمانى ئەلىنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەنگە، رەبابنى كىچىك ئوغلى ھۈسەيىنگە ياتلىق قىلغان.

رەباب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ مەرتىۋىسىنى ئوبدان بىلگەچكە، ناھايىتى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن خىزمىتىنى قىلغان. ھۈسەيىن كەربالا ۋەقەسىدە شېھىت بولغاندا، رەبابنىڭ يازغان تەسىرلىك مەرسىيىسى تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن. ئۇ مىلادىيە 681- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## رۇبەيئى بىنتى مۇئەۋۋىز

رۇبەيئى بىنتى مۇئەۋۋىز ئەنسارىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە بولغان، بىللە غازاتلارغا قاتناشقان، سالىھە، فازىلە ئايال

بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنىڭ بىرى. رۇبەيئى ئىسلام غازاتلىرىغا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە قاتنىشىپ، ھەمشىرە بولغان. يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭغان، ئۆلارنى شەھەرگە يۆتكىگەن. ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىغان. رۇبەيئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 21 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رۇبەيئىنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى سەھىھ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان. رۇبەيئى ھىجرىيە 45- يىلى، يەنى مىلادىيە 665- يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## رەجەب

شاھاب ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد قەلەجىنىڭ قىزى رەجەب مەشھۇر مۇھەددىسە، ئالىمە بولۇپ، مىلادىيە 1398- يىللىرى تۇغۇلغان. رەجەبنىڭ چوڭ ئانىسى — ھەدىسشۇناس سارە بىنتى تەقىيىددىن سەبەكىدىن ھەدىس ئىلمىنى ئۆگەنگەن. رەجەب مەشھۇر ئالىم ئىمام سۇيۇتىغا دەرس بەرگەن شەيخلەرنىڭ بىرىدۇر. رەجەب مىلادىيە 1464- يىللىرى 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## رەزىيىيە

رەزىيىيە مىلادىيە 1205- يىلىدىن 1291- يىلىغىچە ئافغانىستان ۋە ھىندىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن غورى پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ نامدار سۇلتانلىرىدىن شەمسىددىن ئالتىمىش مۇھەممەدنىڭ قىزى.

سۇلتان شەمسىددىن ئەقىل-پاراسەتلىك، ئىلىمگە ھېرىسمەن قىزى رەزىيىيەگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان ھەم ئۇنى ئوغۇللىرىدىن ئارتۇقراق ياخشى كۆرگەن. ھەتتا بەزىدە سەپەرگە چىققاندا، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قىزىنى قويغان. مىلادىيە 1235- يىلى شەمسىددىن ۋاپات بولغان. شەمسىددىننىڭ ئوغلى،



تەخت ۋارىسى رۇكنۇددىن فەيرۇز شاھ ناھايىتى ئەقىلسىز، شاياق بولۇپ، شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشقا ئەسلا مۇناسىپ بولمىغاچقا، ئانىسى تۈركان خاتۇن ۋاقىتنچە دۆلەت باشقۇرغان. يەتتە ئايدىن كېيىن ۋەزىر-ئۇمەرالار مەسلىھەتلىشىپ، فەيرۇزنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ھەمشىرىسى رەزىيىيەنى دېھلىدا شاھلىق تەختكە چىقارغان.

رەزىيىيە ئەرەنچە ياسىنىپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ، دۆلەت باشقۇرغان. رەزىيىيە سىياسىي جەھەتتىكى ئالاھىدە تالانتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ماھارىتى بىلەن خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلغان. جەڭلەرگە قوشۇن تارتىپ ئۆزى قوماندانلىق قىلغان. شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ بىرى كۆز تىككەن رەزىيىيەنىڭ قېرىندىشى بەھرام شاھ رەزىيىيە ھەققىدە بەزى پىتنە-ئىغۋالارنى توقۇپ تارقاتقان. شۇ تۈپەيلى مىلادىيە 1239- يىلى سەرھىند ھاكىمى، تۈرك نەسلىدىن بولغان ئالتونىيە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، پادىشاھقا قارشى چىققان. رەزىيىيەنىڭ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئالتونىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. قوشۇننىڭ خائىنلىقى تۈپەيلى، رەزىيىيە ئالتونىيىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۈچ ئاي سولانغاندىن كېيىن ئالتونىيىگە ياتلىق بولغان.

رەزىيىيەنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ۋە ئۆلىمى ھەققىدە تارىختا مۇنداق ئىككى خىل بايان خاتىرىلەنگەن. بىرى، دېھلى خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىققان رەزىيىيەنىڭ قېرىندىشى بەھرامشاھ ئالتونىيىگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ قىلغان ۋە ئالتونىيە بىلەن بىللە رەزىيىيەنىمۇ قەتلى قىلغان. يەنە بىرى، رەزىيىيە ئالتۇنىيە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى قوشۇن باشلاپ، بەھرامشاھقا ھۇجۇم قىلغان. ئەمما، قوشۇنلىرى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن. ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن چارچىغان رەزىيىيە يەر ئاغدۇرۇۋاتقان بىر دېھقانغا ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن نان ۋە سۇ سورىغان. غىزالانغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتكەن. ئەرەنچە ياسانغان رەزىيىيەنىڭ ئايال

ئىنكەنلىكىنى بىلىپ قالغان دېھقان رەزىيىيەنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەن. زىبۇ-زىننەت، كىيىملىرىنى بازارغا ساتقىلى ئاپىرىپ تۇتۇلۇپ قالغان ۋە رەزىيىيەنى كۆمگەن يەرنى دەپ بەرگەن. رەزىيىيە ناھايىتى داغدۇغىلىق ھالدا قايتا كېپەنلىنىپ دەپىن قىلىنغان. ئالتونىيە گانگ دەرياسىغا يېقىن يەردە رەزىيىيەگە ئاتاپ كاتتا مەقبەرە ياساتقان.

## رەزىيىيە خانىم

رەزىيىيە خانىم رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلاردىن قۇتلۇق يار فامىلىسىدىكى تاجىدىن ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، پېتىربورگتىكى تېببىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇپ، مېدىتسىنا كەسپىدە شاھادەتنامە (ھازىرقى باكالاۋېرلىق ئۇنۋانىغا تەڭ كېلىدۇ) ئالغان. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن ھازىرقى زامان غەربچە مېدىتسىنا كەسپىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن تۇنجى ئايال دوختۇر مۇشۇ رەزىيىيە خانىم ئىدى. ئەپسۇس، رەزىيىيە خانىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق.

## رەملە بىنتى سۇفيان

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» رەملە قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى، خەلىپە مۇئاۋىيىنىڭ ھەمشىرىسىدۇر.

رەملە ئىلگىرى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، مەككىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. مۇشرىكلارنىڭ ئازار-كۈلپەتلىرىدىن قېچىپ، ئەر-ئايال بىرلىكتە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. رەملە ھەبەشە ئىسىملىك بىر قىز تۇغقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇممۇ ھەبىيبە (ھەبىبەنىڭ ئانىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇبەيدۇللاھ ھەبەشىستاندا خىرىستىئان دىنىغا كىرگەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.



رەملە ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسلامغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىشى ۋە توسۇشىغا قارىماي ئىمانىدا چىڭ تۇرغان. قىزى ھەبىبە بىلەن يۆلەنچۈكسىز قېيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھەبىبەگە ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇ خەۋەرنى بىر دېدەك ئۇممۇ ھەبىبەگە يەتكۈزگەندە، بۇ خۇش خەۋەر ئۈچۈن قوللىرىدىكى كۈمۈش بىلەيزۈك ۋە ئۈزۈكلىرىنى دېدەككە سۆيۈنچە قىلىپ بېرىۋەتكەن. ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى، يەنە بىر قاراشتا 7- يىلى ئۇممۇ ھەبىبە «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» بولۇشتەك زور شەرەپ ۋە بەختكە مۇيەسسەر بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن. ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان ئىخلاسى ۋە ھۆرمىتى شۇنداق چوڭ ئىدىكى، مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى دادىسى ئەبۇ سۇفيان يوقلاپ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ دائىم ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىنى «بۇنىڭدا مۇشرىكنىڭ ئولتۇرۇشى لايىق ئەمەس» دەپ دادىسىنىڭ ئاستىدىن ئېلىۋالغان. ئەبۇ سۇفيان كېيىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان.

ئۇممۇ ھەبىبە رەسۇلۇللاھتىن نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، بۇنىڭ بەزىلىرى «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»غا كىرگۈزۈلگەن. ھىجرىيىنىڭ 44- يىلى، يەنى مىلادىيە 664- يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

## رەھمە

رەھمە سەۋر لەقىمى بىلەن ئاتالغان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادار، مۆمىن ئايالىدۇر. رەھمە «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان ئاياللارنىڭ بىرى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ساغلام تەن، كۆپ پەرزەنت، زور بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ، كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنى بۇ

نىئمەتلەردىن مەھرۇم قىلىش بىلەن سىنىغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مال-مۈلۈك، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغان، ئېغىر كېسەللىكلەر ئۇنى چىرمىۋالغان ھالەتتە پەقەت رەھمەلا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن كەتمەي خىزمىتىنى قىلغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن راھەت-پاراغەتتىمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىمۇ بىرگە بولغان. شەيتان رەھمەگە ۋەسۋەسە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: «بۇ بالالارغا قاچانغىچە چىدايمىز؟» دېگەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ: «راھەت-پاراغەتتە قانچە ۋاقىت بولدۇم؟» دېگەن، ئايالى: «80 يىل»، دېگەن، ئاندىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: «بالايىئاپەت ئىچىدە قانچە ۋاقىت تۇردۇم» دېگەن. رەھمە: «يەتتە يىل» دېگەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: «بالايى-ئاپەت ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزاقلىقى راھەت-پاراغەتتە تۇرغان ۋاقتىمچىلىك بولمىسا، ئاللاھ تائالادىن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەشتىن ئۇيالمامدىمەن؟» دېگەن. ئاندىن ئۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساقىيىپ قالسام سېنى چوقۇم 100 قامچا ئۇرىمەن»، دېگەن. ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەن. ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى ئۇرۇپ، قەسىمىدىن چىقىشقا بۇيرۇغان. رەھمە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلغانلىقتىن، راھەت-پاراغەتتىمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلىقتىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان.

رەھمەنىڭ نەسەبى توغرۇلۇق مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار، بىرى، رەھمە ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، يەنە بىرى رەھمە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئەفرايىمنىڭ قىزى دېگەن قاراشتۇر.



## رۇقەييە بىنتى مۇھەممەد

رۇقەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى خەدىچىدىن بولغان ئىككىنچى قىزى. رۇقەييە ھىجرەتتىن 20 يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان. ئانىسى خەدىچە بىلەن بىللە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئاياللار ئىسلام مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندا بىللە بەيئەت قىلغان.

ۋەھيي نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى رۇقەييە بىلەن سىڭلىسى ئۇممۇ گۈلسۈمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى ئوغلىغا ياتلىق بولۇش ھەققىدە چاي ئىچۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتى باشلىغان، قۇرئاندىكى ئەبۇ لەھەب بىلەن خوتۇنىغا لەنەت ئوقۇلغان مەسەد سۈرىسى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەبۇ لەھەبنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوغلى ئۇتبە رۇقەييە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى تالاق قىلغان. ئۇتەيبەمۇ ئۇممۇ گۈلسۈمنى ئەمرىگە ئېلىشتىن يانغان.

شۇنىڭدىن كېيىن رۇقەييە ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق بولغان. ھىجرىيىنىڭ 1- يىلى ئەر-خوتۇن بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. رۇقەييە بىر ئوغۇل تۇغقان. ئابدۇللاھ ئىسىملىك بۇ ئوغۇل كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئوسمان بىلەن رۇقەييە مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، رۇقەييەگە قىزىل چىقىپ ئاغرىپ قالغان. ئوسمان ئىبنى ئەففان غازاتقا چىقماي، رۇقەييەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالغان.

ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى، يەنى مىلادىيە 624- يىلى رۇقەييە كېسەل بىلەن مەدىنىدە ۋاپات بولغان. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىدا ئىدى. رۇقەييە مەدىنىگە دەپىن

قىلىنغان. رۇقەييەدىن ئەۋلاد قالمىغان. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغۇللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مۇبارەك قىزىنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك خار ۋە بەختسىز بولغان.

## رۇمەيسا

خەزرەج قەبىلىسىدىن مەلھان ئىبنى خالىدنىڭ قىزى رۇمەيسا تەقۋالىقى، ئەقىل-پاراستى بىلەن داڭق چىقارغان مەشھۇر ئايال ساھابىدۇر. رۇمەيسا «غۇمەيسا» ۋە «ئۇممۇ سۇلەيم» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

رۇمەيسا جاھىلىيەت دەۋرىدە مالىك ئىبنى نەزىرگە ياتلىق بولغان ۋە ئوغۇل تۇغۇپ، ئىسمىنى ئەنەس قويغان. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا رۇمەيسا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەمما، مالىك ئىبنى نەزىر ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىماي، شام تەرەپلەرگە كېتىپ شۇ يەردە ئۆلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئېسىل نەسەبى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا زور ھۆرمەت-ئىناۋەتكە ئىگە مەدىنىلىك ئەبۇ تەلھە رۇمەيساغا توي قىلىش تەكلىپى قويغان. رۇمەيسا: «ئەي ئەبۇ تەلھە! سەن كەبى ھۆرمەتلىك زاتنىڭ تەكلىپى رەت قىلىنمايدۇ، ھەر قانداق كىشى ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، بىراق مەن مۇسۇلمان، سەن مۇشرىك بولغانلىقىڭ ئۈچۈن سورىغىنىڭنى ئىجابەت قىلماق مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولساڭ، سېنىڭ ئىسلامىڭ مېنىڭ تويلۇق مەھرىم بولسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ تەلھە قايتىپ كېتىپ ئويلانغاندىن كېيىن، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە رۇمەيسانى نىكاھىغا ئالغان. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام ئالىملىرى: «رۇمەيسا كەبى قىممەتلىك توي مەھرى ئالغان خوتۇن يەر يۈزىدە يوق» دېيىشىدۇ. ئەقىل-پاراسەتلىك رۇمەيسانىڭ ئوغلى ئەبۇ ئۇمەيرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئەبۇ تەلھەگە يەتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، تارىخىي كىتابلاردا كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، رۇمەيسا ئون ياشلىق ئوغلى ئەنەسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان خادىملىققا ئاپىرىپ بەرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنەسكە خەيرلىك دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تا ۋاپات بولغۇچە ناھايىتى سادىقلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىنى قىلغان ئەنەسكە ئۇزۇن ئۆمۈر، باياشاتلىق تىلەپ دۇئا قىلغان. رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئەنەس ھەددى ھېسابسىز مال-مۈلۈك ئىگىسى بولۇپ، كۆپ پەرزەنتلىك بولغان ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. ئەنەس 103 ياشتا ۋاپات بولغان. ساھابىلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغىنى ئەنەس ئىدى.

رۇمەيسا ئۇھۇد غازىتىغا قاتنىشىپ، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭغان، سۇ توشۇغان. ھۇنەين غازىتىغا قاتناشقان. رەسۇلۇللاھ رۇمەيسانى ماختاپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتكەن. رۇمەيسا ئەبۇ تەلھەدىن بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويغان. ئابدۇللاھ ئون پەرزەنتلىك بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىلىملىك بولغان، ئىنشائاللاھ، ئاخىرەتتىمۇ سائادەتمەن كىشىلەردىن بولغاي. رۇمەيسا ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان خەلىپىلىكى دەۋرىگىچە ياشاپ، مىلادىيە 644- يىلىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. رۇمەيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 14 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇنىڭدىن تۆت ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.

## زاھىدە

زاھىدە تۈركىيىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئەلىي پاشانىڭ قىزى بولۇپ، ئاجايىپ يۇقىرى خەتتاتلىق ماھارىتى بىلەن داڭق چىقارغان. زاھىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ھۆسنخەتلىرى بىلەن تۈرك خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتقان. تۈرك ئىسلام

مېمارچىلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى مەسجىد، مەدرىسلەرنىڭ تام-تۈرۈسلىرىغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، ھەدىسلەرنى ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىپ نەقىشلەش ئىدى. ئەينى دەۋردىكى نۇرغۇن مەسجىد، خانىقا، مەدرىس، تەكىيىخانىلارغا زاھىدەنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ھۆسنخەت لەۋھەلىرى ئېسىلغان.

## زەھرا خانىم

زەھرا خانىم رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سىنبىر ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ئەسفەندىيار ئاقچۇرىن ئىسىملىك تاجىك كىشىنىڭ قىزى. يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا ھاياتىدىكى ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ سەركىلىرىدىن بولغان ئىسمائىل غەسفىرىنىڭ ئايالىدۇر.

زەھرا خانىم ياش ۋاقتىدا تۈرك تىلى ۋە رۇس تىلى ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى تۇنجى گېزىت «تەرجۇمان» گېزىتى يېڭىچە تەپەككۇر، ئىسلاھات ئىدىيىلىرى بىلەن زەھرانىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن زەھرا خانىمدا بۇ گېزىتنىڭ باش پىلانلىغۇچى ۋە مۇھەررىرى بولغان ئىسمائىل غەسفىرىنىڭگە زور ھۆرمەت ئويغانغان. ئىسمائىل غەسفىرىنىڭ مىللەت ۋە مائارىپ ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان جان پىدالىقلىرى، ئۇنىڭ قەلىمىدىن تۆكۈلگەن تامچىلارنىڭ كېلەچەكتە چەشمىگە ئايلىنىپ، تۆت ئەتراپقا تارقىلىدىغىنىغا ئىشەنگەن. 1881- يىلى ئىسمائىل غەسفىرنى قىرىمغا ساياھەتكە كەلگەن مەزگىلدە زەھرا خانىم بىلەن تونۇشقان. زەھرا خانىم ئۆز يۇرتىدىن، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، قەلەمدىن ئۆزگە ھېچبىر بايلىقى بولمىغان ئىسمائىل بەگكە ياتلىق بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ زەھرا خانىم «تەرجۇمان» گېزىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نەشر قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇرۇقتۇم



ھاياتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ۋە بۇ يولدا ئېرىنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى، سەپدىشى بولغان.

زەھرا خانىم بەش-ئالتە يىلغىچە «تەرجۇمان» گېزىتىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، كۆچۈرۈش ئىشلىرىنى قىلغان. ئۆزىنىڭ ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى گېزىتنىڭ مۇشتەرىلىرىنى كۆپەيتىش، مەتبەئە ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان. دىيانەتلىك ۋە سەۋرلىك بۇ خانىم گېزىت ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىر-مۇشەققەتلىك كۈنلىرىدە ئېرىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ غەيرەت-شىجائىتىنى ئۇرغۇتقان. «تەرجۇمان» گېزىتى دەسلەپكى بىخ ھالىتىدىن پۇختا ئاساسقا ئىگە قىرانلىق دەۋرىگە يەتكەندە زەھرا خانىممۇ نەچچە بالىنىڭ ئانىسى بولغان. زەھرا خانىم يەنىلا گېزىت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش بىلەن، ئېرىنى كۈتۈش، بالىلارنى ئۆزى تەربىيىلەشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان. شۇ تەرىقىدە 20 يىلنى ئۆتكۈزگەن زەھرا خانىمنىڭ ئىسمى قان-تەرى سىڭگەن ھەر بىر پارچە گېزىتتە يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىداكارانە خىزمىتى ۋە غەيرەت-شىجائىتى سەۋەبلىك، ئالەمدىن ئۆتكەندە ھەممە ۋىلايەتلەردىن 300 دەك تەزىيە خەتلىرى ئەۋەتىلگەن.

زەھرا خانىم 1901- يىلى باغچە ساراي شەھرىدە 41 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپىن قىلىنغان.

## زىبۇننىسا بېگىم

زىبۇننىسا بېگىم ھىندىستاندىكى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەبۇ مۇزەففەر مۇھىددىن ئالەمگىرنىڭ قىزى. زىبۇننىسا 1638- يىلى ھىندىستاندا تۇغۇلغان. زىبۇننىسا ماھىر خەتتات ۋە دىنىي ئىلىمدە يېتىشكەن ئالىمە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ ھۆسنخېتى بىلەن بىر قانچە نۇسخا قىلىپ كۆچۈرگەن. زىبۇننىسا يەنە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەفسىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى

«زىيبۇتتەفاسىر» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا زىيبۇننىسانىڭ يىتۈك دىنىي ئالىمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نى شەرھلەپ، تەفسىر يېزىش كۆپلىگەن ئىلىملەرگە تۇتۇشىدىغان كەڭ دائىرىلىك ۋە يۇقىرى بىلىم قۇرۇلمىسىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەك. زىيبۇننىسا پارس، ئەرەب تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا شەرىئەت دەستۇرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان «پەتىۋايى ئالەمگىرىيە» ناملىق كىتابنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلىمالىرى ئارىسىدىمۇ دىنىي مەسىلىلەر بويىچە مەشھۇر پەتىۋا كىتابىدۇر.

زىيبۇننىسا يەنە چاغاتاي تىلىدا ۋە پارس تىلىدا كۆپلىگەن گۈزەل شېئىرلارنى يازغان ئىستېداتلىق شائىرە بولۇپ، پارس تىلىدا يازغان بىر شېئىرلار دىۋانى بار. ئۇ شېئىرلىرىدا «مەخفى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. زىيبۇننىسا بېكىم ئۆمۈر بويى توي قىلمىغان. مىلادىيە 1701- يىلى دېھلىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## زەينەب بىنتى مۇھەممەد

زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان چوڭ قىزى. زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 30 ياش ۋاقتىدا، يەنى مىلادىيە 601- يىلى مەككە مۇكەررەمىدە تۇغۇلغان.

زەينەب ھاممىسى ھالە خۇۋەيلىدنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئاس ئىبنى رەبىئەگە ياتلىق بولۇپ، ئەلى ۋە ئۇمامە ئىسىملىك بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان. ئەلى كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇمامە بولسا فاتىمە زەھرا ۋاپاتىدىن كېيىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ياتلىق بولغان. زەينەب ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن ئىدى. ئەمما، ئېرى ئەبۇ



ئاس ئىمان ئېيتمىغاچقا، ئەر-خوتۇن ئىككى يىلدەك ئايرىلىپ تۇرغان. بەدرى غازىتىدا ئەبۇ ئاس مۇشرىكلار بىلەن بىللە مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن. ئەسىرلەر تۆلەم بىلەن قايتۇرۇلۇشقا باشلىغاندا، زەينەب ئېرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، توي كېچىسى ئانىسى خەدىچە بوينىغا ئېسىپ قويغان مونچاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنچاقنى كۆرۈپ، زەينەبكە ناھايىتى ئىچ ئاغرىتىپ، مونچاقنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن. زەينەبنىڭ مەدىنىگە كۆچۈپ كېلىشىگە ئەبۇ ئاسنىڭ رۇخسەت قىلىش شەرتى ئاستىدا ئۇنى قويۇپ بەرگەن. ئەبۇ ئاس ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، زەينەبنى مەدىنىگە ئەۋەتكەن. ۋەھيي نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئەبۇ ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ئىززەت-ھۆرمەت قىلىپ، خىزمىتىنى قىلاتتى. ھىجرىيىنىڭ 7- يىلى، مەككە فەتىھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەبۇ ئاس مەدىنىگە كېلىپ زەينەبتىن ئۆزىگە ھامىي بولۇشنى سورىغان ۋە مۇسۇلمان بولغان. بۇ چاغدا زەينەب ئەبۇ ئاسقا يەنە نىكاھلاپ بېرىلگەن.

ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى، يەنى مىلادىيە 630- يىلى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولۇپ، بەقىيئەگە دەپنە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنىڭ ۋاپاتىدىن ناھايىتى قايغۇرغان، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويغان.

## زەينەب بىنتى جەھش

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» زەينەب بىنتى جەھش رەسۇلۇللاھنىڭ دادىسىنىڭ ھەمشىرىسى ئۇمەييە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ قىزىدۇر.

زەينەب ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان ئايال ساھابىلەردىن ئىدى. زەينەبنى بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاتكەردىسى — بېقىۋالغان ئوغلى زەيد ئىبنى ھارىس ئەمرىگە ئالغان.

ئاللاھ سۈرە ئەھزاپتىكى 37 — 40- ئايەتلەرنى نازىل قىلىش بىلەن بېقىۋالغان بالىنى ئۆز قانداش دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشقا بۇيرۇدى ۋە يەھۇدىي، ئەرەبلەر ئارىسىدىكى بېقىۋالغان ئوغۇلنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنىنى ئېلىش ھارام دەيدىغان ئادەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزان ئۆرپ-ئادەت ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ئىكەنلىكىدەك تەشەببۇسىنىڭ يەنە بىر ئەمەلىي كۆرۈنۈشى ئىدى. زەيد زەينەبنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنى نىكاھىغا ئالغان. شۇ سەۋەبلىك ھەزرىتى زەينەب دائىم: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايمەن، ئۇلارنى دادىلىرى ياتلىق قىلغان، لېكىن ئاللاھ يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن مەن توغرۇلۇق ئايەت نازىل قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ياتلىق بولۇشۇمنى بۇيرۇغان، ئەنە شۇ ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ‹قۇرئان كەرىم›نى بولسا مۇسۇلمانلار تا قىيامەتكىچە ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ» دەپ ماختىناتتى.

ھەزرىتى خەدىچە ۋە ھەزرىتى ئائىشەدىن قالسا، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپرەك مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىگە نائىل بولغۇچى زەينەب بىنتى جەھش بولغان. زەينەب قول ئىشلىرىغا ماھىر، ئىشچان ئىدى. كەمبەغەل مىسكىنلەرگە كۆپ سەدىقە بېرىپ، خەير-ئېھسان قىلاتتى. بىرەر يەردىن ھەدىيە كەلسە «پوكۇنى بۇنىڭغا تېخىمۇ موھتاج، پۇستانى بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەقلىق» دەپ ھەممىنى نامرات، يېتىملارغا بۆلۈپ بېرىۋېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبكە: «ئۆمۈردە ماڭا ئەڭ ئاۋۋال ئەگەشكۈچى بولۇڭ، سەدىقە ۋە خەيرلىك ئەمەللىرىڭىز كۆپ بولسۇن» دەپ دۇئا قىلغان. دېگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خوتۇنلىرى ئىچىدە ھەزرىتى زەينەب تۇنجى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 20- يىلى، يەنى مىلادىيە 641-



يىلى مەككىدە 53 يېشىدا ۋاپات بولغان ۋە بەقىيئەگە دەپنە قىلىنغان. جىنازا نامىزىنى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئوقۇغان.

ھەزرىتى زەينەب بالىلىق بولمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 11 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن ئىككىسى «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.

## زەينەب بىنتى خۇزەيمە

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» زەينەب ھىلالىيە جەمەتىدىن خۇزەيمىنىڭ قىزى بولۇپ تەخمىنەن ھىجرەتتىن 26 يىل ئىلگىرى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان. زەينەب ئىلگىرى ئۇبەيد ئىبنى ھارىسنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئۇبەيد بەدر غازىتىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 4- يىللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغان. نىكاھتىن كېيىن پەقەت بىر نەچچە ئايلا ياشاپ 30 يېشىدا ۋاپات بولغان. ھەزرىتى زەينەب كەمبەغەل-مىسكىنلەرگە دائىم سەدىقە بېرىپ، كۆپ خەيرىخاھلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك «مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. زەينەبنىڭ جىنازا نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئوقۇغان ۋە بەقىيئەگە دەپنە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدا ۋاپات بولغان خوتۇنلىرىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇلار ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ھەزرىتى زەينەب بىنتى خۇزەيمەدۇر.

## زەينەب بىنتى ئەلى

زەينەب — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە زەھرا بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ قىزى، ھەسەن، ھۈسەيىننىڭ ھەمشىرىسىدۇر. زەينەب ھۆرمەت تۈسىدىكى سىتتى زەينەب (زەينەب خانىم) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

زەينەب ناھايىتى ئەقىللىق، دىيانەتلىك، پاساھەت-بالاغەتلىك ناتىق بولۇپ، چوڭ دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن بەش يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان. تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەلى، ئەۋنى ئەكبەر، ئابباس، مۇھەممەد، ئۇممۇ گۇلسۇم ئىسىملىك بەش باللىق بولغان. زەينەب ئانىسى فاتىمە زەھرا ۋە ئەسما بىنتى ئۇمەيستىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. كەربالا ۋەقەسىدە زەينەب قېرىندىشى ھۇسەيىن بىلەن بىللە بولۇپ، ھۇسەيىن ئۆلتۈرۈلۈپ، زەينەب يەزىد ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ شامغا كەلتۈرۈلگەن. زەينەبنىڭ ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيىنى قاتتىق ئەيىبلەپ ئېيتقان پاساھەتلىك نۇتۇقلىرى ناھايىتى مەشھۇردۇر. زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىز-ئاياللىرى بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتىلگەن ۋە شۇ يەردە ياشىغان. ھىجرىيىنىڭ 65- يىلى، يەنى مىلادىيە 684- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مەقبەرىسى مىسىردا زىيارەتگاھدۇر.

## زەينەب بىنتى ئابدۇللاھ

زەينەب بىنتى ئابدۇللاھ مەككە مۇكەررەمەدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇممۇسەلەمەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان قىزى، زەينەبنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلئەسەد ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ قىزى بەررەنىڭ ئوغلى بولۇپ، زەينەب ھەم نەسەب جەھەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ قىزى ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەي قىزى ھېسابلىنىدۇ.

زەينەبنىڭ ئەسلىي ئىسمى بەررە بولۇپ، بۇ ئىسىم ئاللاھنىڭ خاس سۈپەتلىرىدىن بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى زەينەبكە ئۆزگەرتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئىسىم



بىلەن ئاتالغان. زەينەب ساھابىلار ئارىسىدا ناھايىتى دىيانەتلىك، فەقىھ ئايال بولۇپ، رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسى «سەھىھۇل بۇخارى»غا كىرگۈزۈلگەن.

زەينەب ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئەگە ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇللۇق بولغان. ئىككى ئوغلى «يەوم الحرە» — ۋەقەسىدە شېھىت بولغان. ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن زەينەبنىڭ: «بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، سىلەر ھەققىدىكى ئەڭ كىچىك قايغۇمۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىلىنەتتى، مۇنداق زور جۇدالىقا مەن قانداق سەۋر قىلارمەن؟» دېگەنلىكى مەلۇمدۇر. زەينەبنىڭ ئېرى ئابدۇللاھ ھەزرىتى ئوسمان بىلەن بىللە قەتلى قىلىنغان. زەينەب ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، مىلادىيە 692- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## زەينەب بىنتى ئەھمەد

13- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ھەدىسشۇناس زەينەبا بىنتى ئەھمەد قۇددۇسلۇق بولۇپ، مەشھۇر شەيخ مۇھەممەد قەسساسىنىڭ ئانىسى. زەينەب ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن نۇرغۇن جايلارغا سەپەر قىلغان. زەينەبنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىك سەپەرلىرى، ئىجتىھاتلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ھېكايىلەر بولۇپ، تارىخچىلارنىڭ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن. ئىخلاس ۋە ئىلىمگە بولغان ئاشىقلىق زەينەبنىڭ ئەجرىنى مېۋىگە كىرگۈزگەن. ئۇ ھەدىس ئىلمىدا زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولۇپ يېتىشكەن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تالىبۇل ئىلىملەر زەينەبنىڭ ھوزۇرىغا سەلدەك ئاققان.

زەينەب ھاياتىنى شام، مىسىر، مەككە مۇكەررەمىلەردە ئەھلى ئىلىملەرگە دەرس ئۆتۈش، ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن

ئۆتكۈزگەن. مىلادىيە 1322- يىلى 77 يېشىدا بەيتۇلمۇقەددەستە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## زەينەب خاتۇن

زەينەب خاتۇن ئوسمانلى شائىرەلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى. زەينەب خاتۇن سۇلتان ئەبۇ فەتىھ مۇھەممەدخان زامانىدا ياشىغان. شائىرە ئۆز زامانىسىدىكى ئىلىم ساھىبلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان. زەينەب نازۇك ھېسسىيات، گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك تىل بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلىرى بىلەن تۈرك شېئىرىيىتىدە چاقنىغان يۇلتۇزلارنىڭ بىرى سانىلىدۇ.

## زەينەب خانىم

زەينەب خانىم مىسىرلىق مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ قىزى بولۇپ، 1828- يىلى قاھىرەدە تۇغۇلغان. ئابباس پاشا زامانىدا ئېرى يۇسۇف كامىل پاشا بىلەن ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەلگەن. يۇسۇف كامىل پاشا سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان ھۇزۇرىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان. بەش يىلدىن كېيىن زۇھد، ئىبادەتنى دۇنيا ئىشلىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپ، ئۆردىدىكى ئەمىلىدىن ئىستىپا بەرگەن. 1875- يىلى ۋاپات بولغان.

زەينەب خانىم ئىستانبۇلدا يۇقىرى ئابرۇي-ئىناۋەت، ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولغان. سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان زەينەب خانىمغا ئالاھىدە ھۆرمەت، ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلغان، زەينەب خانىم دۆلەت سىياسەتلىرىگە ئارىلىشىپ، دائىم مەسلىھەت، تەكلىپ-پىكىرلەرنى بېرىپ تۇرغان. زەينەب خانىم غېرىب-غۇرۋالارغا رەھىمدىل، خەير-ساخاۋەتچى پەزىلىتى بىلەن زور ئابرۇيغا ئىگە بولغان. زەينەب خانىم ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا 20 مىڭ جونەي قىممىتىدە يەر-زېمىن ۋەقپە قىلغان. شەرىئەت ئىلىملىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان



«سىيلىشتۇرما فىقھى» دەرسىنىڭ مۇدەررىسلىرىنىڭ مائاشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مىسىردىكى ھۇسەين مەسجىدى، نەفىسە مەسجىدى، زەينەب مەسجىدى قاتارلىق 14 مەسجىدكە يەر-زېمىن ۋەقپە قىلغان. ئىستانبۇلدا نۇرغۇن تەكىيخانا (مۇساپىرلار قونالغۇسى) سالغان. ئەسكى دار شەھىرىدە شىپاخانا سالغان، يول ياساتقان. زەينەب خانىم يەنە 400دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي نەپىقىسىنى ۋە تەربىيىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

زەينەب خانىم مىلادىيە 1885- يىلى 58 يېشىدا ئىستانبۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئەسكى دارغا دەپنە قىلىنغان.

## زەينەب بىنتى ئەلى فەۋۋاز

زەينەب بىنتى ئەلى فەۋۋاز 19- ئەسىردە مىسىردا ياشىغان ئەدىبە. ئۇ 1860- يىلى سۇرىيىدە تۇغۇلغان. ئۇن ياشقا كىرگەندە ئائىلىسى بىلەن مىسىر-ئىسكەندىرىيىگە كۆچۈپ كەلگەن. زەينەب بىنتى ئەلى فەۋۋاز مىسىردا «نىل گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى ھەسەن ھۆسنى پاشا، مۇھەممەد شىبلى قاتارلىق زىيالىي ئۇستازلاردىن ئەدەبىيات، تارىخ، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە ئىستىلىستىكا ئۆگەنگەن.

زەينەب بىنتى ئەلى فەۋۋاز مىسىردا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە شېئىرىي ئىجادىيىتىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ زەينەبنىڭ ئىجادىيەت دەرىخى ئۈزۈلمەي مېۋە بېرىشكە باشلىغان. چوڭ بىر شېئىرىي دىۋانىنى نەشر قىلغان. مىسىرنىڭ نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىدىكى ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. 1891- يىلى «نىل گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقى توغرىسىدىكى ماقالىسى جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان.

زەينەب «پادىشاھ كورىش»، «ياخشى ئاقىۋەت»، «كۆڭۈل ۋە ۋاپا» ناملىق ئۈچ پارچە رومان يازغان. بۇلاردىن ئەڭ ئۇتۇقلۇق

چىققىنى مادىيىلار دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇپ، ئورنىغا پارسلار دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىدەك تارىخىي ۋەقەلىك ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان «پادىشاھ كورىش» رومانىدۇر. زەينەب يەنە دۆلەت، مىللەت، ئىرق ئايرىماستىن، دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللارنىڭ ھاياتى ۋە تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان بىر ئىلمىي ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا نەشر قىلىنغان بولۇپ، جەمئىي 552 بەت. بۇنىڭدىن باشقا زەينەبنىڭ يەنە نەشر قىلىنمىغان ئىككى ئىلمىي ئەسىرى بارلىقى مەلۇم. زەينەب 1914- يىلى قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

## زەينەب غەززالى

زەينەب غەززالى ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر دائىيىلار (دىنغا دەۋەت قىلغۇچى)نىڭ بىرى. زەينەب 1917- يىلى مىسىرنىڭ بىر يېزىسىدا تەقۋادار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئۇنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. زەينەب كىچىكىدىلا «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئالغان ۋە ئەزھەردىكى ئالىملارنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىپ، دىنىي ئىلىملەردە يېتىلگەن ئالىمە بولۇپ چىققان. زەينەب غەززالى دىنىي دەۋەت، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئاياللارنى ئويغىتىش، تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دىنىي دەۋەتتىكى قىزغىنلىقى ۋە تالانتى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان.

زەينەب غەززالى مىسىردا قۇرۇلغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ غول ئەزالىرىدىن شەيخ ھەسەن بەننا، ئابدۇلقادىر ئەۋدە، سەييىد قۇتۇب قاتارلىقلار بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلغان. شۇنداقلا بۇ تەشكىلاتنىڭ قارمىقىدا «ئاياللار جەمئىيىتى» قۇرغان ۋە ھەپتىلىك ژۇرنال نەشر قىلغان. بۇ جەمئىيەت ئاساسلىق ئاياللارنى ئويغىتىش، ئاقارتىش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتەك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغان.



زەينەب غەززالى نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئىسلام پارتىيىلىرى ۋە جەمئىيەتلىرى بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقان. 1964- يىلى جامال ئابدۇناسىر قوزغىغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە، زەينەب غەززالى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۆز غايىسى ۋە ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىنىپ، تۈرلۈك دەھشەتلىك قىيناشلارغا دۇچ كەلگەن. ئەمما، ئۇ تاللىغان يولىدىن قايتمىغان. سادات زۇڭتۇڭ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن زەينەب غەززالى بىر تەرەپتىن دىنىي دەۋەت بىلەن شۇغۇللانسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۆزىنىڭ تۈرمە ھاياتىنى بايان قىلغان «ھاياتىمدىكى قارا كۈنلەر» ناملىق كىتابى ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان. زەينەب غەززالى يەنە «قايتا تىرىلىش ھەققىدە» ۋە ھەدىس، تۈرلۈك دىنىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئاياللارنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە-ئەسەرلەرنى يازغان. زەينەب غەززالى 1995- يىلى «ئاللاھنىڭ كىتابىغا قايتا نەزەر» ماۋزۇسىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇق تەفسىرىنى يېزىپ چىققان. زەينەب غەززالى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇق تەفسىرىنى يېزىپ چىققان تۇنجى ئايال ھېسابلىنىدۇ.

## زىننەتۇننىسا بېگىم

زىننەتۇننىسا ھىندىستاندىكى تۆمۈرىيلەر پادىشاھلىرىدىن ئەبۇ مۇزەففەر مۇھىيىددىن ئالەمگىرنىڭ قىزى. زىننەتۇننىسا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئالغان، باشقا تارماق ئىلىملەردىمۇ يېتىشكەن ئالىمە ئىدى. شۇنداقلا ھىندىستاندىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شائىرەلەردىن ئىدى. زىننەتۇننىسا بېگىم شاھجاھان ئاباد شەھىرىدە «زىينەتۇل مەساجىد» نامىدا كۆركەم بىر مەسجىد سالدۇرغان. زىننەتۇننىسا ئەرەبچە «ئاياللارنىڭ زىننىتى، ئۈلگىسى» مەنىسىدە بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ يېتۈك ئىلمى ۋە دىيانىتى بىلەن ئاياللارنىڭ

ئۆلگىسى سۈپىتىدە نامى تارىخ كىتابلىرىدا ساقلىنىپ قالغان. زىننەتئىنسا بېگىم ھىجرىيە 1122- يىلى (م 1710- يىلى) ئالەمدىن ئۆتۈپ، شۇ مەسجىد يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## زەيفە خاتۇن

زەيفە (ئەرەبچە مېھمان، مۇساپىر مەنىسىدە) سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ قېرىندىشى، سۈرىيىدىكى ھەلەب ھاكىمى ئەبۇ بەكىر ئەييۇبىنىڭ قىزى. زەيفە 1185- يىلى تۇغۇلغان. زەيفە دادىسىدىن كېيىن تەختكە چىققان ھەلەب ھاكىمى مەلىك زاھىرغا ياتلىق بولغان، ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئىسىملىك ئوغۇل تۇغقان.

زەيفە ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. 1236- يىلى مەلىك زاھىرنىڭ ۋاپاتى بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئوغلى مۇھەممەدكە قالغان. بىراق، مۇھەممەد بەك كىچىك بولغاچقا، مۇھەممەدكە ۋاكالىتەن زەيفە ھاكىملىق تەختىگە ئولتۇرغان. زەيفە ئالتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 1242- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## زۇلەيخا بېگىم

زۇلەيخا بېگىم 17- ئەسىردە قۇمۇلدا ياشىغان ئىستېداتلىق شائىرەدۇر.

ئەپسۇس، زۇلەيخا بېگىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە «سىلسىلەتۇز- زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق تەزكىرىدىكى قىسقىچە باياناتلاردىن باشقا تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، زۇلەيخا بېگىم مىرسەيىد جېلىل قەشقەرى ئىسىملىك نامدار كىشىنىڭ خىزمەتكارىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ كىشى زۇلەيخا بېگىمنى قۇمۇلدا خوجا مۇھەممەد ھاجى يۈسۈفكە ياتلىق قىلغان. زۇلەيخا بېگىم شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى



ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن ۋە شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

پارس ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا ھافىز شىرازى (1300 — 1389) يۈكسەك شان-شۆھرەتكە ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ھافىز شىرازىنىڭ غەزەل-لىرىكىلىرى تۈركىي تىللىرىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما، بۇلاردىن پەقەت زۇلەيخا بېگىم تەرجىمە قىلغان 10 پارچە غەزەللا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ناھايىتى راۋان ۋە پاساھەتلىك تەرجىمە قىلىنغان بۇ غەزەللەر زۇلەيخا بېگىمنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكى ۋە ئاجايىپ شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ غەزەللەردىن پارچە:

ئەگەر ئول تۈركى شىرازى قولىغا ئالسە كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندىغە بەرگۈم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.

كىم ئېيسە دەھردىن رازىكى، مۇترىب، مەي سۆزىن سۆزلە،
كىشى ئاچماپدۇ مېھنەتدىن ئاچالماس بۇ مۇئەممانى.

مەن، ئول ھۆسنۇكى يۇسۇفدە ھۆۋەيدا ئېردىكىم، بىلدىم،
كى ئىسمەت پەردەسىدىن ئىشق چىقاردىلار زۇلەيخانى.

نەسەھەت ئال، قۇلاق، جانانى جاندىن دوستراق تۇتقاي،
سەئادەتمەند جەۋانلار كىم بۇ پەندى پىرى دانانى.

غەزەل ئايدىڭ دۇر تەشتىڭ كېلىپ ياخشى ئوقۇنۇڭ، ھافىز،
سېنىڭ نەزمەڭ بىلە باقمىش فەلەك ئەقدى سۈرەييانى.

## سارە

سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، سارە 90 ياشقىچە تۇغماي، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 96 ياش ۋاقتىدا ئاندىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى تۇغقان. «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىبراھىم سۈرىسىدە ئاللاھنىڭ ئىككى پەرىشتىنى ئەۋەتىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغۇلدىن — ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن خۇش خەۋەر بەرگەندە، ياشانغان سارەنىڭ يۈزلىرىنى كاچاتلىغان ھالدا بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەنلىك ۋەقەسى بايان قىلىنغان. تارىخي كىتابلاردا يېزىلىشىچە سارە 127 ياشتا ۋاپات بولغان. ھازىرقى پەلەستىن رايونىدىكى جىبرون يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.

## سارە بىنتى ئەلى

سارە بىنتى ئەلى ئىبنى ئابدۇل كافى 15- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسە. سارە ئەھمەد ئىبنى ئەلى جۇزۇرى، زەينەب بىنتى كامالدەك ھەدىس ئالىملىرىنى ئۇستاز تۇتقان. ئىلىم تەھسىل قىلىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھىجاز رايونىدىن مىسىر ۋە پەلەستىننىڭ قۇددۇس شەھەرلىرىگە بىر قانچە قېتىم سەپەر قىلغان.

سارە مۇھەددىس ئەبۇ بەقاغا ياتلىق بولغان. سارە مەشھۇر ئالىم، «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىنىڭ شەرھىسى «فەتھۇل بارى»نىڭ ئاپتورى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئۇنىڭغا دەرس بەرگەن. مىلادىيە 1402- يىلى 70 يېشىدا قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

## سارە بىنتى مۇھەممەد

سارە بىنتى مۇھەممەد 15- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇھەددىسەدۇر. سارە «شەيخۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغان ئاتاقلىق ئالىم



سىراجىددىن ئىبنى مۇلقىننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بوۋىسىنىڭ مۇھاكىمە دەرسلىرىگە ھازىر بولۇپ ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن. سارە ئىمام سۇيۇتى كىتابىدا تىلغا ئالغان شەيخ ئۇستازلارنىڭ بىرى. مىلادىيە 1464- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سەبىيھە

سەبىيھە ئۇمەۋىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەندەلۇستىكى پادىشاھلىرىدىن مۇستەنسىر بىللاھ ئىبنى ئابدۇرەھماننىڭ ئايالى. سەبىيھە ئەقىل-پاراستى، ئىلمى، سىياسىي ئىشلاردىكى ئاقىلانە تەدبىرى بىلەن ئېرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ئارىسىدا زور ئابرۇي-ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. مۇستەنسىر بىللاھ ۋاپات بولغاندا، تەخت ۋارىسى مۇئەييەد بىللاھ ھىشام 11 ياشتا ئىدى. ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىككە كېلىشى بىلەن سەبىيھە ئوغلى دۆلەت باشقۇرۇش يېشىغا يەتكۈچە ۋاقىتلىق شاھلىق تەختىگە چىققان. سەبىيھەنىڭ ئاقىلانە تەدبىر-سىياسەتلىرى بىلەن ياۋروپادىكى بۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ شانۇشەۋكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. سەبىيھە ئەندەلۇس تارىخىدىكى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان. سەبىيھە مىلادىيە 1007- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سەرىيى خانىم

سەرىيى خانىم 19- ئەسىردە ئۆتكەن ئوسمانلى شائىرەلەردىندۇر. سەرىيى خانىم مىلادىيە 1815- يىلى تۇغۇلغان. ئۇرغۇپ تۇرغان تەبئىي تالانت ۋە جاپالىق تىرىشىش، كۆپ يىللار ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلاردىن بولۇپ يېتىشكەن. شائىرەنىڭ لىرىك ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان پاساھەتلىك غەزەل-شېئىرلىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. سەرىيى

خانىم 1867- يىلى باغدادقا ساياھەت ئۈچۈن بارغان ۋە ئۇزۇن مەزگىل تۇرغان.

ئۇۋەندىكىسى شائىرەنىڭ باغداد زىيارىتىدىن كېيىن يازغان شېئىرىدىن پارچە:

فەراغەت كەلمىشىم فانى جاھاندىن خەسمى جاناندۇر،
نە بىلسۇن، مېھرىبانلىق رەسمىن ئۇلكىم ئەسلى ناداندۇر.
فەلەك دىلخاھىم ئۆزرە چۇشمىدى بىر كىشتە دەۋراندۇر،
نىھالى نازىنىمدىن جۇدا ھالىم پەرىشاندۇر.
مېنىڭ كۆڭلۈم قىزىلگۈل غۇنچەسى ئۇش توپ تولە قاندۇر،
ئاچىلماق ئىختىيار ئەتمەس، ئەگەر يۈز مىڭ باھار ئۇلسا.

## سۈبەيئە

سۈبەيئە بىنتى ھارىس ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولۇپ، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى راۋىيلارنىڭ بىرى. سۈبەيئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 12 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

مەدىنىدىكى فىقھى ئالىملىرى ۋە كۇفەدىكى تابىئىيلاردىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم، مەسرۇق ئىبنى ئەجدە، زەفەر ئىبنى ئەۋەس قاتارلىقلار سۈبەيئەدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. سۈبەيئەنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى نوپۇزلۇق ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ بىرى بولغان «سۇنەنى تىرمىزىي» كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.

## سەفانە

سەفانە ئەرەبلەر ئارىسىدا سېخىيلىقى، مېھماندوستلۇقى بىلەن نام چىقارغان ھاتەم تائىينىڭ قىزى. سەفانەنىڭ قەبىلىسى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كەلتۈرۈلگەندە،



سەفانە ئەسىر ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن سەفانە: «ئى رەسۇلۇللاھ! دادام ئۆلدى، قېرىندىشىم ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى. ئەگەر مېنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلساڭ، ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ماڭا ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق، مەرھەمەت قىلغان بولاتتىڭ. مەن قەۋمىمنىڭ خوجىسىنىڭ قىزىمەن، دادام ئەسىرلەرنى ئازاد قىلاتتى، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرەتتى، يالىڭاچلارنى كىيىندۈرەتتى، ھاجەتمەنلەرنى ئىشىكتىن قۇرۇق قول ياندۇرمايتتى» دەپ ناھايىتى پاساھەت-بالاغەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يۇقىرىدا دېيىلگەن گۈزەل سۈپەتلەر مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر» دەپ سەفانەنى ئازاد قىلغان ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن شامدىكى قېرىندىشى ئەدى ئىبنى ھاتەمنىڭ قېشىغا يولغا سالغان.

سەفانە بۇ جەرياندا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. شامغا بارغاندىن كېيىن قېرىندىشى ئەدى ئىبنى ھاتەمنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

## سەفىيە بىنتى ھۇيەي

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» سەفىيە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار قەبىلىسى — بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى. ئىلگىرى سالام ئىبنى مۇشكەمنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، تالاق قىلىنغاندىن كېيىن كەنانە ئىبنى رەبىئەگە ياتلىق بولغان. كەنانە خەيبەر غازىتىدا ئۆلگەن. سەفىيە مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيەنى ئازاد قىلغان، سەفىيە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ھىجرىيىنىڭ 7- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيەنى نىكاھىغا ئالغان. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ سەفىييەگە كۆرسەتكەن بۇ ئىززەت-مەرھەمىتى تۆپەيلى نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغان.

سەفىييە ئەقىللىق، يېتىم-مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، رەھىمدىل، خەير-ساخاۋەتچى ئىدى. سەفىييە بالىلىق بولمىغان. رەسۇلۇللاھتىن ئوندەك ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 50- يىلى مىلادىيە 670- يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

## سەفىييە بىنتى ياقۇت

سەفىييە بىنتى ياقۇت ئىبنى ئابدۇللاھ ھەبەشى 15- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسەدۇر. سەفىييە زامانىسىنىڭ نۇرىددىن سەلامە كەبى شەيخ-ئالىملىرىدىن ھەدىسلەر ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەن. ئىلمى ۋە پەزىلىتىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ تۈپەيلى ھەممە ئۇستازلىرىدىن ئۇلارنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەن.

مەشھۇر ئالىم ئىمام سۇيۇتى كىتابىدا سەفىييەنى ئۆزىگە دەرس بەرگەن ئۇستاز-شەيخلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان.

## سەفىييە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىپ

سەفىييە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھنىڭ ھەمشىرىسىدۇر. ئىشەنچلىك رىۋايەتلەردىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادا تەرەپتىن ئەرۋا، ئۇممۇ ھەكىم، بەيزا، ئۇمەيمە، بەررە، سەفىييە ئىسىملىك ھاممىلىرى بولغان. بۇلاردىن پەقەت سەفىييەلا ئىسلام دىنى دەۋىتىنى كۆرەلىگەن ۋە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە ھارىس ئىبنى ھەربكە ياتلىق بولغان. ھارىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەۋام ئىبنى خۇۋەيلىدكە ياتلىق بولغان. سەفىييەنىڭ ئەۋامدىن بولغان بالىسى



زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىش بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئون ساھابىنىڭ بىرىدۇر. سەفىييە ئاياللار بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

سەفىييە ناھايىتى باتۇر، غەيرەتلىك ئايال بولۇپ، ئۇھۇد غازىتىدا قولىغا نەيزە ئېلىپ، مۇشرىكلارغا: «سىلەر جەزمەن رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىسىلەر» دەپ توۋلىغان. خەندەك ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر جاسۇسنى ئۆلتۈرگەن. شۇڭا سەفىييە مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەن تۇنجى ئايال دېيىلگەن. سەفىييە ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغان قېرىندىشى ھەمزە ئۈچۈن كۆپ قايغۇرغان. سەفىييە ئەقىللىق، پاساھەت-بالاغەتلىك شائىرە بولغان. سەفىييەنىڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدا ئوقۇغان تەسىرلىك مەرسىيىلىرى مەشھۇردۇر. سەفىييە ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىكى دەۋرىگىچە ياشاپ ھىجرىيىنىڭ 20- يىلى، يەنى مىلادىيە 641- يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سەفۇرا

سەفۇرا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە سەفۇرا ھەققىدە بەزى قىسقا بايانلار بولۇپ، ئىسمى ئېنىق زىكىر قىلىنمىغان. قەسەس سۈرىسىدىكى ﴿ئۇلارنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستىنلا چاقىرىدۇ»، دېدى.﴾ (25- ئايەت) دېگەن ئايەت سەفۇرانىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ياكى سەككىز يىل ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئەجرىگە قىزى سەفۇرانى نىكاھلاپ بەرگەن.

## سۇكەينە

سۇكەينە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ قىزى. ئەسلىي ئىسمى ئامىنە يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇمەيمە بولۇپ، سۇكەينە لەقىمىدۇر. ئېسىل نەسەبلىك سۇكەينە ھۆسن-جامال، ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-ئەدەپتىمۇ زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولغان. سۇكەينە ئەدەبىي تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان شائىرە بولۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن فەرزەدەق ئىبنى ئەزىنە كەبى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا باھا ۋە تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرەتتى. زۇھۇد ۋە تەقۋالىقتا ھەم تەڭدىشى يوق ئىدى.

سۇكەينە دەسلەپ مۇسئەب ئىبنى زۇبەيرگە ياتلىق بولغان. مۇسئەب ھەججاج ئىبنى يۇسۇف تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىت بولغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمانغا ياتلىق بولغان ۋە قەرىب ئىسىملىك بىر ئوغۇللۇق بولغان. سۇكەينەدىن نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆز ۋە ھېكايەتلەر قالغان. سۇكەينە مىلادىيە 735- يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سۇۋەيبە

سۇۋەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئىنىكئانىسى بولۇپ، سۇۋەيبەدىن كېيىن ھەلىمە سەئدىيە ئىنىكئانىسى بولغان. سۇۋەيبە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭمۇ ئىنىكئانىسى بولغان.

سۇۋەيبە ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ چۆرىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىق خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئەبۇ لەھەب سۆيۈنچە ئورنىدا



سۇۋەيبەنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان. قېرىندىشىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن ئالەمچە خۇشاللانغان ئەبۇ لەھەب كۇپۇرلۇق، كىبىر تۈپەيلى كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان. ئۆز جېنىنى دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك-ئاداۋەت قىلىپ، كۇپۇرلۇق بىلەن ۋاپات بولغان. ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەزرەت ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ لەھەبنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنى چۈشەپ قالغان. چۈشىدە ئەبۇ لەھەبتىن: «ئەھۋالىڭ قانداق؟» دەپ سورىغان. ئەبۇ لەھەب: «ھالىم بەك يامان، جەھەننەم ئوتىدا قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن، پەقەت قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىق خۇش خەۋىرى ئۈچۈن سۇۋەيبەنى ئازات قىلغان كۈن — ھەر سەيشەنبە كۈنىدە ئازابىم بىر ئاز يەڭگىللەيدۇ»، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، دائىم سۇۋەيبەگە ھەدىيەلەر ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى مەلۇمدۇر.

## سۇمەييە

سۇمەييە بىنتى خەبباب ساھابە ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ئانىسى. ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ دەسلەپكى شېھىت دەل مۇشۇ سۇمەييەدۇر.

سۇمەييە مەككىدىكى ئەبۇ جەھىلنىڭ چۆرىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلار تۈرلۈك ئازار-كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان. خوجايىنىنىڭ ئىلكىدىكى قۇل-چۆرىلەرنىڭ ئەھۋالى بولسا تېخىمۇ يامان بولغان. ئەبۇ جەھىل ياسىر، ئايالى سۇمەييە، ئوغلى ئەممار — بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىنىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەھشەتلىك

ئازاب، قىيىن-قىستاق بىلەن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى قاتتىق قىينىغان. ئىماندىن يېنىشقا مەجبۇرلىغان، رەسۇلۇللاھ بىر قېتىم ئازابلىنىۋاتقان ياسىر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، سىلەرنىڭ جايىڭلار جەننەت بولىدۇ» دېگەن. سۇمەييە كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىپ تۇرۇپ، قاتتىق ئازاب-قىيناشلار ئاستىدا جان ئۈزگەن. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى.

## سەۋدە

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» سەۋدە قۇرەيشلىك زەمئەنىڭ قىزى بولۇپ، دەسلەپ سەكران ئىبنى ئەمرگە ياتلىق بولغان. سەۋدە ئېرى بىلەن بىللە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا قارىماي، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئۇلار مەككىدە قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. ھەبەشىستاندىن يەنە مەككىگە قايتقاندا، سەكران ۋاپات بولۇپ، سەۋدە تۇل قالغان. سەۋدەنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈگەن بولۇپ، سەۋدە يار-يۆلەكسىز، ئاجىز ھالەتتە قالغان. بۇ دەل ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولغان چاغ ئىدى. شۇ يىلى يەنى ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋدەنى نىكاھىغا ئالغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتقان بىر ئائىلىگە قىلغان ياخشىلىقى ئىدى. چۈنكى سەۋدە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ قولىغا قالسا، ئۇنى مەجبۇرلاپ، دىنىدىن قايتۇرۇۋېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنداقلا سەۋدە ئېسىل نەسەبلىك بولۇپ، قەۋمى ئىچىدە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە ياتلىق بولۇشقا ئۇنىمايتتى.

سەۋدە رەسۇلۇللاھنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن چاغدا يېشى خېلىلا چوڭ بولۇپ، باللىق بولمىغان. بەزى تارىخىي كىتابلاردا پەيغەمبەر



ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋدەنى تالاق قىلماقچى بولغانلىقى ۋە بەزىلىرىدە تالاق قىلغانلىقى يېزىلغان. مۇشۇ سەۋەب سەۋدەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەرگە ھاجىتى يوق ياشانغان ئايالمەن، ئەمما ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى مېنى ‹مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى› بولغان شەرەپلىك ئاياللىرىڭ قاتارىدا مەھشەرگاھقا توپلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەنلىكى مەلۇم. سەۋدە ھىجرىيىنىڭ 55- يىلى مىلادىيە 675- يىلى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دەۋرىدە مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. سەۋدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەش ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بەزى تەفسىر كىتابلىرىدا «قۇرئان كەرىم»دىكى ھىجاب ئايىتى سەۋدە ھەققىدە نازىل بولغان دېيىلگەن.

## سەييىدە بىنتى ئابدۇلغەنى

سەييىدە — تۇنىستا ياشىغان مەشھۇر ئالىمە. سەييىدە ناھايىتى ئەۋزەل ئائىلە مۇھىتى ۋە ئەتراپلىق تەربىيىگە ئىگە بولغان. كىچىكىدىنلا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئالغان. دىنىي ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن.

سەييىدە يەنە ئاجايىپ چىرايلىق ھۆسنىخېتى بىلەنمۇ داڭق چىقارغان. سەييىدە ئۆمرىنى قىز-ئاياللارنى تەربىيىلەش، دەرس ئۆتۈش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئىمام غەززالىنىڭ «احياء علوم الدين» (دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش) قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرىنى ھۆسنىخەت بىلەن بىر قانچە نۇسخا قىلىپ كۆچۈرگەن. سەييىدە مىلادىيە 1249- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سوفىيە سەيفى ئەلى

سوفىيە تۈركىيىدە ئاياللار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى بويىچە باكلاۋېرلىق ئۇنۋانى ئالغان دوختۇر.

سوفىيە 1925- يىللىرى گېرمانىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا مېدىتسىنا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. تۈركىيىگە قايتقاندىن كېيىن، مەخسۇس ئاياللار-بالىلار ئۈچۈن ئامبۇلاتورىيە ئاچقان. سوفىيە يەنە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي داۋالاش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ساغلاملىق ئىلمى توغرىسىدا بىر كىتاب يازغان. بۇ كىتابتا تۈرك ئاياللىرىنىڭ بەدەن ساپاسى، كېسەللىككە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ غەرب ئاياللىرىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى تۈرك ئاياللىرىنىڭ كۈندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىش ۋە يۇيۇنۇشتەك ياخشى تازىلىق ئادىتىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

## سۆيۈن بىكە

سۆيۈن بىكە قازان خانلىقى زامانىدا ياشىغان مەشھۇر ئايالدۇر. سۆيۈن بىكە ئەسلىي سارايچىق شەھىرىدىكى يۈسۈف مىرزا ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، 1520- يىلى تۇغۇلغان. ناھايىتى گۈزەل، ئەقىللىق سۆيۈن بىكە 14 يېشىدا رۇسىيىدىكى كىنەز ۋاسىلى ئىۋانوفنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن شاھلىق تەختىگە چىققان قازان خانى جان ئەلىخان ئىبنى ئاللايارخانغا نىكاھلانغان.

1537- يىلى جان ئەلىخان قازانلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، 16 ياشلىق سۆيۈن بىكە تۇل قالغان. بۇ چاغدا رۇس قارامىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغۇچى كونا قازان خانلىرى نەسلىدىن بولغان سەفاگىرى خان قىرىمدىن قازانغا كېلىپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋە سۆيۈن بىكىنى نىكاھىغا ئالغان. سەفاگىرى خان بىلەن سۆيۈن بىكە چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئۆز ئارا ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ياشىغان. سۆيۈن بىكە خاندىن ئۇدۇمىش گىرى ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغقان. 1549- يىلى سەفاگىرى خان ۋاپات بولغاندا، تەخت ۋارىسى ئوغلى ئۇدۇمىش گىرى ئىككى ياشلىق سەبىي ئىدى. شۇڭا 30 ياشلاردا ئىككىنچى قېتىم تۇل قالغان سۆيۈن بىكە



خانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. مىلادىيە 1551- يىلى قازاننى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز تەۋەلىكىگە قوشۇۋېلىشقا موسكۋادىن رۇس ئەسكەرلىرى ئەۋەتىلگەن. سۆيۈن بىكىنىڭ دادىسى يۈسۈف مىرزىدىن سورىغان ياردىمى جاۋابسىز قالغاندىن كېيىن، سۆيۈن بىكە ئەسكەرلىرى بىلەن رۇسلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلغان؛ تېخنىكا ۋە سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە رۇس قوشۇنلىرى ئالدىدا قازان تاتارلىرى مەغلۇپ بولغان. سۆيۈن بىكە بىلەن ئوغلى ئەسىرگە ئېلىنىپ موسكۋاغا ئەۋەتىلگەن.

رۇسلار ئۆزلىرىگە مايىل شاھ ئەلىخاننى قورچاق قازان خانى قىلىپ تەيىنلەپ، سۆيۈن بىكىنى شاھقا قوشۇپ يولغا سالغان. بىراق، سۆيۈن بىكە شاھئەلىگە نەپرەت ۋە يىرگىنىچ كۆزى بىلەن قاراپ، يېقىن كەلتۈرمىگەچكە، شاھ ئەلىخان سۆيۈن بىكىنى ئەسىر سۈپىتىدە موسكۋاغا ئەۋەتىپ رۇسلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. سۆيۈن بىكىنىڭ قازاندىن ئايرىلىش ئالدىدا ئېرى سەفاگىرى خان بىنا قىلغان مەسجىدكە بېرىپ، كۆزلىرىدىن قان ئاققۇزۇپ ئاجايىپ تەسىرلىك خوشلىشىش بايانى سۆزلەپ شېئىرلار ئوقۇغانلىقى مەلۇمدۇر. موسكۋاغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بەختسىز رېئاللىقتىن تاتار مىللىتىنىڭ زۇلمەتلىك كەلگۈسىنى ھېس قىلغان سۆيۈن بىكە مىلادىيە 1557- يىلى ئازاب بىلەن موسكۋادا جان ئۈزگەن. قازان شەھىرى قەلئە ئىچىدىكى «خان مەسجىد مۇنارىسى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇنار سۆيۈن بىكە بىنا قىلغان مەسجىدنىڭ مۇنارىدۇر. ئەسلىدىكى قەلئە ناھايىتى ئېسىل، پۇختا بولۇپ، كېيىن ۋەيران قىلىنغان.

## سىتتۇ ئەھلى

«سىتتۇ» ئەرەپچە سان-مىقدارنى بىلدۈرىدىغان ئالتە مەنىسىدە بولسىمۇ، لەقەم سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندە «خانىم» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

سىتتۇ ئەھلى 13- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇھەددىسەدۇر. سىتتۇ ئەھلى لەقىمى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى مەلۇم ئەمەس. دادىسى ئەلۋان ئىبنى سەئىد ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ھەنبەلى مەزھىپىدىن بولغان سىتتۇ ئەھلى فازىللىقى، ئىلمى، تەقۋالىقى بىلەن جامائەت ئارىسىدا زور ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. سىتتۇ ئەھلى ھەدىس ئىلمىدىكى بولۇپمۇ ئىسناد (ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئاڭلىغان كىشىدىن تا خاتىرىگە ئېلىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى شەخستىن شەخسكە ئېيتىلىپ زەنجىرسىمان ئۇلىنىش جەريانى ئىسناد دېيىلىدۇ)تىكى ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. سىتتۇ ئەھلى دىن ۋە پەزىلەت، ئىپپەت ۋە قانائەت ساھىبەسى بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادىيە 1303- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سىتتۇ ئەرەب

سىتتۇ ئەرەب 14- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسە بولۇپ، سىتتۇ ئەرەب (ئەرەب خانىمى) دېگەن تەخەللۇسى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە تونۇلغان. سىتتۇ ئەرەب پەلەستىن قۇددۇس شەھىرىدىكى سەيفىددىن ئەلى ئىبنى شەيخنىڭ قىزى بولۇپ، ئىلىم-پەزىلىتى، زۇھۇد-تەقۋالىقى بىلەن زور شۆھرەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. مۇھەددىس ئەلى ئىبنى ئابدۇ دائىمنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىپ، دەرس ئالغان. ئالىم ئەلەمۇددىن بەرزالىغا ئۇستاز بولغان. نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. مىلادىيە 1333- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سەفىيە بىنتى ئىمام مەجىددىن

شاملىق خانىم مەنىسىدىكى سىتتۇ شام تەخەللۇسى بىلەن ئاتالغان بۇ ئالىمەنىڭ ئەسلىي ئىسمى سەفىيە بولۇپ، 13- ئەسىردە



ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسە، سەفىيە شاملىق ئىمام مەجىددىن ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قىزى.

سەفىيە مەشھۇر ئالىم ئىبنى ئەساكىر ۋە يەھيا سەقەفىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھەدىس ۋە فىقھى ئىلمى ئۆگەنگەن. سەفىيە پۈتۈن ئۆمرىنى ھەدىس ئىلمىدىن دەرس بېرىش ۋە زۇھۇد-تەقۋالىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. سەفىيە 1302- يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدىيغا بېرىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە بەقىيئەگە دەپنە قىلىنغان.

## سىتتۇ شام

سىتتۇ شامنىڭ ئەسلىي ئىسمى زۇمرەت خاتۇن بولۇپ، «ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى»غا قارشى ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ قوماندان، سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ھەمشىرىسىدۇر.

زۇمرەت خاتۇن ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋە ۋە شاھلىق سەلتەنىتىدە تۇرۇپ، مائارىپ، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. دەمەشق شەھىرىدە «شەمسىيە» نامىدا ئىككى مەدرىس بىنا قىلغان. مىلادىيە 1193- يىلى سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبى ۋاپات بولغاندا، زۇمرەت خاتۇن ئۆز مۈلكىدىن ناھايىتى كۆپ پۇل ئاجرىتىپ، كەمبەغەل- غېرىبلارغا سەدىقە قىلغان. ئۇ مىلادىيە 1219- يىلى ۋاپات بولغان.

## سىتتۇ فۇقەھا

سىتتۇ فۇقەھا ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى. «فەقىھلەر خانىمى» تەخەللۇسىدىكى بۇ مۇھەددىسە ۋە فىقھى ئالىمەسى جەئفەر ھەمدانى، ئابدۇراھمان ئىبنى سۇلايمان كەبى ئالىملارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. سىتتۇ فۇقەھا يۇقىرى ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى بىلەن ئىسنادى ھەدىستە

ئالاھىدە ماھارىتىنى نامايان قىلغان. ھەدىس ئىلمىدىكى نوپۇزلۇق ئالتە كىتابنىڭ بىرى بولغان «سۇنەن ئىبنى ماجە» ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىنى يادقا ئوقۇپ دەرس بەرگەن. مىلادىيە 1326- يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سىتتۇ مۇلۇك

سىتتۇ مۇلۇك مىسىردىكى فاتىمىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن ھاكىم بىئەمرىللاھ مەنسۇر ئىبنى ئەزىزنىڭ سىڭلىسى.

سىتتۇ مۇلۇك ناھايىتى ئەقىللىق، تەدبىرلىك، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇستەقىل پىكىر-كۆزقارىشى بار ئايال بولغان. مىلادىيە 1020- يىلى ھاكىم بىئەمرىللاھ تۇيۇقسىز غايىب بولغاندىن كېيىن، سىتتۇ مۇلۇك پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، دۆلەت باشقۇرغان. سىتتۇ مۇلۇكنىڭ ئاقىلانە، تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتلىرى بىلەن دۆلەتتە بىر مەزگىل كۆچىيىش، گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. سىتتۇ مۇلۇك تۆت يىل ھۆكۈم سۈرۈپ 1024- يىلى ۋاپات بولغان.

## سىتتۇ ۋۇزەرا

سىتتۇ ۋۇزەرا 13- ئەسىردە دەمەشقتە ياشىغان ئالىمە بولۇپ، قازى شەمسىددىن ئۆمەر ئىبنى ئەسئەدنىڭ قىزى. سىتتۇ ۋۇزەرا ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان. دەمەشق ۋە مىسىردا دەرس ئۆتۈپ شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇ «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم»، «مۇسنەد»دەك نوپۇزلۇق ھەدىس كىتابلىرىدىن دەرس بەرگەن. ئىمام ۋەھەبى ئىمام شافىئىنىڭ «مۇسنەد» كىتابىنى سىتتۇ ۋۇزەرادا ئوقۇغان. مۇھەددىس ئىبنى مۇھىب، قازى فەخرىددىن مىسرى، شەيخ سالاھىددىن ئادى كەبى



يىتۈك ئالىملار ئۇنىڭ شاگىرتلىرى جۈملىسىدىندۇر. ئالىم سالاھىددىن سەفدى ئۆز كىتابىدا سىتتۇ ۋۇزەرانىڭ ئىسنادى ھەدىس ئىلمىدا ھەممە قايىل بولغان تالانت ۋە ئىلىم ساھىبى ئىكەنلىكىنى يازغان. سىتتۇ ۋەزەرا ئىككى قېتىم ھەج قىلغان، مىلادىيە 1317- يىلى 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سىكەندەر بېگىم

سىكەندەر بېگىم ھىندىستانغا تەۋە بھوبال ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ئەمىر جاھانگىر مۇھەممەد خاننىڭ ئايالى. 1844- يىلى ئەمىر جاھانگىر ۋاپات بولۇپ، سىكەندەر بېگىم ھاكىملىق تەختىگە ئولتۇرغان.

سىكەندەر بېگىم ئەقىل-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، ھەققانىي ئايال بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئالتە يىل جەريانىدا يۇرتتا ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش، تىنچ، خاتىرجەم ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇ مەزگىلدە سىكەندەر بېگىم بھوبال ۋىلايىتىنىڭ نۇرغۇن تاشقى قەرزلىرىنى قايتۇرغان. خەلقتىن ئېلىنىدىغان بەزى باج-سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. شۇڭا غەرب سىياسىئونلىرىدىن كولونىل مىسلون: «سىكەندەر بېگىم ھەر قانداق ئىقتىدارلىق سىياسىئوندىن قېلىشمىغۇدەك ئاجايىپ باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش تالانتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلدى»، دەپ باھا بەرگەن. سىكەندەر بېگىم 1868- يىلى ۋاپات بولغان.

## سىيرىن

سىيرىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۆرىسى مارىيە قىبتىيەنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئاچا-سىڭىل ئىككىسى مىسىردىكى

ئىسكەندەرىيە ھاكىمى مۇقەۋقىس تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىنغان.

سىرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئىرىن بولۇپ، ئەرەبلەشتۇرۇلۇپ سىرىن دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرىننى شائىر ھەسسان ئىبنى سابىتقا بەخشەندە قىلىپ بەرگەن. سىرىن ھەسسان ئىبنى سابىتتىن ئابدۇرەھمان ئىسىملىك ئوغۇل تۇغقان. سىرىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

## شاھجاھان بېگىم

شاھجاھان بېگىم ھىندىستاندىكى بھوبال ۋىلايىتى ھاكىمىنىڭ قىزى. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىققان ئانىسى سىكەندەر بېگىم ساقسىز بولۇپ قالغان ۋە مەككىگە قىلغان ھەج سەپىرىدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالغان ۋاقىتتا شاھجاھان بېگىم دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان. ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شاھجاھان بېگىم خەلقچىل، ئادىل سىياسىتى بىلەن خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. شاھجاھان بېگىم ئالدى بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان، ئاندىن بەزى باج-سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

مىلادىيە 1869- يىلى شاھجاھان بېگىم ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلارغا بىۋاسىتە تەكشۈرۈشكە چۈشۈپ: «مەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىمغا كېلىپ قىلغان ئەرز-شىكايىتىنى ئاڭلاشقا تەييارمەن» دەپ يارلىق چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىنىڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىكى دېھقان-ھۈنەرۋەنلەردىن تارتىپ، ئەمەلدارلارغىچە ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەن. بىر پادىشاھتىكى مۇنداق كىچىك پېئىللىق ۋە خەلقچىللىق دۇنيا تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. شاھجاھان بېگىم ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دىن 12گىچە، چۈشتىن كېيىن 3 دىن 6



گىچە ۋاقتىنى خىزمەت ۋاقتى قىلىپ بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىنى بىۋاسىتە ئۆزى باشقۇرغان.

شاھجاھان بېگىم تاكى بىرىنچى ئېرى ۋاپات بولغۇچە سافىرە ھالدا (يۈز-باشلىرى ئوچۇق ھالەتتە) سىرتقا چىققان بولسا، ئىككىنچى قېتىم ۋەزىرى مۇھەممەد سادىق بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ھىجاپلىق ھالەتتە، پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن. دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭىشىش، مېھمانلارنى قوبۇل قىلىشتەك جىمى ئىشلارنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ بېجىرگەن. بۇ پەقەتلا شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بولۇپ، شاھجاھان بېگىمنىڭ ھوقۇقىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن. يەنىلا ھەممە ئىش شاھجاھان بېگىمنىڭ بىۋاسىتە قول تىققىشى بىلەن بولغان. شۇڭا سىياسىيون لېپىل گىرىففىن (Lapel Griffin) مۇنداق دېگەن: «شاھجاھان بېگىم ھىجاپ ئارتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن دۆلەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرى، ئۆزگىرىشلىرىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك ئايال بولۇپ، بۈگۈنكى نۇرغۇن سىياسىيونلار ھازىرلىمىغان ئىقتىدار ۋە تالانتقا ئىگە ئىدى. شاھجاھان بېگىم شۇنچىلىك ئەقىللىق، ئىنكاسى تېز ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى، سۆزلەشمەكچى بولغان ئادەممۇ چوقۇم شۇنداق پاراسەتلىك بولمىسا، شاھجاھان بېگىمنىڭ ئۆتكۈر سوئاللىرى ۋە مەنىلىك ئىبارىلىرى ئالدىدا داۋاملىق سۆزلەشكە ئامالسىز قالاتتى». شاھجاھان بېگىم مىلادىيە 1901- يىلى ۋاپات بولغان.

## شەجەرە تۇددۇر

شەجەرە تۇددۇر ئەييۇبىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى سالىھ نەجمىددىن ئەييۇبىنىڭ كېنىزىكى بولۇپ، سالىھ نەجمىددىن ئۇنى ئازات قىلىپ، نىكاھىغا ئالغان. سالىھ نەجمىددىن شەجەرەتۇددۇر

بىلەن بىللە ئۇزۇن مەزگىل شامدا تۇرغان. كېيىنچە مىسىرغا كېلىپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان.

شەجەرەتۇددۇر ئەقىل-پاراسىتى، ھۆسن-جامالى بىلەن نەجمىددىننىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. پادىشاھ جەڭلەرگە چىقىپ كەتكەندە ئورنىغا شەجەرەتۇددۇرنى دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇشقا قويۇپ قويغان. شەجەرەتۇددۇر تەقلىد قىلىپ پادىشاھنىڭ خېتىگە ئوخشاش خەت يازالايدىغان بولۇپ، پادىشاھ يوق چاغلاردا بەزى ھۆججەت-رىسالىلەرگە پادىشاھ نامىدا پەرقلەندۈرگىسىز ئىمزا قويغان. مەلىك سالىھ نەجمىددىن تۇيۇقسىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن شەجەرەتۇددۇر تەخت ۋارىسى تۇران شاھنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە ئولتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئەييۇبىلار سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ مىلادىيە 1250- يىلىدىن 1517- يىلىغىچە مىسىردا ئىككى يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان مەمالىكلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان. شەجەرەتۇددۇر مەمالىكلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى، شۇنداقلا بىردىنبىر ئايال پادىشاھى بولغان ۋە تارىختا «ملكة المسلمين والدة خليل» (مۇسۇلمانلارنىڭ ئايال شاھى، خەلىلنىڭ ئانىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئەسكىرىي ئىشلارغا ئىززىددىن ئايبەكنى مەسئۇل قىلغان.

شەجەرەتۇددۇر ئۈچ ئاي ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىززىددىن ئايبەك بىلەن توي قىلغان ۋە شاھلىق تەختىنى ئېرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئايبەك يەتتە يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئىززىددىن ئايبەكنىڭ ئوردا ئەمەلدارىنىڭ ياش ۋە چىرايلىق قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن ۋە ئۆزىگە قەست قىلىشىدىن گۇمانلانغان شەجەرە تۇددۇر ئايبەكنى مۇنچىدا سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن. 1257- يىلى ئايبەكنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئوغلى مەنسۇر نۇرىددىن دادىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن شەجەرە تۇددۇرنى ئۆلتۈرگەن.



## شەرىف خانىم

شەرىف خانىم تۈركىيىلىك نەبىل ئىسمىلىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، 19- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىرە ۋە ئەدىبەدۇر. شەرىف خانىم 1809- يىلى تۇغۇلغان. شائىرەنىڭ 174بەتلىك بىر شېئىرى دىۋانى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

## شەھىدە بىنتى ئەبۇ نەسر

شەھىدە 12- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇھەددىسە، فەقىھ ۋە خەتتاتتۇر. شەھىدە مىلادىيە 1089- يىلى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى باغدادتا دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئەبۇ نەسر ئەھمەد زامانىسىنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، شەھىدە ئەبۇ خەتتاب نەسر ئەھمەد بەترەۋانى، ئەبۇ ئابدۇللاھ ھۇسەين كەبى مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ھەدىس ئىلمى ئوقۇغان. شەھىدە توغرا ۋە يۇقىرى ئىسنادى ھەدىسلەر بىلەن ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. شەھىدە يەنە گۈزەل ھۆسنىخەتلىرى بىلەن «خەتتات شەھىدە» دەپ ئاتالغان. شەھىدە باغدادتا بىرقانچە تەكىيخانا ۋە مەكتەپلەرنى سالدۇرغان. خەير-ساخاۋەتچى، ئالىم ئەلى ئىبنى مۇھەممەدكە ياتلىق بولغان. شەھىدەنىڭ ئىلمى تەۋھىد ۋە فىقھى ئىلمىدە يازغان ئەسەرلىرى بار. شەھىدە 1178- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## شەھىدە

شەھىدە 13- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسەدۇر. شەھىدە شام رايونىدىكى ھەلەب شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ھەلەبتە داۋاملاشتۇرغان.

شەھىدە سابىت ئىبنى شەرىفتەك مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. شەھىدە دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. مەشھۇر ھەدىس ئالىمى بەرزالىمۇ شەھىدەدىن دەرس ئالغان. شەھىدە 1309- يىلى ھەلەب شەھرىدە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان.

## شەھرىبانۇ

شەھرىبانۇ ئىراندىكى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزىد جەرىدىنىڭ قىزى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى ئىران بىلەن بولغان جەڭدە شەھرىبانۇ ئىككى ھەمشىرىسى بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن. ئۈچ ئاچا-سىڭىل ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. شەھرىبانۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە نىكاھلانغان. ئىسمىنى غەزالە يەنە بىر رىۋايەتتە سەلامە دەپ ئۆزگەرتكەن. ئىمام ئەلى زەينۇلئابىدىنىنىڭ ئانىسى مۇشۇ شەھرىبانىدۇر.

## شەئۋانە

شەئۋانە 8- ئەسىردە ئۆتكەن زاھىدە، ئالىمە، فازىلە ئايالدۇر. زۇھۇد-تەقۋالىقتا داڭق چىقارغان شەئۋانىنىڭ ھۇزۇرىغا مىڭلاپ كىشىلەر كېلىپ، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن كۆڭلى يورۇپ، شەئۋانىنىڭ دۇئالىرىنى ئۈمىد قىلىشقان. فۇزەيل ئىبنى ئىياز خۇراسانى ھەم شەئۋانىنىڭ ھۇزۇرىغا زىيارەتكە كېلىپ تۇرغان.

شەئۋانىنىڭ كېچە-كۈندۈز ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ياش تۆكۈپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ نەسىھەت



قىلغاندا، شەئۋانە ئۇلارغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىمنى ياد ئېتىپ يىغلاپ بۇ دۇنيادا ئەما بولۇپ قېلىشىم مېنىڭ غەپلەتتە ياشاپ ئاخىرەتتە ئەما ھالدا مەھشەرگاھقا توپلىنىشىمدىن سۆيۈملۈكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. شەئۋانىگە ئىخلاسمەن، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان بىر ئايالدىن كىشىلەر: «سەن شەئۋانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە سۆھبىتىدە بولۇشتىن نېمە پايدا كۆردۈڭ؟» دەپ سورىغان. ئۇ ئايال: «مەن شەئۋانىنىڭ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولغاندىن باشلاپ دۇنيانى ئۆزۈمگە دوست تۇتمىدىم، رىزىق ئۈچۈن غەم يېمىدىم، ئەھلى دۇنيانىڭ بۈيۈك ئادەملىرى مېنىڭ نەزىرىمدە ئەرزىمەس ۋە كىچىك كۆرۈندى. مۆمىنلەر بولسا قايسى ھالەتتە بولمىسۇن، بۈيۈك كۆرۈندى» دەپ جاۋاب بەرگەن. شەئۋانە 803- يىلى ھەرەم شەرىفتە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان.

## شىفا

شىفا بىنتى ئابدۇللاھ قۇرەيشىيە ئەقىل-پاراسەتلىك، فازىل-دىيانەتلىك ساھابە ئايالدۇر.

شىفا ھىجرەتتىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. شىفا مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردىن ئىدى. بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن تازا قىزىپ تۇرغان چۈش پەيتىدە شىفانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۆيىگە كىرىپ سالقىنلايتتى. شىفا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خەت تونۇيدىغان، يازالايدىغان ساناقلىق ئاياللارنىڭ بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئايالى ھەفسەگە خەت ئۆگىتىپ قويۇشنى سورىغان. شىفا بىر مەزگىل «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھەفسەگە ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگەتكەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكتە تۇرغان مەزگىلدە شىفانى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن.

بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇنىڭ پىكىر-مەسلىھەتىنى ئالغان. شىفا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد «سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد» كىتابىدا بايان قىلغان. شىفا مىلادىيە 641- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## شىيما

شىيما بىنتى ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرىسىدۇر. شىيما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېنىكئانىسى ھەلىمە سەئدىيىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ھەزافە، شىيما بولسا لەقىمى.

شىيما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خېلىلا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بوۋاق چېغىدىن باشلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باققان، تەربىيىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولۇپ، ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندىن كېيىن، شىيما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شىيمانى ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالاتتى، ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلاتتى. شىيما مىلادىيە 630- يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

## غازىيە

غازىيە ئەييۇبىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مەلىك كامىل مۇھەممەد ئىبنى مەلىك ئادىلنىڭ قىزىدۇر.

غازىيە مەلىك مۇزەففەر مەھمۇدقا ياتلىق بولۇپ، ئۈچ قىز، ئۈچ ئوغۇللۇق بولغان. غازىيە ئەقىل-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، يۇقىرى ئابرۇي-ئېناۋەتكە ئىگە بولغان. ئېرى مەلىك مۇزەففەر ۋاپات



بولغاندا، تەخت ۋارىسى بولغان ئوغلى مەنسۇر سەبىي بولغاچقا، غازىيە مەلۇم مۇددەت ئوغلىغا ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. تەدبىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلغان. غازىيە 1258- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## فاتىمە بىنتى ئابباس

فاتىمە بىنتى ئابباس ئىبنى فەتھى باغدادى ئالىمە، فەقىيھە، زاھىدە، فازىلە ئايال بولۇپ، 13- ئەسىردە باغدادتا ياشىغان.

فاتىمە تەزكەر پاي خاتۇن باغدادتا قۇرغان «رەبات باغدادىيە»نىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇستازلىرىدىن بولغان. فاتىمە بىر ئۆمۈر قانائەتچانلىق بىلەن ناھايىتى ئاددىي-ساددا ياشىغان. دۇنيانى دوست تۇتمىغان. كېچە-كۈندۈز ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاياللارغا ئىلىم ئۆگەتكەن، ۋەز-نەسىھەتلەر قىلغان. فاتىمە، ھەتتا مەسجىدلەردە مۇنبەرگە چىقىپ ئەرلەر جامائىتىگىمۇ ۋەز-تەبلىغ قىلغان، ئىلىم-پەزىلەت، تەقۋا-دىيانەت بىلەن شۆھرەت قازانغان فاتىمە زامانىسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىملىرى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارغان. مىلادىيە 1314- يىلى 80 يېشىدا مىسىردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## فاتىمە بىنتى ئابدۇلمەلىك

فاتىمە ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ قىزى. ئاددىللىقى ۋە دىن ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن ئالاھىدە شۆھرەتكە ئىگە خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئايالى.

فاتىمە دىيانەت-تەقۋالىقتا، ئەخلاق-پەزىلەتتە زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. فاتىمە ئەقىل-پاراسىتى، پاساھەتلىك، شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالاھىدە مۇھەببىتى ۋە

ھۆرمەتلىگەن ئىدى. فاتىمە گەرچە ئابرۇيلۇق-ئىناۋەتلىك خەلىپىنىڭ ئايالى بولسىمۇ، مال-دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرماي، ناھايىتى ئاددىي-ساددا ياشاپ، ئىبادەت، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۆزىگە تەۋە مال-مۈلۈك، زىبۇزىننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس ئۈشرە-زاكات، خەير-ساخاۋەت ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بەيتۇل مالغا قويياتتى. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلىپىلىك تەختىگە فاتىمەنىڭ قېرىندىشى يەزىد چىققان ۋە فاتىمىگە بەيتۇلمالغا قويغان بەزىبىر قىممەتلىك زىبۇزىننەتلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئېيتقاندا، فاتىمە قەتئىي رەت قىلغان.

## فاتىمە بىنتى ئەسەد

فاتىمە بىنتى ئەسەد ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف قۇرەيشىييە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ئانىسى. فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن توي قىلىپ، تالىپ، ئەلى، ئۇقەيل، جەئفەر، ئۇممۇ ھانى، جەمانە ئىسىملىك ئالتە باللىق بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئەمدىلا سەككىزگە كىرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسى، ھىمايىسى ئاستىدا چوڭ بولغان. فاتىمە ئۇنى كىچىككىدىن باشلاپ، ئۆز بالىسىنىڭ ئورنىدا مېھىر-مۇھەببەت بېرىپ، كۆيۈنۈپ تەربىيىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ فاتىمىنى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ، ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن.

فاتىمە ئېرى ئەبۇ تالىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. فاتىمە ھىجرىيىنىڭ 5- يىلى مىلادىيە 626- يىلى ئەتراپىدا مەدىنە مۇنەۋۋەردە ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يەكتىكى بىلەن فاتىمىنى



كېپەنلىگەن، ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويۇپ، ئاخىرەتلىك بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلغان. ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچبىر كىشىگە مۇنچىلىك قىلمىغانىدىڭىزغۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا تاغام ئەبۇ تالىپتىن كېيىن ئەڭ يېقىن ۋە مېھرىبان كىشى فاتىمە ئىدى» دېگەن. فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 46 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن بىر ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»غا كىرگۈزۈلگەن.

## فاتىمە بىنتى جەۋدەت پاشا

فاتىمە بىنتى جەۋدەت پاشا ئوسمانىيلارنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى جەۋدەت پاشانىڭ قىزى.

فاتىمە 1862- يىلى تۈركىيىدە تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە زامانىسىنىڭ بارلىق ئىلىم تۈرلىرىنى، جۈملىدىن ئىلمى تەۋھىد، ئىلمى كالام، مەنتىق، گېئومېتىرىيە، ھېساب، مۇزىكا ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. فاتىمە يەنە فرانسۇزچە ئۆگىنىپ، فرانسىيىلىك يازغۇچى جورج ئەدناننىڭ رومانىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان.

فاتىمە دائىم تۈركىيىدىكى «تەرجۇمانى ھەقىقەت» ناملىق گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرغان. فاتىمىنىڭ 1892- يىلى ئۈچ ياۋروپالىق ئايال بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمان ئاياللىرى ھەققىدىكى سۆھبەت-مۇنازىرىسى يۇقىرىقى گېزىتتە ئېلان قىلىنغان. فاتىمە بۇنىڭدا ئىسلام ئاياللىرىنىڭ ئۆز دىنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېتىقادلىق ئانا بولۇش بىلەن بىرگە زامانىۋى پەنلەرنىمۇ ئىگىلىگەن ھازىرقى زامان ئىسلام ئاياللىرى بولۇشىنىڭ يول-پرىنسىپلىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ يەنە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بېيرۇتتا چىقىدىغان «سەنئەت مېۋىسى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. فاتىمە يەنە ئوسمانىيلار خانلىقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بىر تارىخىي رومان

يازغان. تونۇلغان مۇھەررىر ئەھمەد مەدھەت ئەپەندى بۇ ئىلىم ساھىبەسى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىپ نەشر قىلغان. ئەپسۇسكى، فاتىمىنىڭ «خىيال» ناملىق بىر پارچە كىتابىدىن باشقا ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

## فاتىمە بىنتى خەتتاب

فاتىمە بىنتى خەتتاب ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ھەمشىرىسى، جەننەتكە كىرىش بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان سەئد ئىبنى زەيدنىڭ ئايالى.

فاتىمە ئېرى سەئد بىلەن بىللە ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. بۇ چاغدا ئۆمەر تېخى ئىمان ئېيتمىغان. بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەمشىرىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، فاتىمە بىلەن سەئدنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ۋە غەزەپلىنىپ فاتىمىنى بىر شاپىلاق سالغان. فاتىمە: «سېنىڭ نارازىلىقىڭ بىزگە بەرىبىر، بىز ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇق»، دېگەن. فاتىمىنىڭ يۈزىدىكى قاننى كۆرۈپ، ئۆمەرنىڭ دىلى يۇمشىغان ۋە فاتىمىدىن قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشنى سورىغان. فاتىمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆمەر يۇيۇنۇپ كېلىپ ئاندىن قۇرئاننى ئالغان ۋە «تاھا» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغان. ھېچقانداق شائىر-ناتىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پاساھەت-بالاغىتىنى ئىپادىلىگەن ئايەتلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ پىداكار ھىمايىچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. فاتىمە دىيانەتلىك، فازىلە ئايال بولۇپ، دائىم قۇرەيش ئاياللىرىغا ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى. فاتىمىنىڭ ھەزرىتى ئۆمەر ۋە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە سەۋەب بولۇشى



فاتىمىنىڭ نامىنى تارىختىن، ئەجىر-تۆھپىسىنى زىيادە قىلغان. فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان ۋە ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىكى زامانىغىچە ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

## فاتىمە بىنتى خەششاب

فاتىمە بىنتى خەششاب 14- ئەسىردە شامدا ياشىغان ئەدىبە ۋە شائىرە. فاتىمە ئىلىم-پەزىلىتى، شېئىرلىرى بىلەن زامانىسىنىڭ ئۆلىمالىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي-شۆھرەتكە ئىگە بولغان. مەشھۇر ئالىم قازى شاھابىدىدىن ئىبنى فەزىل 1310- يىلى فاتىمىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، ئىلمىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، 26 بېيىتلىق بىر شېئىر يېزىپ ئەۋەتكەن. فاتىمە بۇنىڭغا جاۋابەن قازى شاھابىدىدىنىڭ ۋەزىن قاپىيىسىدە 21 بېيىتلىق شېئىر يېزىپ ئەۋەتكەن. قازى شاھابىدىدىن فاتىمىنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ئىستېداتنى، ئىمان-پەزىلەتنى كۆرۈپ فاتىمىگە ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشقان.

## فاتىمە بىنتى ئالائىددىن

فاتىمە بىنتى ئالائىددىن فىقھى ئىلمىدىكى نوپۇزلۇق كىتاب «**تحفة الفقهاء**» (فەقىھلەرنىڭ ھەدىيەسى)نىڭ مۇئەللىپى مەشھۇر ئالىم ئالائىددىن مۇھەممەد سەمەرقەندى ھەنەفىينىڭ قىزى.

فاتىمە دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي ئىلىملەرنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە قىيىن بولغان فىقھى ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن. دادىسىنىڭ «**تحفة الفقهاء**» كىتابىنى ياد ئالغان. فىقھى ئىلمىدە بىرقانچە ئەسەر يازغان. ھەتتا، ھەر خىل مەسىلە سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە پەتىۋا بېرىش دەرىجىسىگە يەتكەن، شۇڭا

كىشىلەر فاتىمىنى «فەقىھە» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئاتىغان. فاتىمە يەنە ماھىر خەتتات بولۇپ، گۈزەل ھۆسنخەتلىرى بىلەنمۇ تونۇلغان.

ئالائىددىن مۇھەممەدنىڭ شاگىرتى ئالائىددىن ئەبۇ بەكرى ئىبنى مەسئۇد كاسانى ئۇستازىنىڭ «تحفة الفقهاء» ناملىق ئەسىرىگە شەرھى يېزىپ، بۇ كىتابنى «بدائع الصنائع فى ترتيب الشرائع» (شەرىئەت تەرتىپىدىكى ئېسىل ھۈنەرلەر) دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولغان ئالائىددىن قىزى فاتىمىنى كاسانىغا نىكاھلاپ بەرگەن ھەم «بدائع الصنائع فى ترتيب الشرائع» كىتابىنى قىزىنىڭ مەھرى قىلغان. بۇ ھەقتە ئۆلىمالار «تۇھفەسىنى شەرھلەپ مۇكاپات ئورنىدا قىزىنى ئالدى» دېيىشىدۇ. بۇ كىتاب ھەنەفى مەزھىپىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئىسلام ئۆلىمالىرى فىقھى ئىلمىدە مۇراجىئەت قىلىدىغان مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. كاسانى فاتىمىنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغان. بەزى مەسىلىلەردە شۈبھىلىنىپ قالغاندا، فاتىمىدىن مەسلىھەت سورىغان. فاتىمە دەلىل-پاكىتلار بىلەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگەن. كېيىنچە ئالائىددىن، كاسانى ۋە فاتىمە شامدىكى ھەلەب شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەن، فاتىمە ھەلەب شەھىرىدە فىقھى مەسىلىلىرىدىن دەرس بەرگەن. دەرسخانا ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، پەتىۋا سوراپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن لىق تولغان. ھەتتا پادىشاھ ئادىل نۇرىددىن شەھىد بەزى فىقھى مەسىلىلىرىدە خەت يېزىپ، فاتىمىدىن يول كۆرسىتىشنى سورىغان.

فاتىمە ئېرى كاسانىدىن ئىلگىرى ھەلەب شەھىرىدە ۋاپات بولغان ۋە مەقام خەلىل ئىبراھىم دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. كاسانى 1191- يىلى ۋاپات بولۇپ، فاتىمىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## *فاتىمە زەھرا*

فاتىمە زەھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان ئەڭ كىچىك قىزى.



فاتىمە ھىجرەتتىن 18 يىل ئىلگىرى يەنى مىلادىيە 605- يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشلاردا بولۇپ، تېخى ۋەھيى نازىل قىلىنمىغانىدى. فاتىمىنىڭ تېرىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئاق، نۇرلۇق بولغاچقا، زەھرا (چېچەك، گۈل مەنىسىدىكى) لەقىمى بىلەن ئاتالغان. فاتىمە ھۆسن-جامال، ئەخلاق-پەزىلەت، ئىمان، ئەقىل-پاراسەتتە قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئالدى ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمىنى 15 يېشىدا تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ياتلىق قىلغان. بۇ چاغدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ 21 ياش ئىدى. فاتىمە ھەسەن، ھۇسەين، مۇھەسسىن ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل، ئۇممۇ گۈلسۇم، زەينەب ئىسىملىك ئىككى قىز تۇغقان. مۇھەسسىن كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك نەسلى فاتىمە زەھرانىڭ بالىلىرى ئارقىلىق داۋاملاشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە فاتىمە ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «فاتىمە ئەھلى جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى»، «فاتىمە مېنىڭ بىر پارچەمدۇر، كىمكى فاتىمىنى خاپا قىلىدىكەن، پەقەت مېنى خاپا قىلغان بولىدۇ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «فاتىمىنىڭ سۆزلىگەندىكى قىياپىتى، يۈرۈش- تۇرۇشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئەگەر فاتىمە كەلسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇراتتى ۋە: ‹خۇش كەپسىز قىزىم›، دەپ پېشانىسىدىن سۆيەتتى. فاتىمەمۇ دادىسىغا بەك ئامراق ئىدى ۋە ھۆرمەتلەيتتى».

فاتىمە تەقۋا-دىيانەتلىك، يېتىم-مىسكىنلەرگە رەھىمدىل سېخىي ئىدى. شۇنداق ئېسىل نەسەبتىن بولسىمۇ، تۇرمۇشى ئاددىي-ساددا، جاپالىق ئىدى. ئۆي تازىلاش، تاماق ئېتىش چارۋىلارنى سۇغىرىشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلاتتى. بىر كۈنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ فاتىمىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ

چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە بىر خىزمەتچى كەلگەنلىكىنى، شۇنى ئۆز خىزمىتىگە بېرىشىنى دادىسىدىن سوراشنى ئېيتقان. فاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، خىجىل بولۇپ ئېغىز ئاچالمىغان. فاتىمە قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ قىزىنىڭ بىر ھاجەت بىلەن كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ، كەينىدىن بېرىپ سورىغان. فاتىمە تارتىنغان ھالدا ھاجىتىنى ئېيتقان. رەسۇلۇللاھ: «بولمايدۇ، كىرگىلى ئۆيى يوق سۇپىنى ماكان قىلغان مىسكىنلەرگە قورسىقى تويغۇدەك نەرسە بېرەلمەيۋاتقان يەردە، سىلەرگە خىزمەتچى بېرەلمەيمەن» دېگەن. ئاندىن: «سىلەرگە خىزمەتچىدىن ياخشىراق بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ، ئۇنى ماڭا جىبرىئىل ئۆگىتىپ قويغان، ئۇ بولسىمۇ ھەر قېتىملىق نامازدىن كېيىن ئون قېتىم ‹**سبحان الله**› (ئاللاھ پاكتۇر) دەپ تەسبىھ ئېيتىش، ئون قېتىم ‹**الحمد لله**› (ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر) دەپ سانا ئېيتىش، ئون قېتىم ‹**الله اكبر**› (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر) دەپ تەكبىر ئېيتىش، كەچتە 33 قېتىم ‹**سبحان الله**› دېيىش، 33 قېتىم ‹**الحمد لله**› دېيىش، 34 قېتىم ‹**الله اكبر**› دېيىش»، دېگەن. فاتىمە دادىسىنى زىيادە ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قىزى دادىسىنىڭ ھاياتلىقىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، پەقەت مۇشۇ فاتىمىلا قالغان.

فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ناھايىتى قايغۇرغان. ھەتتا شۇنىڭدىن كېيىن كۈلۈپ باقمىغان. دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ، توپىسىنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇغان:

نەبەۋىنىڭ تۇپرىقىنى پۇرىسا كىم ئەگەرچەندە،
كېرەك قىلماس ئىپار-ئەنبەر ئۆمۈرۋايەت ئۇشۇل بەندە.
مېنىڭ باشىمغا چۈشكەن بۇ ئېغىر قايغۇ-مۇسىبەتلەر،
ئەگەر چۈشسە بۇ كۈنلەرگە كۈندۈز ئۆزگەرگەي زۇلمەتكە.



فاتىمە دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن ئالتە ئاي كېيىن، يەنى 632- يىلى رامىزان ئېيىنىڭ سەيشەنبە كۈنىدە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. فاتىمىنىڭ ۋاپات بولغاندىكى يېشى توغرىسىدا بەزى ئوخشىمىغان قاراشلار بولسىمۇ، توغرىراقى فاتىمە 29 يېشىدا ۋاپات بولغان.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 18 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. شۇنداقلا ئوغۇللىرى ھەسەن، ھۇسەين، ئېرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئائىشە، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئۇممۇ سەلەمە قاتارلىقلار فاتىمىدىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد ئۆز سەھىھ ۋە سۈنەن كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى فاتىمىنىڭ ۋاپاتىدىن كۆپ قايغۇرغان ۋە دائىم تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرغان. تارىخىي كىتابلاردا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ فاتىمىگە ئوقۇغان مەرسىيىلىرى قەيت قىلىنغان. فاتىمىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئەلى ئوقۇغان ۋە فەزىل ئىبنى ئابباس ئىككىسى قەبرىگە چۈشۈپ يەرلىككە قويغان.

ھەزرىتى فاتىمىنىڭ پەزىل-سۈپەتلىرى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى بەزى كىتابلارنى يازغان. بۇلاردىن جالالىددىن سۇيۇتىنىڭ «**الثغور الباسمة فى مناقب السيدة فاطمة**» (ھەزرىتى فاتىمىنىڭ پەزىلەتلىرى) ئۆمەر ئەبۇ نەسىرنىڭ « **فاطمة بنت محمد صلى الله عليه وسلم** » (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە)، ئەبۇ ھەسەن رەندى نەجەفىنىڭ «**مجمع النورين**» (ئىككى نۇرنىڭ قوشۇلغان جايى) ناملىق كىتابلىرى مەشھۇردۇر. فاتىمىنىڭ ئوغلى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ فاتىمە ئىسىملىك قىزىدىن ئايرىش ئۈچۈن، ھەزرىتى فاتىمە تارىخىي كىتابلاردا «**فاطمة الكبرى**» (چوڭ فاتىمە) دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان.

## *فاتىمە نىسابۇرى*

فاتىمە نىسابۇرى 9- ئەسىردە ياشىغان زۇھۇد-تەقۋالىق بىلەن داڭق چىقارغان فازىلە ئايالدۇر. فاتىمە نىسابۇردا تۇغۇلغاچقا، نىسابۇرى تەخەللۇسى بىلەن ئاتالغان. فاتىمە بايەزىد بەستامى، زۇننۇن مىسىرى

كەبى مەشھۇر زاتلار بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ھەم يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. بايەزىد بەستامى ھۆرمەت بىلەن «ئۆمرۈمدە فاتىمىگە ئوخشاش فازىلە، زاھىدە ئايالنى كۆرمىدىم»، دېسە، زۇننۇن مىسرى پەخىر بىلەن: «فاتىمە مېنىڭ ئۇستازىم — شەيخىم» دەپ ئېيتقان. فاتىمە كۆپ ۋاقتىنى مەككە مۇكەررەمىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، گاھىدا پەلەستىن قۇددۇس شەھەرلىرىگە بارغان. ئۇ مىلادىيە 738- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## فاتىمە بىنتى ھۇسەين

فاتىمە بىنتى ھۇسەين ھەزرەت ھۇسەين ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ قىزى، سىتتۇ سۇكەينەنىڭ ھەمشىرىسىدۇر.

فاتىمە 660- يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. پەيغەمبەر نەسلىدىن بولغان فاتىمە گۈزەل، ئېسىل خۇلقلۇق، تەقۋا-دىيانەتلىك، تەربىيە كۆرگەن فازىلە ئايال بولۇپ، ھەممە جەھەتتىن چوڭ ئانىسى فاتىمە زەھراغا ئوخشىغان. فاتىمە دەسلەپ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەسەنگە ياتلىق بولغان. ھەسەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇغا ياتلىق بولغان. فاتىمە 728- يىلى مىسىردا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## فاتىمە بىنتى قەيس

فاتىمە بىنتى قەيس ئەڭ دەسلەپ ھىجرەت قىلغان ساھابىياتلار (ساھابى ئاياللار) جۈملىسىدىندۇر. فاتىمە مىلادىيە 615- يىللىرى مەككە مۇكەررەمىدە تۇغۇلغان. فاتىمە ئەقىللىق، دىيانەتلىك ئايال بولۇپ، دەسلەپ ئەبۇ ئەمر ئىبنى ھەفس ئىبنى مۇغىيرەگە ياتلىق بولغان. فىقھى ئىلمىدىكى ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئېرىنىڭ تۇرالغۇ ۋە نەپىقە بېرىش-بەرمەسلىك مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا دەل



مۇشۇ فاتىمە بىنتى قەيس مىسالغا ئېلىنىپ سۆزلىنىدۇ. فاتىمە تالاق قىلىنغاندىن كېيىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ۋە ئەبۇ جەھىم ئىبنى ھۇزەيفە ئەلچى كىرگۈزگەن. فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەسلىھەت سالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاللىشى بويىچە ئۇسامە ئىبنى زەيدكە ياتلىق بولغان. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆلتۈرۈلگەندە، ساھابىلار شۇرا ئۈچۈن فاتىمىنىڭ ئۆيىگە يىغىلغان ۋە شۇ يەردە كېڭەش قىلغان.

فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 34 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن ئۈچ ھەدىس «سەھىھۇل مۇسلىم» بىر ھەدىس «مۇسنەدى ئائىشە»دە رىۋايەت قىلىنغان. فاتىمە مىلادىيە 670- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## فەخرىيە

فەخرىيە بىنتى ئوسمان بەسرى 13- ئەسىردە ئۆتكەن زۇھۇد ۋە تەقۋالىقى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان ئايال. فەخرىيىنىڭ نامى ھەممە جايلارغا تارىلىپ، ئۆيى كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلانغان.

بۇ زاھىدە ئايال 1303- يىلى 83 يېشىدا مەككىدە ۋاپات بولغان. ھايات چېغىدىكى ئارزۇسى بويىچە «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھەزرىتى خەدىچىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## فىتنەت خانىم

فىتنەت خانىم 19- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىرە. فىتنەت خانىم 1842- يىلى تۈركىيىدە ئەھمەد پاشا ئىسىملىك كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئىستانبولغا كېلىپ ھافىز ئەپەندىدىن «قۇرئان كەرىم»دىن دەرس ئالغان. خوجا لەتىپ ئەپەندىدىن ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى ئوقۇغان. خوجا شاكىر ئەپەندىدە «دىۋان ھافىز»نى ئوقۇپ،

شېئىرىيەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. يەنە ھۆسنىخەت شەكىللىرىدىن خەتتى سۇلۇس ۋە رۇقئەنى ئۆگەنگەن. شۇڭا فىتنەت خانىم تۈرك ۋە پارس تىللىرىدا ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازىدىغان شائىرەلا ئەمەس، يەنە تۈرلۈك ئىلىملەردىمۇ يېتىشكەن ئەدىبە بولغان. فىتنەت خانىمنىڭ تۈرك ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان ئىككى شېئىرىي دىۋانى ساقلانغان. بۇنىڭدىن باشقا فىتنەت خانىمنىڭ يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر — ئاياللارنى ئاقارتىش، ئوقۇتۇش ھەققىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك بەزى ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. تۆۋەندىكىسى فىتنەت خانىمنىڭ شېئىرلىرىدىن پارچە:

ئەيلەسۇن تەسرى دەردىڭ جانە ئاللاھ ئىشقىنە،
كىرمەسۇن غەمخانەمە بىگانە ئاللاھ ئىشقىنە.
كىم بىلۇر دەرد ئەھلىنىڭ ھالىن يەنە يارى بىلۇر،
قىل تەرەھھۇم دىيدەئى گىريانە ئاللاھ ئىشقىنە.
بەزمى جانانىم ئۇزاق بۇ سوۋزىشى ھەسرەت ئىلە،
كەل سېنىڭلە يانەلىم پەرۋانە ئاللاھ ئىشقىنە.
زەخمى فۇرقەت بەك بوتۇردى قالمىدى مەندە ماجال،
سۆيلىيىڭ بۇ ھالى جانانە ئاللاھ ئىشقىنە.
دىل خاراب ئابادى ئىشقىڭدۇر ئۇنۇتمە رەھم ئېتىپ،
فىتنەتنى كۆل ئەيلىمە دىۋانە ئاللاھ ئىشقىنە

## *فىتنەت*

فىتنەت ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئابدۇلھەمىدخان سۇلتان زامانىسىدىكى دۆلەتنىڭ شەيخۇل ئىسلامى، «لەھجەتۇل لۇغات» (تىللارنىڭ دىئالېكتى) كىتابىنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئەسئەد ئىبنى ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ قىزى. فىتنەتنىڭ ئەسلى ئىسمى زۇبەيدە بولۇپ، ئەقىل-پاراسەت مەنىسىدىكى فىتنەت تەخەللۇسى.



فىتنەت تەفسىر، ھەدىس، فىقھى ئىلىملىرىنى ئىگىلىگەندىن باشقا، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ ئۆزىگە خاس تالانتى ۋە ماھارىتىنى نامايان قىلغان. تۈرك ھەم پارس تىللىرىدا شېئىر يازغان. فىتنەت ئوسمانلى شائىرلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئالىم ۋە ئەدىبلىرىدىن راغىپ پاشا كەبى زاتلار بىلەن مۇشائىرلار يېزىشقان، ئىلمىي مۇھاكىمە-مۇنازىرىلەر ئېلىپ بارغان. فىتنەت ئوردا ئەمەلدارى دەرۋىش ئەپەندىگە ياتلىق بولغان. فىتنەتنىڭ دادىسى ھەم قېرىندىشى مۇھەممەد شەرىف بىلەن ئۈچىسىنىڭ شېئىرلىرى جەملەنگەن بىر دىۋانى بار.

تارىخچى ئەبۇ فەزىل سەيىد مۇھەممەد خەلىل ئەپەندى ئۆزىنىڭ «سلك الدرر» (دۇردانىلەر تىزىقى) ناملىق كىتابىدا فىتنەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «فىتنەتنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى پاساھەتلىك، بۇ زامان شائىرلىرى ئارىسىدا فىتنەت مەرتىۋىسىدە شېئىر يازىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئۆزگىچە لەتىپ مەنىلەر يوشۇرۇنغاندۇر». تۆۋەندىكىسى فىتنەتنىڭ شېئىرلىرىدىن پارچىلار:

بىلمىدىڭ زەۋقى ۋىسالىڭ چەكمەيىنچە فۇرقەتىڭ،
بولمايىنچە خەستە، قەدرىن بىلمەس ئادەم سىھھەتىڭ.

تەبىئىي نا ئەھلە مۇۋافىقدۇر سىپەھرىڭ گەردىشى،
ئەقرەبە بابىستەدۇر سەيىر ئىلە چەرخى سائەتىڭ.

✶ ✶

گۆللەر قىزارار شەرم ئىلە ئول غۇنچە كۆلگۈنچە،
سۇنبۇل خەم ئولۇر رەشىك ئىلە كاكۇل بولغۇنچە.

ئەنقا تېخى ئولۇرسە چۆشەر پەنجەئى ئىشقە،
سەيد ئىلە شەھباز نىگاھىڭ سوزۇلغۇنچە.

ئۇل غۇنچە نەۋ شۇكۇفتە ئۇلۇر گۇل كەبى خەندان،
شەبنەم كەبى ئەشىك دىل شەيىد تۆكۈلگۈنچە.

ھەر تارى بىر مار ئۇلۇر، كەنج ھۆسنىدە،
رۇخسارىكى زۇلفى سىياھىنىڭ شانە بولغۇنچە.

جان بەرمەك ئىسە قەسدىڭ ئەگەر ئىشق ئىلە فىتنەت،
خاكىدۇر دىلدارىدىن ئايرىلمە ئۆلگۈنچە.

فىتنەت 1780- يىلى ۋاپات بولغان ۋە ساھابىلاردىن بولغان ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ قەبرىسىگە يېقىن يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## قەتۇرا

قەتۇرا كەنئانلىق يەقتان ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، «تارىخىي كامىل»دا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنلىرى ھاجەر ۋە سارا ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەتۇرانى نىكاھىغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەتۇرادىن ئالتە ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ئاياللىرىدىن بولغان ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي سەككىز پەرزەنتى بولغان.

## كەرىمە بىنتى سىرىن

كەرىمە بىنتى سىرىن ئىشەنچلىك راۋىيلاردىن بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھتىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.
ھىجرىيىنىڭ 141- يىلى ۋاپات بولغان ئاسىم ئىبنى سۇلايمان كەرىمەدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. كەرىمە زۇھۇد-



تەقۋالىق بىلەن نام چىقارغان بولۇپ، 15 يىل مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلغان. پەقەت ھاجەت-زۆرۈرىيەت ئۈچۈن سىرتقا چىققاندىن باشقا چاغدا مەسجىدتىن ئايرىلمىغان.

## كەرىمە بىنتى مۇھەممەد

كەرىمە بىنتى مۇھەممەد 11- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر مۇھەددىسە، ئالىمەدۇر.
كەرىمە تەفسىر، فىقھى ئىلىملىرىدىمۇ يېتىلگەن بولۇپ، ھەدىس ئىلىمىدە ئۆز تالانتىنى بەكرەك نامايان قىلغان. كەرىمە تالىپ ئىلىملەرگە مەشھۇر ھەدىس كىتابى «سەھىھۇل بۇخارى» دىن دەرس بەرگەن. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەزى ئەسەرلەرنى يازغان. ئەقىل ۋە ئىلىمدىكى كامالىتى تۈپەيلى كەرىمەنىڭ سورۇنى ئۆلىما-ئەدىبلەر، تالىپ ئىلىملەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە-مۇنازىرىلىرى بىلەن ئاۋات بولغان. كەرىمە ئۆمۈر بويى توي قىلمىغان. مىلادىيە 1070- يىلى مەككە مۇكەررەمىگە يېقىن جايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## كەرىمە بىنتى مىقداد

كەرىمە بىنتى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ئانىسى زىبائە بىنتى زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەر نوپۇزلۇق ھەدىس كىتابلىرىدىن «سۇنەن ئىبنى ماجە»، «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»تا بايان قىلىنغان.
كەرىمە ئۆز دەۋرىدە ساۋاتلىق ئاياللار كەم بولۇشتەك شارائىتتا بىلىملىك ئايال بولۇپ، ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلەتتى. ئىبنى ھەببان كەرىمەنى ئىشەنچلىك راۋىيلار قاتارىدا سانىغان.

## كەرىمە بىنتى هەسهاس

كەرىمە بىنتى هەسهاس ساهابە جەلىل ئەبۇ هۇرەيرىدىن ئاڭلىغان هەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

هىجرىيىنىڭ 131- يىلى ۋاپات بولغان ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇ مۇهاجىر كەرىمىدىن ئاڭلىغان هەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى هەببان ئىشەنچلىك راۋىلار قاتارىدا كەرىمىنى تىلغا ئالغان.

## كەرىمە بىنتى هەممام

كەرىمە بىنتى هەممام «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن بەزى هەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. هىجرىيىنىڭ 129- يىلى ۋاپات بولغان يەهيا ئىبنى كەسىر ۋە ئەلى ئىبنى مۇبارەك كەرىمىدىن ئاڭلىغان هەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ هەدىسلەر «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد» ۋە «سۇنەن نەسائى»دەك نوپۇزلۇق هەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

## كەبىك خاتۇن

كەبىك خاتۇن ساراي پادىشاهلىرىدىن ئۆزبېكخان ئىبنى توغرۇلخاننىڭ خانىشى، ئەمىر نەغەتىننىڭ قىزىدۇر.

مەشهۇر ئەرەب سەيياهلىرىدىن ئىبنى بەتتۇتە ئۆزىنىڭ ساياهەت خاتىرىسىدە كەبىك خاتۇننى هۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. كەبىك خاتۇن تەقۋادىيانەتلىك، يېتىم-مىسكىنلەرگە ناهايىتى خەير-ساخاۋەتلىك ئايال بولۇپ، يۇقىرى ئابرۇي-هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئىبنى بەتتۇتە كەبىك خاتۇننى تۇنجى قېتىم ئۇردىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ ئولتۇرغان، ئەتراپىدا 20 دەك كېنىزەك ئوقۇش-يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان هالەتتە كۆرگەن. ئىبنى بەتتۇتە يەنە ساياهەت خاتىرىسىدە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ



ئادىتىدىكى خانىشنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۇتقان قىمىزنى ئىچمەك ئەڭ هۆرمەتلىك مېهمانلارلا مۇيەسسەر بولىدىغان ئىززەت-ئىكرامغا ئېرىشىپ، كەبىك خاتۇن قولىدىن قىمىز ئىچكەنلىكىنىمۇ خاتىرىلەپ قويغان.

## كۇئەيبە بىنتى سەئىد

كۇئەيبە فازىلە ساهابىيالاردىن بولۇپ، ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بەيئەت قىلغان. كۇئەيبە پىداكارلىق بىلەن مەسجىدتە تەسىس قىلىنغان ئايرىم ئورۇندا غازاتلاردا يارىلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ يارىسىنى تاڭغان ۋە داۋالىغان. ساهابە جەلىل سەئىد ئىبنى مۇئاز خەندەك ۋەقەسىدە يارىلانغاندا، كۇئەيبە داۋالىغان. خەيبەر غازىتىغا قاتنىشىپ، هەمشىرىلىك قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەيبەرنىڭ ئولجا-غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلغاندا، كۇئەيبەگىمۇ بىر كىشىلىك بۆلۈپ بەرگەن.

## گۈلسۈم

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغان گۈلسۈم — قاسىم ئىبنى مۇهەممەد ئىبنى جەئفەر سادىقنىڭ قىزىدۇر. گۈلسۈم تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇسا ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى مۇسا كازىمغا ياتلىق بولغان ۋە جەئفەر ئىسمىدە بىر ئوغۇللۇق بولغان. ئېسىل نەسەبلىك گۈلسۈم زۇهۇد-تەقۋالىقى بىلەن مەشهۇر بولۇپ، مىسىردا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەردىكى قۇرەيشلەر مەقبەرىسىگە دەپنە قىلىنغان.

## گۈلرۇخ

گۈلرۇخ تۆمۈرىيلەر نەسلىدىن بولغان، «بابۇرنامە» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى بابۇر زۇهۇرىددىن مۇهەممەد ئىبنى مىرزا ئۆمەرنىڭ قىزى.

بابۇر مىلادىيە 1530- يىلى ۋاپات بولغاندا، گۈلرۇخ 12 ياشلاردا ئىدى. گۈلرۇخ ھۆسن-جامال، ئىلىم-ئەدەپتە نامى چىققان شائىرە بولۇپ يېتىشكەن. گۈلرۇخنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا يەنە پارس تىلىدا يازغان گۈزەل شېئىرلىرى بار.

## لالە خاتۇن

لالە خاتۇن ئىراننىڭ ئەڭ بۈيۈك شائىرلىرىدىن بولۇپ، ئىراننىڭ كىرمان دېگەن جايىدا مۇھەممەد قۇتبىددىن ئىسىملىك كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. لالە خاتۇن پاساھەتلىك شېئىرلىرى، گۈزەل ئەدەب-ئەخلاقى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان. لالە خاتۇن ئەينى دەۋردىكى كىرمانلار خاندانلىقى نەسلىدىن بولۇپ، مەلۇم ۋاقىت ھاكىمىيەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان.

## لەبىبە بىنتى ئەھمەد

لەبىبە بىنتى ئەھمەد مىسىردىكى ئويغانغان ئىلغار ئاياللارنىڭ ۋەكىلى. لەبىبە قاھىرەدە «ئاياللار گۈللىنىش ژۇرنىلى»نى تەسىس قىلغان. ئاياللارنىڭ بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاياللار يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدىكى ئوبزور-ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە زور زىلزىلە پەيدا قىلغان. لەبىبە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىشنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان. 80 ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولغان.

## لەبىبە بىنتى ناسىف

لەبىبە بىنتى ناسىف 20- ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق ئەدىبە، ژۇرنالىست. لەبىبە لىۋاندىكى كىفرىشما يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىللە مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن. لەبىبە ئاخبارات كەسپىنى ئوقۇپ، ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن.



1906- يىلى لەبىبە داڭلىق «شەرق قىزى» ناملىق ژۇرنالنى چىقارغان. 1911 — 1912- يىللىرى مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەكلىپكە بىنائەن لېكسىيە سۆزلىگەن. كېيىنچە بۇ لېكسىيەلەرنى جەملەپ، بىر كىتاب قىلغان. لەبىبە ئەخلاق، مائارىپ-تەربىيە ھەققىدە بەزى كىتابلارنى يازغان. لەبىبە سۈرىيىگە زىيارەتكە بېرىپ بىر مەزگىل قىزلار مەكتىپىنىڭ تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1921- يىلى جەنۇبىي ئامېرىكىغا بېرىپ، ئۇ يەردە «شەرق ۋە غەرب قىزى» ناملىق ژۇرنالنى تەسىس قىلغان. 1924- يىلى مىسىرغا قايتىپ كېلىپ، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر «شەرق قىزى» ژۇرنىلىدا ئىشلەپ، ئاياللار ئويغىنىش ھەرىكىتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

## لەيلا ئامىرىيە

لەيلا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر مۇھەببەت قىسسىسى «لەيلى-مەجنۇن»نىڭ پروتوتىپى بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئامىر قەبىلىسىدىكى مەھدى ئىبنى سەئدىنىڭ قىزى.

لەيلانىڭ ئاشىقى مەجنۇننىڭ ئەسلى ئىسمى قەيس ئىبنى مەلۇھ بولۇپ، ئىككىسى كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، سەممىي دوستلۇق ئوتلۇق ئىشقا ئايلىنىپ، قەيسنىڭ لەيلانىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، مەجنۇنا ھالەتتە يۈرۈشى بىلەن خەلق ئۇنى مەجنۇن دەپ ئاتىغان. بۇ ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكى دەۋرى بولۇپ، ۋىسالىغا يېتەلمەي ھەسرەت بىلەن كۆز يۇمغان بۇ ئاشىق-مەشۇقنىڭ بىر-بىرىگە بېغىشلىغان نۇرغۇن شېئىرلىرى بار.

## لەيلا بىنتى خەتىم

لەيلا بىنتى خەتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرگەندە ئەڭ ئاۋۋال بەيئەت قىلغان ساھابىيە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش بولۇشى بىلەن مەسئۇد ئىبنى ئەۋسكە ياتلىق بولغان.

## لەيلا غىفارىيە

ئەرەبلەرنىڭ غىفار قەبىلىسىدىن بولغان لەيلا غىفارىيە ئىسلام تارىخىدىكى مۇجاھىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتلارغا چىقىپ، يارىدارلارنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ھەمشىرىلىك قىلغان. لەيلا ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىلەن بىللە بەسرەگە بارغان ۋە «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەلىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بىرەر سۆز ئاڭلىغانمىدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ھەئە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمدا ئىدى، ئەلى كىرىپ كەلدى ۋە ئارىمىزدىكى تار ئورۇندا ئولتۇردى. مەن: ‹ئولتۇرىدىغان كەڭرەك ئورۇن يوقمىكەن› دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئائىشە! قېرىندىشىمغا ئۇنداق دېمىگىن، ئۇ ماڭا ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان، مېنىڭ ئەھدىمگە ئەڭ سادىق، قىيامەت كۈنىدە ماڭا ئەڭ ئاۋۋال ئەگەشكۈچى› دېدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. لەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

## لەيلا بىنتى ھامىد

لەيلا خانىم 19- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تۈرك ئەدىبەسىدۇر. لەيلا خانىم ئىستانبۇللۇق ھامىد ئەپەندىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۆمرىنى



ئەدەبىيات-شېئىرىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. شائىرەنىڭ 118 بەت ئەتراپىدا بىر شېئىرىي دىۋانى ساقلانغان. لەيلا خانىم 1848- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. تۆۋەندىكىسى شائىرەنىڭ دىۋانىدىن پارچە:

قىل مەجلىسنى ئامادە نە دېسىلەر دېسۇنلەر،
ئىچ دىلبەر ئىلە بادە نە دېسىلەر دېسۇنلەر.
ئالەمدە نەدۇر پەرقى ماڭا مەدىھ ئىيلە زەمىنىڭ،
ساغ ئولسۇن ئاھبادە نە دېسىلەر دېسۇنلەر.

## لۇبابە بىنتى ھارىس

لۇبابە بىنتى ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ خوتۇنى. لۇبابە فەزىل، ئابدۇللاھ، مەئبەد، قۇسەم، ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇرەھمان، ئىسىملىك ئالتە ئوغۇل تۇغقان. ئەرەبلەرنىڭ ئانا ۋە دادىنى ئەڭ چوڭ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدىغان ئادىتى بويىچە «ئۇممۇ فەزىل» دېگەن كۇنىيە بىلەن ئاتالغان.

لۇبابە ھەزرىتى خەدىچىدىن كېيىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئىككىنچى ئايال ھېسابلىنىدۇ. لۇبابە ئېرى ئابباس بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لۇبابەنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى كۆرگەندە ئالاھىدە ئىلتىپات قىلاتتى. لۇبابەنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس يېتۈك ئىلمى، دىيانەت-پەزىلىتى بىلەن «ترجمان القرآن» (قۇرئاننىڭ شەرھچىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان مەشھۇر ئالىمدۇر. لۇبابەنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ بىرىنچىسىنىڭ قەبرىسى شامدا، ئىككىنچىسىنىڭ تائىفتا، ئۈچىنچىسى بىلەن ئالتىنچىسىنىڭ ئافرىقىدا، تۆتىنچىسىنىڭ سەمەرقەنتتە، بەشىنچىسىنىڭ قەبرىسى مەدىنىدە بولۇپ، بىر ئانا، بىر ئانىدىن تۇغۇلۇپ، بىر يەردە چوڭ بولغان بۇ قېرىنداشلارنىڭ

قەبرىلىرىنىڭ بۇ قەدەر يىراقلىقى سەۋەبىدىن ئەرەبلەر ئارىسىدا يىراق ئارىلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا «ئۇممۇ فەزلىنىڭ بالىلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە ئوخشاش»، دېگەن ماقال كېلىپ چىققان. لۇبابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 30 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن ئۈچ ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.

## لۇبنا

لۇبنا 10- ئەسىردە ئىسلام مەركەزلىرىدىن بولغان ئەندەلۇستا ياشىغان شائىرە ۋە كاتىبتۇر.

لۇبنا ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىدىكى مول بىلىمى بىلەنلا ئەمەس يەنە ھېساب ئىلمىغا ئۇستىلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. لۇبنا ئۇمەۋىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەندەلۇستىكى خەلىپە ئوردىسىدا مەخسۇس ھەر خىل ئەسەرلەرنى رەتلەش، خەت-چەك يېزىش، ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈشتەك كاتىپلىق، خەتتاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. لۇبنا مىلادىيە 984- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مارىيە بىنتى شەمئۇن قىبتىييە

مارىيە بىنتى شەمئۇن قىبتىييە مىسىرنىڭ قەدىمىي ئاھالىسى بولغان قىبتىلاردىن بولۇپ، مىسىردىكى بىر يېزىدا تۇغۇلغان.

ھىجرىيىنىڭ 7- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم دۆلىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىسكەندىرىيىنىڭ ۋالىيسى مۇقەۋقىسنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەن. مۇقەۋقىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى ھاتەبنى ھۆرمەت-ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالغان ۋە تۇرغۇن سوۋغا-سالام قاتارىدا كېنىزەكلىرىدىن مارىيە ۋە سىڭلىسى سىرىننى ئەۋەتكەن. ھاتەب ئاچا-سىڭىل ئىككىسىنى



ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. مارىيە بىلەن سىرىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە مارىيىنى نىكاھىغا ئالغان. ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى مارىيە رەسۇلۇللاھتىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغقان. ئەمما ئىبراھىم كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. رەسۇلۇللاھ پەرزەنتى ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمىگە بەك قايغۇرغان.

مارىيە ھىجرىيىنىڭ 16- يىلى، مىلادىيە 637- يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكى دەۋرىدە مەدىنىدە ۋاپات بولغان. جىنازا نامىزىنى ھەزرىتى ئۆمەر ئوقۇغان ۋە بەقىيئەگە دەپنە قىلىنغان.

## مال خاتۇن

مال خاتۇن ئوسمانىيلارنىڭ تۇنجى سۇلتانى ئوسمان غازىنىڭ خوتۇنى، ئۇد بالى شەيخ ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزىدۇر. ئوسمان غازى تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى مال خاتۇنغا ئاشىق بولغان ۋە ئۇدبالى شەيخكە كۆرگەن خاسىيەتلىك چۈشىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئوسمان غازى ئەلچى قويۇپ، مال خاتۇننى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مېھىر-مۇھەببەت، ھۆرمەت بىلەن كۆپ ئىلتىپاتلار قىلغان. مال خاتۇن ئوسمانىيلارنىڭ كېيىنكى سۇلتانى ئورخان غازى ۋە ئالائىددىن پاشانى تۇغقان. مال خاتۇن ئېرىدىن ئۈچ ئاي بۇرۇنلا مىلادىيە 1325- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مال خاتۇننىڭ مەشھۇر بولۇشى ئەڭ دەسلەپكى ئوسمانىيە سۇلتانلىرىنىڭ بۇزرۇكۋار ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## ماھپەيكەر سۇلتان

ماھپەيكەر سۇلتان ئوسمانىلار پادىشاھلىرىدىن سۇلتان ئەھمەد I نىڭ خانىمى، سۇلتان مۇراد IV بىلەن سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ئانىسى. ماھپەيكەر سۇلتان ئېرى، ئىككى ئوغلىنىڭ سەلتەنەتلىرىدە ۋە

ئەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەد IV نىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانىدا يۇقىرى ئابرۇي-ئىناۋەت، كامالى ھوقۇق-شەۋكەت بىلەن ياشىغان.

ماھپەيكەر سۇلتان خەير-ساخاۋەتكە ھېرىسمەن، غېرىب-مىسكىنلەرگە يۆلەنچۈك بولۇپ، كۆپ خەيرىيەت ئەمەللىرىنى قىلغان. مەسجىد ۋە ئىمارەتلەرنى سالدۇرغان. مەخسۇس خادىملارنى تەيىنلەپ، ھەر يىلى ھەج قىلغۇچىلارنى ھەقسىز سۇ-يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەن. ماھپەيكەر سۇلتان ھەر يىلى رەجەپ ئېيىدا تۈرمىلەرگە بېرىپ، مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، نۇرغۇن مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن ئازاد قىلغان. شەخسىي ھېسابىغا كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت مەركەزلىرى، ھاممام، كۆۋرۈك-يوللارنى بىنا قىلغان. ماھپەيكەر سۇلتان 1651- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە سۇلتان ئەھمەد بىلەن بىر يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## ماھلەر ئايىم نادىرە

ئىستىداتلىق شائىرە ماھلەر ئايىم نادىرە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ 19- ئەسىردىكى مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى. نادىرە گۈزەل، ئويناق شېئىرلىرى بىلەنلا ئەمەس، يەنە مەرىپەتپەرۋەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتچى ئىكەنلىكى بىلەنمۇ تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس سانىلىدۇ.

نادىرە 1792- يىلى ئەندىجاندا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئەتراپلىق ئىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ، چاغاتاي ۋە پارس ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. نادىرەنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئىلىمدىكى داڭقىنى ئاڭلىغان قوقەنت خانى ئۆمەرخان نادىرەنى نىكاھىغا ئالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ نادىرە قوقەنت خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىلىم-مەرىپەت مۇھىتىغا چوڭقۇر تەسىر



كۆرسىتىشكە باشلىغان. 1822- يىلى ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن نادىرە قوقەنت خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر، خەلقچىل ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن قوقەنتنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىدا يېڭىچە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. 1842- يىلى بۇخارا ئەمىرى نەسرۇللاھ قوقەنتنى ئىشغال قىلىپ، نادىرەنى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

نادىرە تۈركىي ۋە پارس تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، «نادىرە كامىلى»، «مەكنۇنە» تەخەللۇسلىرىنى قوللانغان. نادىرەنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند قاتارلىق شەكىللىرىدە يازغان 10 مىڭ مىسراغا يېقىن لىرىك شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردا شائىرەنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ھاياتقا بولغان قىزغىن سۆيگۈ، زامان ۋە زامان ئەھلىگە بولغان باھالىرى ئىپادىلەنگەن. 1979- يىلى تاشكەنتتە نادىرەنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «نادىرە شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنغان.

## مايسىخان

ئۇيغۇر قىزى مايسىخان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشلامچىسى.

1765- يىلى 2- ئايدا رەھمەتۇللاھ بەگ ۋە ئەسمەتۇللاھ بەگ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن باشچىلىقىدا مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. مايسىخان شۇ ئىككىيلەننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشقان. 8- ئايدا قوزغىلاڭ كۈچلۈك چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولغان. ئەركىنلىك، خەلق بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان مايسىخان يۈزدىن ئارتۇق ئەر-ئايالنى تەشكىللەپ، تاغ-جاڭگاللارغا يوشۇرۇنۇپ، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئاخىردا مايسىخان باشلىق يەتتە قىز چىڭ

قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، تەسلىم بولۇشنى خالىماي، تاغدىن سەكرەپ ئۆلۈۋالغان. ئۈچتۇرپان خەلقى مايىمخان باشلىق يەتتە قەھرىمان قىزغا ئاتاپ، ئاقتوقاي تاغ باغرىغا ھەيۋەتلىك قەبرە ياساپ، ئۇنى «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

## مايىمخان

ئەركىنلىك كۈيچىسى، ماھىر قوشاقچى مايىمخان 1812- يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى دادامتۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىنلا كۈچلۈك ھەققانىيەت تۇيغۇسى، خەلق سۆيەر روھ بىلەن چوڭ بولغان مايىمخان مۇستەبىت ھاكىمىيەت، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان ئېغىر زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان ھەم ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتقان.

بۇ ناخشىلار ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. بۇ قوشاقلار مېھنەتكەش خەلقنىڭ دەرد-ھەسرىتىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پىغانلىق كۈيگە ئايلانغان. يۈز بېشى ھامۇتبەگنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن شەنگەن مايىمخاننى تۇتۇپ يامۇلغا سولىغان. ئۇنى قاتتىق قىيىن-قىستاقتا ئېلىپ، ئۆز يولىدىن يېنىشقا مەجبۇرلىغان. دەھشەتلىك جازا قوراللىرى ئالدىدا ھەققانىيەت ۋە ئەركىنلىكتىن ۋاز كەچمىگەن ئۇيغۇر قىزى مايىمخان بىر يىلدىن كېيىن 1830- يىلى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## مەريەم بىنتى ئەھمەد

مەريەم بىنتى ئەھمەد — 14- ئەسىردە ئۆتكەن مۇھەددىسە. ھەنەفى مەزھىپىدىكى مەريەم ئىلىم-پەزىلەتتە ئۈستۈن، نامى چىققان ھەدىس ئالىمەسىدۇر. مەريەمنىڭ دادىسى ئەسلى دەمەشقتىن



بولسىمۇ، مەريەم قاھىرەدە تۇغۇلغان ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇرغان.

مەريەم مەشھۇر فەقىھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئوسمان مەقدەسىنىڭ دەرسلىرىگە ھازىر بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان. ھەدىسلەرنى ئاڭلىغان شەيختىن ئىسنادى بويىچە رىۋايەت قىلىشتا ئىبنى قۇبەيتىنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن. ھەدىسشۇناس ئالىم سالاھىددىن سەفدىنىڭ ئۇستازى ئەلەمۇددىن بەرزالى مەريەمدىن دەرس ئالغان. مەريەم 1402- يىلى 83 يېشىدا قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

## مەريەم بىنتى ئەبى يەئقۇب

مەريەم بىنتى ئەبى يەئقۇب 9- ئەسىردە ئۆتكەن ئەندەلۇسنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرەسىدۇر. مەريەم دىيانەت-پەزىلىتى ۋە ئەدەبىياتتىكى تالانتى سەۋەبىدىن ئۆز زامانىسىدىكى ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەت-ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. مەريەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقا، شېئىرىيەت، ئەدەبىيات ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن ياراملىق شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. مەريەم زامانداشلىرى تەرىپىدىن زوھۇد-تەقۋالىقتا ھەزرىتى مەريەمگە، شېئىر-ئىجادىيەتتە مەشھۇر شائىر خەنساغا ئوخشىتىلغان. مەريەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان بىر شېئىردا يېشىنىڭ 77 گە يەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭغا ئاساسەن شائىرە مىلادىيە 1010- يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان دەپ قارىلىدۇ.

## مەريەم بىنتى جىبرائىل

مەريەم بىنتى جىبرائىل لىۋانلىق ئەدىبە بولۇپ، 1856- يىلى بېيرۇتتا تۇغۇلغان. ئىنگلىزچە مەكتەپتە ئوقۇغان. سەككىز يىل

ئوقۇپ، ئەرەب تىلى، ئىنگلىز تىلى، تارىخ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ئۆگەنگەن. 1873- يىلى مەريەم «مەشھۇر ئاياللار» ناملىق ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغان. ئەسەردە ۋاپات بولغان ۋە ياكى ھايات بولسۇن دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئەسەرنىڭ 1- قىسمىنى 1879- يىلى پۈتتۈرۈپ نەشر قىلغان. كۆپلىگەن ئەرەب دۆلەتلىرىدە بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغان. ئەسەرنىڭ 2- قىسمىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى ۋە بىر قىسىم سۈرەتلەر بىر قېتىملىق ھارۋا ئۆرۈلۈپ كېتىش ۋەقەسىدە يوقاپ كەتكەن. مەريەم ئەسەرنىڭ 2- قىسمىنىڭ كەم قىسىملىرىنى دوستى نەسىمنىڭ تاماملىشىغا ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مەريەم بىنتى مۇھەممەد فەھرى

مەريەم بىنتى مۇھەممەد فەھرى 9- ئەسىردە ئەندەلۇستا ئۆتكەن خەير-ساخاۋەتچى ئايال بولۇپ، ھىجرىيە 245- يىلى دادىسىدىن مىراس قالغان بارلىق مال-مۈلكىنى سەرپ قىلىپ، ئەندەلۇستا داڭلىق بىر جامىئە بىنا قىلغان. بۇ جامىئە مەسجىد ۋە مەدرىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەريەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇ مەدرىستە بىر تۈركۈم ئۆلىمالار ۋە فەقىھلەر ئوقۇپ يېتىشكەن.

## مەريەم نەمىر

مەريەم نەمىر شاملىق ئەدىبە بولۇپ، بېيرۇتتىكى مەكتەپتە ئەرەب تىلى ۋە ئىنگلىز ئەدەبىياتى ئۆگىنىپ دىپلوم ئالغان. 1878- يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دوستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى» قۇرغان. نۇرغۇن مەلۇماتلىق ئاياللار بۇ جەمئىيەتكە قاتناشقان. 1881- يىلى مەريەم يەنە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئاياللارنى ئاقارتىش، قوغداش جەمئىيىتى» قۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ ئۆيىنى جەمئىيەتنىڭ مەركىزى قىلغان. بۇ يەردە ئاياللارنىڭ



ساۋاتىنى چىقارغان، تۈرلۈك ئىلىم-ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكەن. قىيىنچىلىقتا قالغان ئايالارغا ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەرنى بەرگەن. 1885- يىلى مەريەم ئېرى شاھىن بىلەن بىللە مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە بۇ يەردە ئوقۇتۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1888- يىلى قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

## مەريەم بىنتى ئىمران

ھەزرىتى مەريەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. مەريەم ئەسلى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىمران ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى. ئىمران ئۇزۇن يىل پەرزەنت كۆرمىگەچكە، ئەگەر ئاللاھ پەرزەنت بەرسە، ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەس مەسجىدىنىڭ خىزمىتىگە ئاتايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ھەزرىتى مەريەم تۇغۇلۇپ، بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىمامى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان.

مەريەم 15 ياشقا كىرگەندە، ئاللاھنىڭ ھېكمەت-قۇدرىتى بىلەن ئەرسىز ھامىلىدار بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغقان. «قۇرئان كەرىم»دە ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ئىسمى ئېنىق ئېيتىلمىغان ھالەتتە ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىسمى 30 يەردە ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى 19- سۈرە مەريەمنىڭ ئىسمى بىلەن «سۈرە مەريەم» دەپ ئاتالغان.

## مەلىكە بىنتى شەرىف

مەلىكە بىنتى شەرىف 13- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇھەددىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى فەخىر بۇخارى، زەينەب بىنتى كامال، ئەبۇ بەكرى رىزادەك ئۆلىمالارنىڭ سورۇنلىرىغا داخىل بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىبنى شىرازى، ئىبنى

ئەساكىر، ئىبنى سەئىد كەبى ئالىملاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىجازىتى ئالغان. مەلىكە ئۇزۇن مۇددەت ھەدىس ئىلمىدىن دەرس بەرگەن. بۈيۈك ئالىم ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىمۇ مەلىكىدىن دەرس ئالغان. مەلىكە 1399- يىلى 80 ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولغان.

## مەھرىماھ سۇلتان

مەھرىماھ ــــ سۇلتان سۇلايماننىڭ قىزى بولۇپ، رۇستەم پاشاغا ياتلىق بولغان. مەھرىماھ دىيانەتلىك، خەير-ساخاۋەتلىك ئايال بولۇپ، بىر جامىئە شەرىف بىنا قىلغان. مەككە شەھرىدە خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خوتۇنى زۇبەيدە ھاجىلار ئۇچۇن ياساتقان «ئەينۇ زۇبەيدە» (زۇبەيدە بۇلىقى)نى زور مەبلەغ بىلەن شەھەر ئىچىگە تۇتاشتۇرغان. ئۇ 1518- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مېھرىبانۇ

مېھرىبانۇ 19- ئەسىرنىڭ 2- يېرىمىدىكى قومۇل ۋاڭى. ئۇ ئەسلى ئىلىلىق بولۇپ، قومۇل ۋاڭى بىشىرغا ياتلىق بولغان. 1869- يىلى بىشىر ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، مېھرىبانۇ قومۇلغا ۋاڭ بولغان. بۇ مەزگىل شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان، خەلق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا خاراب ھالەتتە ئىدى. مېھرىبانۇ ۋاڭلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر قاتار خەلقپەرۋەر سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان. ئىلىم-مەرىپەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ مەدرىسە، كۇتۇپخانىلارنى سالدۇرغان. ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن قومۇلدا بىر مەزگىل گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. 1882- يىلى مېھرىبانۇ ۋاڭلىق ئورنىنى كىيئوغلى شاھمەخسۇتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.



## مەيسۇن

مەيسۇن ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ خوتۇنى. مەيسۇن زېرەك، پاراسەتلىك، شېئىرىي تالانتى بار ئايال بولۇپ، ئەسلىي يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. مەيسۇن مۇئاۋىيىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھەشەمەتلىك ئوردا سارايدىكى شاھانە تۇرمۇشتىن كۆڭلى خۇش بولماي، دائىم ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قىر-سەھرالارنى سېغىنىپ شېئىرلار يازغان. مەيسۇننىڭ بۇ قەدەر ئىچىلماي يۈرگىنىدىن رەنجىگەن مۇئاۋىيە مەيسۇننى تالاق قىلىپ، يېزىغا يولغا سېلىپ قويغان.

كېيىنچە خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان، ئىسلام تارىخىدىكى نۇرغۇن تەنقىدلىك، ھەسرەتلىك ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان يەزىد دەل مەيسۇننىڭ مۇئاۋىيە ھەزرەتلىرىدىن بولغان ئوغلىدۇر. بۇ چاغدا يەزىد كىچىك بولغاچقا، ئانىسى مەيسۇن بىلەن بىللە يېزىغا قايتقان ۋە باللىق چاغلىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.

## مۇسكە

مۇسكە قەلاۋۇنىيە پادىشاھلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى قەلاۋۇننىڭ ئوردىسىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال بولۇپ، ئوردا ئىچى-سىرتىدىكى بايراملىق مۇراسىملار، ھەرەمخانىنىڭ تۈزۈم-تەرتىپلىرى، شاھزادىلەرنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇلىيەت بېرەتتى. بۇ ئاسىتە قول سالاتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇسكە ئوردا ئىچىدە ئالاھىدە ئابرۇيغا ئىگە بولغان. مۇسكە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن مال-مۈلكىنى خەير-ئېھسان ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان.

مۇسكە شەخسىي بايلىقى بىلەن مىسىردا چوڭ بىر مەسجىد بىنا قىلغان. مەسجىدنىڭ چوڭ ئىككى دەرۋازىسى ئىسلام مېمارچىلىقىنىڭ گۈزەل نەقىشلىرى ۋە ھۆسنىخەتلىرى بىلەن بېزەلگەن. مۇسكە ئۇزۇن يىل ياشاپ ۋاپات بولغان ۋە ئۆزى سالغان مەسجىد يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## مۇنەۋۋەر خاتۇن

مۇنەۋۋەر خاتۇن تەقۋا-دىيانەتلىك، خەير-ساخاۋەتچى ئايال بولۇپ، باغدادتىكى ئاببااس ئەپەندى مەھەللىسىگە يېقىن يەرگە شەخسىي مال-مۈلكىنى سەرپ ئېتىپ، بىر مەسجىد سالغان، بىرلا ۋاقىتتا 100دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان بۇ مەسجىدنىڭ يېنىغا يەنە بىر مەدرىس بىنا قىلغان. ئۇنىڭدا تالىپلار ۋە مەسجىد خادىملىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ھۇجرىلار سېلىنغان. بۇ مەدرىستە دىنىي ئىلىملەردىن باشقا تېبابەت، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ئىلىملىرىدىنمۇ دەرس ئۆتۈلگەن.

بۇ جامەئە پۈتكەندە، بەزى ئەدىبلەر ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزم-شېئىرلار يازغان. بۇ نەزمىلەردە جامەئەنىڭ ھىجرىيىنىڭ 1267- يىلى پۈتكەنلىكى يېزىلغان. بۇ مەسجىد تا ھازىرغىچە جامائەت پەرز نامازلارنى ئادا قىلىدىغان ئاۋات مەسجىد بولۇپ كەلمەكتە.

## مەيمۇنە بىنتى ھارىس

ھارىس ھىلالنىڭ قىزى مەيمۇنىنىڭ ئەسلى ئىسمى بەررە بولۇپ، بۇ ئاللاھقا خاس سۈپەتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولۇش نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى مەيمۇنەگە ئۆزگەرتكەن. جاھىلىيەت دەۋرىدە مەيمۇنە مەسئۇد ئىبنى ئەمرۇنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئاجراشقاندىن كېيىن ئەبۇ رۇھمغا ياتلىق



بولغان. ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇل قالغان. ھىجرىيىنىڭ 7- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، مەيمۇنەنى نىكاھىغا ئالغان. مەككىدىن ئون مىل يىراقلىقتىكى سەرىف دېگەن جايدا بىر ياستۇقتا باش قويغان. مەيمۇنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىكاھىغا ئالغان ئايالى.

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» مەيمۇنە رەسۇلۇللاھتىن 76 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەيمۇنە ھىجرىيىنىڭ 51- يىلى، يەنى مىلادىيە 671- يىلى ھەجدىن قايتىپ ۋاپات بولغان. جىنازا نامىزىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس ئوقۇغان.

## مەيمۇنە بىنتى سەئد

مەيمۇنە بىنتى سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان خادىمە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

مەيمۇنە تەقۋالىقى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن ئىشەنچلىك راۋىيلار قاتارىدا سانالغاچقا، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، نەسائى، ئىبنى ماجە ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆز سۈنەنلىرىدە رىۋايەت قىلغان.

## نائىلە بىنتى فەرافەسە

نائىلە كۇفەدىكى بەنى كەلب قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن فەرافەسە ئىبنى ئەھۋەسنىڭ قىزى. ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئايالى. ھەزرىتى ئوسمان مىلادىيە 641- يىلى نائىلەنى نىكاھىغا ئالغان. نائىلە مەريەم ئىسىملىك قىز تۇغقان.

نائىلە ئەقىل-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، ۋەز-نۇتۇقلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ئاتىق؛ شۇنداقلا شائىرە ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان مۇھاسىرىدە قالغاندا نائىلە ناھايىتى پىداكارلىق كۆرسەتكەن. ۋاپادارلىق

بىلەن ئىبرىدىن ئايرىلماي، قىلىچلىق باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ ئالدىدا ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، قىلىچنىڭ بىسىنى قولى بىلەن تۇتۇۋالغان. ھەزرىتى ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نائىلە شۇ ۋاقىتتىكى شام ۋالىيسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيانغا ناھايىتى تەسىرلىك خەت يېزىپ، قاتىللارنى تېپىپ جازالاشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام تارىخىدىكى «سەففەيىن» (ئىككى قوشۇن) ۋەقەسى كېلىپ چىققان.

## نەبەۋىيە مۇسا

نەبەۋىيە مۇسا مىسىرلىق ئايال مائارىپچى بولۇپ، ھىجرىيە 1307- يىلى، يەنى مىلادىيە 1889- يىلى تۇغۇلغان.

نەبەۋىيە دەسلەپ ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. نەبەۋىيە مىسىردا مائارىپ ۋازارىتىنىڭ تەپتىشلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن تۇنجى ئايال بولۇپ، قىزلار مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. شۇ سەۋەبلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن نەبەۋىيە ئىسكەندەرىيە بىلەن قاھىرەدە قىزلار مەكتىپى قۇرۇپ، مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. نەبەۋىيە ئىستېداتلىق مائارىپچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پائالىيەتچان ئىجتىمائىي تەشكىلاتچى ۋە ئەدىبە بولۇپ، 1937- يىلى «قىزلار ھەپتىلىك ژۇرنىلى» تەسىس قىلغان. نەبەۋىيەنىڭ ئاياللار ۋە مائارىپ ھەققىدىكى بەزى ماقالىلىرى توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. نەبەۋىيە ھىجرىيە 1370- يىلى، يەنى مىلادىيە 1951- يىلى ۋاپات بولغان ۋە ئىسكەندەرىيىگە دەپنە قىلىنغان.

## نەزھۇن بىنتى قەلائى

نەزھۇن 12- ئەسىردە ئۆتكەن ئەندەلۇسلۇق مەشھۇر شائىرە، ئەدىبەدۇر. نەزھۇن ئەندەلۇسنىڭ ئەڭ گۈزەل شەھەرلىرىدىن بولغان



غىرناتە شەھىرىدە ياشىغان. نەزھۇن زامانىسىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلغان. نەزھۇننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى غىرناتىنىڭ ۋالىيسى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سەئىد، ئالىم ئىبنى قىزمان بىلەن قىلىشقان مۇشائىرە، سۆھبەتلىرى تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن. نەزھۇن مىلادىيە 1155- يىلى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## نەسىب خاتۇن

نەسىب خاتۇن ئەييۇبىلار خاندانىدىن پادىشاھ مۇزەففەردىن يۇنۇس ئىبنى شەمسىددىننىڭ قىزىدۇر. نەسىب خاتۇن ھەدىس ئالىملىرىدىن خەتىب مۇراد بىلەن ئىبنى ئابدۇدائىمدىن ھەدىس ئىلمى ئوقۇپ، مەشھۇر مۇھەددىسلەردىن بولۇپ يېتىشكەن. نەسىب خاتۇن ئىلىم تارقىتىش يولىدا دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. سالاھىددىن سەفەدىنىڭ ئۇستازى ئەلەمۇددىن بەرزالى (1267 — 1339)مۇ نەسىب خاتۇندىن دەرس ئالغان.

نەسىب خاتۇن مىلادىيە 1298- يىلى 90 ياشتىن ئېشىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

## نەفىسە بىنتى ھەسەن

نەفىسە بىنتى ھەسەن ئىبنى زەيد ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، كەرىمەتۇددارەين (ئىككى دۇنيالىق خانىم) تاھىرە (پاك ئايال)دەك ھۆرمەت ناملىرى بىلەن ئاتالغان.

نەفىسە مىلادىيە 762- يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان. مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئائىلىسىنىڭ ئىمان، ئىلىم-مەرىپەت مۇھىتىدا چوڭ بولغان. نەفىسە جەئفەر سادىقنىڭ ئوغلى ئىسھاق مۇئتەمىنگە ياتلىق بولغان ۋە قاسىم، ئۇممۇ گۈلسۇم ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتلىك بولغان. نەفىسە

كىچىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىش، تولا نەفلى روزا تۇتۇش ۋە دائىم ئاللاھنى زىكىر قىلىپ، يىغلاشتەك زۇھۇد- تەقۋالىقى ۋە تەفسىر، ھەدىس ئىلمىدىكى يېتۇك ئىلمى بىلەن زور ھۆرمەت-ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. نەفىسە يېتىم-مىسكىن، غېرىب-مۇساپىرلارغا زىيادە مەرھەمەتلىك بولۇپ، كۆپ خەير-سەدىقىلەر قىلغان. نەفىسە 30 قېتىم ھەج قىلغان بولۇپ، كۆپ قېتىم پىيادە يول يۈرۈپ ھەجنى ئادا قىلغان. مىلادىيە 809- يىلى نەفىسە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا ھىجرەت قىلغان. مىسىر ئاھالىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن نەفىسەنى كۈتۈۋالغان. مىسىردا ئىمام شافىئىي نەفىسىنىڭ ئىلىم مەجلىسلىرىگە ھازىر بولۇپ، تەفسىر ۋە ھەدىسلەرنى ئاڭلىغان.

مىلادىيە 824- يىلى رامىزان ئېيىدا نەفىسە 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئېرى ئىسھاق نەفىسىنىڭ جەسىتىنى مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى بەقىيئەگە دەپنە قىلىش ئۈچۈن يۆتكىمەكچى بولغاندا مىسىر ۋالىيسى ۋە مىسىر ئاھالىسىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن مىسىرغا دەپنە قىلغان. نەفىسىنىڭ مەقبەرىسى مىسىردا زىيارەتگاھقا ئايلانغان.

## نۇربانۇ

نۇربانۇ سۇلتان مۇراد II نىڭ ئانىسى، ئوسمانىيلار دۆلىتىدە ئەقىل-پاراسەت، نوپۇز-ئىناۋەت بىلەن شۆھرەت قازانغان ئايالدۇر. نۇربانۇ ئۆز ئۆمرىدە كۆپ خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلغان. ئەسكىداردىكى «ئەتىق ۋالىدە» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مەسجىدنى نۇربانۇ بىنا قىلغان.

## نۇزۇگۇم

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى، ئەرك سۆيەر نۇزۇگۇم 1808- يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى چولپانگۇل بولۇپ، تارىخچى



موللا بىلال نازىمىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەن بولغاچقا، خەلق ئۇنى نۇزۇگۇم دەپ ئاتىغان.

نۇزۇگۇم 1826- يىلى قەشقەردىكى مانجۇ زۇلۇمىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلىدا مانجۇ ئەمەلدارى نۇزۇگۇمنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا، توي كېچىسى مانجۇ ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن. نۇزۇگۇم قوغلاشلۇقتا ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندىن كېيىن، چېرىكلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۈچ ئاي زىندانغا سولانغان. نۇزۇگۇم 1827- يىلى مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن. نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ مۇھەببەت نەپرىتى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان. ئەركىنلىك، ئادالەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، تارقىلىپ يۈرمەكتە.

## نۇر جاھان بېگىم

نۇر جاھان بېگىم 16- ئەسىردىكى ھىندىستان پادىشاھلىرىدىن جاھانگىر مىرزا سەلىم نۇرىددىن مۇھەممەدنىڭ خوتۇنى. نۇر جاھان بېگىم ئەقىل-پاراستى، شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئېرىنىڭ مۇھەببەت-ھۆرمىتىگە، يۇقىرى ئابرۇي-ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. دۆلەت ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان پۇلغا ئېرىنىڭ ئىسمى بىللە نۇر جاھان بېگىمنىڭ ئىسمىمۇ ئويۇلغان.

نۇر جاھان بېگىم تونۇلغان شائىرە بولۇپ، پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرى بار. نۇر جاھان بېگىم نۇرغۇن خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلغان بولۇپ، مەدرىس، مەسجىد، تەكىيخانا، شىپاخانىلارنى قۇرغان. قاتتىق بۇيرۇق چىقىرىپ، ھىندىلارنىڭ ئادەمنى قۇربانلىق

قىلىندىغان، ئېرى ئۆلسە ئاياللىرىنى تىرىك ھالدا بىللە كۆمىدىغان قەبىھ ئادەتلىرىنى قەتئىي چەكلىگەن. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالىغان. نۇر جاھان بېگىم يەنە تۇنجى بولۇپ خەيرىيەت بازىرىنى يولغا قويغان بولۇپ، ھەر يىلى نورۇز پەسلىدە ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، سودىگەرلەر يەرلىك پۇراققا ئىگە، قىممەتلىك ماللىرىنى مەخسۇس بەلگىلەنگەن جايدا بازارغا سالغان. بۇ بازار يەرمەنكە خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، يەرمەنكە يېپىلغاندىن كېيىن، نۇر جاھان بېگىم سودا-سېتىقتىن ئايرىلغان زاكاتنى كەمبەغەل-غېرىبلارغا تارقىتىپ بەرگەن. نۇر جاھان بېگىم 1645- يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە لاھوردا ئېرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## نۇزار بىنتى ئەبۇ ھەييان

نۇزار مەشھۇر تىلشۇناس، تۈرك تىلىنىڭ گىرامماتىكىسى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ ئىزدەنگەن ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ئەبۇ ھەييانىنىڭ قىزى، ئەدىبەدۇر.

نۇزار ناھايىتى چېچەن، تىرىشچان، ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغاچقا، شەيخ ئەبۇ ھەييان ئۆزىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىغان ئوغلى ھەييانغا قاراپ: «كاشكى، ھەييان ھەمشىرىسىگە ئوخشاش بولسىچۇ؟» دېگەن. نۇزار دادىسىدىن تەلىم ئالغان ۋە ھەجگە بېرىپ ساھابە ئىبنى زۇبەيد بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھەدىسلەر ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغان. نۇزار 1330- يىلى 27 ياشتا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. شەيخ ئەبۇ ھەييان قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، مەرسىيىلەر ئوقۇغان، دائىم قەبرىسىنى يوقلاپ تۇرغان. قىزى ھەققىدە «النضار فى المسلات عن النضار» ناملىق بىر كىتاب يازغان. مەشھۇر ئالىم، تارىخچى سالاھىددىن سەفدى (1296 — 1363) نۇزارنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاتاپ مەرسىيە يازغان.



## نۇسەيبە بىنتى كەئب

نۇسەيبە مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى كەئب ئىبنى ئەمرۇنىڭ قىزى، ئەنسارلاردىن زەيد ئىبنى ئاسىمنىڭ ئايالى بولۇپ، باتۇرلۇقى، شىجائىتى بىلەن داڭق چىقارغان ساھابە ئايال. نۇسەيبە ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. نۇسەيبە ئېرى زەيد، ئوغۇللىرى ھەبىب، ئابدۇللاھ بىلەن بىللە ئۇھۇد غازىتىغا قاتنىشىپ ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان. ئوغلى جەڭدە يارىلىنىپ، قانلىرى ئېقىشقا باشلىغان. نۇسەيبە باشقا مۇجاھىدلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغاندىن كېيىنلا ئوغلىنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشكەن. نۇسەيبە جەڭدە يارىلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد غازىتىدا: «نۇسەيبەنىڭ بۈگۈنكى ئورنى پالانچى، پالانچىدىن ئارتۇق» دېگەن ۋە ئۆيىگە كىرمەي تۇرۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى كەئبنى نۇسەيبەنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا ئەۋەتكەن، نۇسەيبە رىزۋان بەيئىتىگە شاھىت بولغان. يەمامە ۋەقەسىدە نۇسەيبە ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىللە بېرىشنى ئۆتۈنگەن. ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ رۇخسىتى بىلەن نۇسەيبە يەمامە ئۇرۇشىدا ھەمشىرىلىك قىلغان. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇنىڭ 11 يېرى جاراھەتلىنىپ، بىر قولى كېسىۋېتىلگەن! ئوغلى جەڭدە شېھىت بولغان. ساھابە خالىد ئىبنى ۋەلىد نۇسەيبەنىڭ ئاللاھ رازىلىقى يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇسەيبە ھەققىدىكى خەيرلىك دۇئالىرىنى كۆپ ئاڭلىغاچقا، مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ، نۇسەيبەنىڭ يارىلىرىنى داۋالاتقان. دائىم ھال سوراپ يوقلاپ تۇرغان. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق خەلىپىلىك تەختىدە بولۇپ، دائىم نۇسەيبەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى يوقلىغان.

نۇسەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرنى ئىمام تىرمىزىي، نەسائى، ئىبنى ماجە سۈنەن كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان. نۇسەيبە ئەرەبلەرنىڭ كۆنيە ئاتاش ئادىتى بويىچە «ئۇممۇ ئەممارە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نۇسەيبە 634- يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## نۇسەيبە بىنتى ھارىس

نۇسەيبە بىنتى ھارىس فازىلە، ساھابە ئايال بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە نۇرغۇن غازاتلارغا قاتنىشىپ يارىدارلارنى داۋالىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب ۋاپات بولغاندا، مېيىتىنى نۇسەيبە يۇغان. نۇرغۇن ساھابىلار ۋە بەسرەدىكى تابىئىنلار مېيىتنى يۇيۇش ھەققىدىكى قائىدە-ئەھكاملارنى نۇسەيبەدىن سوراپ ئۆگەنگەن. نۇسەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 40 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن سەككىز ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.

## نىگار خانىم

نىگار خانىم 19- ئەسىردە تۈركىيىدە ياشىغان مەشھۇر شائىرە. نىگار خانىم 1865- يىلى ئىستانبۇلدا ئوسمان پاشا ئىسىملىك كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. نىگار خانىمنىڭ ئانىسى شېئىرىيەتكە ئالاھىدە ھەۋىسى بار، كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان شېئىرى دىۋانلىرىنى يىغىپ ساقلايدىغان ئايال بولۇپ، بۇ خىل مۇھىت نىگار خانىمنىڭ قەلبىدە شېئىرىيەتكە مۇھەببەت ئويغاتقان.

نىگار خانىم شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە فرانسۇز، نېمىس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ تىللاردىكى ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرى، شېئىرىيەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى يېڭىچە تەپەككۇر بىلەن تەمىن ئەتكەن. نىگار خانىمنىڭ شېئىرلىرى فرانسۇز ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. نىگار خانىم چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن بەزى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. 1890- يىلى نىگار خانىمنىڭ «ئەپسۇس» ناملىق شېئىرىي دىۋانى، 1894- يىلى «نىيران» ناملىق شېئىرى دىۋانى نەشر قىلىنغان.



## ھاجەر

ھاجەر ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى. ھاجەر ئەسلىي مىسىرلىق بولۇپ، پىرئەۋنىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى سارەگە ھەدىيە قىلغان كېنىزىكى ئىدى. سارە تۇغمىغانلىقتىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەرنى نىكاھىغا ئالغان. ھاجەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تۇغقان.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن قۇچاقتىكى ئىسمائىلنى ئېلىپ ھىجازغا سەپەر قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككە ۋادىسىغا كەلگەندە، بۇ يەردە تېخى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشمىغانىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى قويۇپ ماڭغاندا ھاجەر: «ئى ئىبراھىم بىزنى ئادەمسىز چۆلدە سۇسىز ئوزۇقسىز تاشلاپ مېڭىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنداق قىلىشقا كىم بۇيرۇدى؟» دەپ ئارقىسىدىن توۋلىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «جانابىي ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلدى»، دېگەندە، ھاجەر: «ئۇنداق بولسا ئاللاھ بىزلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ» دەپ سەۋر بىلەن ئىلاھىي ئەمرگە بويسۇنغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن ھاجەرنىڭ يېنىدىكى ئوزۇقلۇق تۈگەپ، سۈت چىقمىغان. قۇچاقتىكى ئىسمائىل ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن قىقىراپ يىغلىغاندا، بۇنىڭغا چىدىمىغان ئانا سەفا

بىلەن مەرۋى تېغى ئارىسىدا سۇ، يېمەكلىك تېپىش ئارزۇسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ ماڭغان. شۇ ئەسنادا زەمزەم سۈيى زاھىر بولۇپ، ئانا-بالا ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئىسلام دىنىدىكى بەش ئەركاننىڭ بىرى بولغان ھەج پائالىيىتىدىكى ھەج قىلغۇچىنىڭ سەفا بىلەن مەرۋى ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىشى مۇشۇنىڭدىن قالغان.

ئەڭ قەدىمكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن — جۇرھەم قەبىلىسى بۇ يەرگە كېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەككىگە ماكانلىشىپ تۇرۇپ قالغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ياردەملىشىشى ئاستىدا كەئبىنى بىنا قىلغان. ھاجەر سارەدىن ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھىجاز رايونىدا قالغان ۋە جۇرھەم قەبىلىسىدىكى رەئىلە بىنتى مەزار ئىسىملىك ئەرەب قىزىغا ئۆيلەنگەن. شۇڭا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەرەب مۇستەئرەبىنىڭ (ئەسلىي باشقا بولۇپ كېيىن ئەرەبلىشىپ كەتكەنلەر) تۇنجى بوۋىسى ھېسابلىنىدۇ.

## ھاجەر بىنتى قازى ئالائىددىن

ھاجەر ئىبنى خەتىب دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان قازى ئالائىددىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ قىزى، مەشھۇر مۇھەددىسەدۇر. ھاجەر ئائىشە بىنتى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھادىي قاتارلىق ھەدىس ئۆلىمالىرىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەن. مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم ئىمام سۇيۇتى ھاجەرنى ئۆزىگە دەرس بەرگەن ئۇستازلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان.

## ھاجەر بىنتى مۇھەممەد

ھاجەر بىنتى مۇھەممەد 15- ئەسىردە ئۆتكەن مۇھەددىسە بولۇپ، ئەزىزە مەقدەسىيە دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ھاجەر 1388- يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھاجەر ئىمام سۇيۇتىنىڭ شەيخلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ھاجەر 1469- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.



## ھەدىيە بىنتى ئەلى

ھەدىيە بىنتى ئەلى ئىبنى ئەسكەر 13- ئەسىردە باغدادتا ياشىغان زاھىدە، ئالىمە، فازىلە ئايالدۇر. ھەدىيە باغدادتىكى ئىبنى زۇبەيد، جەئفەر ھەمدانىغا ئوخشاش مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ ھەدىس ئىلمىدا كۆزگە كۆرۈنگەن. مەشھۇر ئالىم ئەلەمۇددىن بەرزالى ھەدىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: «مەن 〈مۇسنەدى دارىمى〉 كىتابىنى ھەدىيەدىن ئوقۇدۇم. ھەدىيەنىڭ شامغا قىلغان سەپىرىدە بىرگە بولۇپ، كۆپ ھەدىسلەرنى ئاڭلىدىم. نۇرغۇن تالىبۇل ئىلملەر ھەدىيەنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىلمىدىن كۆپ مەنپەئەت ئىستىفادە ھاسىل قىلاتتى». ھەدىيە 1312- يىلى قۇددۇس شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەبىبە بىنتى ئابدۇراھمان

ھەبىبە بىنتى زەينىددىن ئابدۇرەھمان 14- ئەسىردە ئۆتكەن فازىلە، ئالىمە، مۇھەددىسەدۇر. ھەبىبە ھەدىسلەرنى ئىسنادى بويىچە رىۋايەت قىلىشتا ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولغان. تەقىددىن ئابدۇرەھمان، خەتىب مەردان كەبى مۇھەددىسلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، دەرسلىرىنى ئاڭلىغان. ھەبىبە 1332- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەبىبە خانىم

ھەبىبە خانىم ئىستانبۇلنىڭ 13- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبەلىرىدىن. ھەبىبە خانىم 1262- يىلى ھەرسەكلى دېگەن جايدا

ئـەلى پاشـا ئـىسـمـلىك كـىشـى ئائىلىسـىـدە دۇنياغـا كەلگـەن، تۆۋەندىكىسى ھەببە خانىمنىڭ شېئىرلىرىدىن پارچە:

جەڭگەردە تىغى غەمزەڭ زەخمى باركىن ئاتما پەيكانىڭ،
يېتەر، ئەي قاشى ياي، ئارتۇق يېتەر، تەبرەتمە مژگانىڭ.
نىگاھ مستىكى جاناكى شايان كۆردۈڭ ئەغيارى،
يەنە نەۋ يارەلەر ئاچدى دەرۋنە تىغ ھىجرانىڭ.
ھەببە بىداۋا دەرتتىن خالاس ئولماقدە مۇشكۇلدۇر،
ئۈمىد ئەتمەس ئەسرى دەرد ئولانلار غەيرى دەرمانىڭ.

## ھەفسە بىنتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھەفسە رەسۇلۇللاھ جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى.

ھەفسە ھىجرەتتىن 18 يىل ئىلگىرى، يەنى 604- يىلى مەككە مۇكەررەمىدە تۇغۇلغان. رەسۇلۇللاھتىن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بولغان ئابدۇللاھ ھەفسەنىڭ قېرىندىشى ئىدى. ھەفسە دەسلەپ خەنىس ئىبنى ھەزافىگە ياتلىق بولغان. ئەر-خوتۇن بىرلىكتە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. ھەبەشىستاندىن قايتىپ مەدىنىگە كەلگەن. خەنىس بەدر غازىتىدا يارىلىنىپ، ساقىيالماي ۋاپات بولغان. ھەفسە تۇل قالغان. بۇ چاغدا ئۇ 20 ياشتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدر غازىتىدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى ھەفسەنى نىكاھىغا ئالغان. ھەفسە كۆپ ۋاقتىدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان تەقۋادار ئايال ئىدى. ئىلمى بالاغەت ۋە شېئىرىيەتتىن خەۋىرى بار، مەلۇماتلىق ئايال ئىدى. ھەفسە بالىلىق بولمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 60 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن ئۈچ ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى»دا، توققۇز ھەدىس «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.



ھەفسە مۇئاۋىيە زامانىغىچە ياشاپ، ھىجرىيىنىڭ 45- يىلى مىلادىيە 665- يىللىرى ئەتراپىدا مەدىنىدە ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## ھەفسە بىنتى ھاج رەكۇنىيە

ھەفسە بىنتى ھاج رەكۇنىيە «**شـاعرة الأنـدلوس**» (ئەندەلۇس شائىرەسى) دەپ نام ئالغان مەشھۇر ئەدىبەدۇر.

ھەفسە 12- ئەسىردە ئەندەلۇستىكى غىرناتە شەھىرىدە ياشىغان. ھەفسە قەلىمىنىڭ تېز ۋە ئۆتكۈرلۈكى، شېئىرلىرىنىڭ پاساھەت-بالاغەتلىكلىكى بىلەن زور ھۆرمەت-ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. ھەفسە ئەندەلۇستىكى مۇۋەھھىدۇن پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى جەئفەر ئەھمەد ۋە باشقا زامانداش ئەدىب-ئالىملار بىلەن مۇشائىرە ئېيتىشىپ، شېئىرىيەت مۇھاكىمىلىرىنى ئېلىپ بارغان. ھەفسەگە غىرناتە شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئەبۇ سەئىدنىڭ كۆڭلى بولغانلىقتىن ۋەزىر جەئفەرنىڭ ھەفسە بىلەن بولغان دوستلۇقىغا ھەسەت قىلىپ، جەئفەرنى قەتلى قىلغان. ھەفسە بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، مەرسىيەلەر يازغان. ھەفسە 1190- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەلىمە بىنتى ئەبۇ زۇئەيب

بەنى سەئد قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېنىكئانىسى (سۈت ئانىسى) بولۇپ، ساھابىياتتىن بىر مۇبارەك ئايالدۇر.

ئەرەبلەرنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى قىر-سەھرالاردا ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، ساپ ئانا تىل بىلەن ئوزۇقلىنىپ چوڭ بولسا زېرەك بولىدۇ، دەيدىغان ئادىتى بويىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشى بىلەنلا بەنى سەئد قەبىلىسىدىكى ھەلىمىگە بېقىشقا

بېرىلگەن. ھەلىمە ئاق يۈگەككە ئورالغان بۇ بوۋاقنى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن پەپىلەپ باققان. بۇ مۇبارەك بوۋاق ھەلىمىنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ياغقان، مال-مۈلكى كۆپىيىپ، تۇرمۇشى ياخشىلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلىمىنىڭ قېشىدا ئالتە يېشىغىچە تۇرغان. ھەلىمە ئىسلام دەۋىتى زامانىغىچە ياشاپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلىمىنى ئۆز ئانىسىدەك ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتا ھەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تونىنى ھەلىمىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن سېلىنچا قىلىپ سېلىپ بېرەتتى. ھەلىمە 630- يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەمدە بىنتى ۋاسىق

ھەمدە بىنتى ۋاسىق ھىجرىيىنىڭ 4- ئەسىرىدە باغدادتا ئۆتكەن مەشھۇر ۋائىزە، خەتىبەدۇر. ئۇ فازىلە، دىيانەتلىك ئايال بولۇپ، پاساھەتلىك نۇتۇقلىرى، تەسىرلىك ۋەزلىرى بىلەن جەمئىيەتتە زور شۆھرەت قازانغان. مەشھۇر ئالىم ئىبنى سەمئانى ئۆزىنىڭ ھەمدەدىن فىقھى ۋە ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەنلىكىنى زىكىر قىلغان.

## ھەۋۋا ئانا

ھەۋۋا ئانا تۇنجى ئىنسان — ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى، ئادەم باللىرىنىڭ ئانىسى.

«قۇرئان كەرىم»دە ئادەملەرنىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن تۆرىلىپ كۆپەيگەنلىكى بايان قىلىنىپ بەزى ئايەتلەر كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانىڭ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جەننەتتە ياشىغانلىقى، ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن



چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ، جەننەتتىن چىقىرىلىپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەتنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتلىق تارىخى باشلانغانلىق قىسسىسى بايان قىلىنغان. بەزى تارىخي كىتابلاردا ھەۋۋانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بىر يىل كېيىن ۋاپات بولغانلىقى، ھىجاز رايونىدىكى جىددە شەھىرىگە دەپنە قىلىنغانلىقى يېزىلغان. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ھەققىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىس بايانلىرىدىن باشقا مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە بىر نېمە دېمەك تەس.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، يەھۇدي، ناسارالارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا ئادەم ئاتىنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ جەننەتتىن قوغلىنىشى پۈتۈنلەي ھەۋۋا ئانىنىڭ خاتالىقى — ئۇنىڭ شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدىن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىنىڭ يەر يۈزىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىك ھاياتىنىڭ سەۋەبچىسى ھەۋۋا دەپ ئەيىبلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بولسا ئەكسىچە، گۇناھنى ھەۋۋاغا ئارتماي، بۇنىڭ ئادەم ئاتا ئىككىسىنىڭ ئورتاق خاتالىقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ھۇجەيمە بىنتى ھۇيەي

ھۇجەيمە ئەسلىي دەمەشقتىن بولۇپ، ساھابە جەلىل ئەبۇ دەردا ئۇۋەيمىر ئىبنى زەيدنىڭ ئايالى. ھۇجەيمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەبۇ دەرداغا ياتلىق بولغان. ھۇجەيمە تابىئىيلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، ساھابىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلار)دىن بولۇپ، فەقىھە، زاھىدە ئايال ئىدى. ھۇجەيمە ئېرى ئەبۇ دەردا، سەلمان فارىسى، ھەزرىتى ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرىدىن كۆپ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلغان. ھۇجەيمىدىن مەكھۇل، سالىم ئىبنى ئەبۇ جەئد، زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىق ئۆلىمالار ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ دەردا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلىپە مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ

سۇفيان ھۆجەيمگە ئەلچى قويغان بولسىمۇ، ھۆجەيمە مۇئاۋىيىگە ياتلىق بولۇشنى رەت قىلغان. ھۆجەيمە مىلادىيە 700- يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

## ھىند بىنتى ئۇتبە

ھىند بىنتى ئۇتبە مەككە مۇكەررەمىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ خوتۇنى، ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ ئانىسى. ھىند شائىرە ۋە ناتىق بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان. بەدرى غازىتىدا ھىندنىڭ دادىسى، ئاكىسى، تاغىسى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قاتتىق مۇسىبەتكە چۆمگەن ھىند مەرسىيەلەر يازغان ۋە قەلبىدە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلىغان. ئۇھۇد غازىتىدا مۇشرىكلارنى ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ شېئىرلار يازغان ھەم ئېرى بىلەن بىللە ئۇھۇد غازىتىغا ھازىر بولغان. جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ ۋەھشىي ئىسىملىك قۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى «ئەسەدۇللاھ» (ئاللاھنىڭ شىرى) دەپ نام ئالغان ھەزرىتى ھەمزىنى ئۆلتۈرگەندە، ھىند ۋەھشىيگە نۇرغۇن مۇكاپات بەرگەن.

مەككە فەتھە قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چىقارغان سەككىز ئەر، تۆت خوتۇننىڭ بىرى مۇشۇ ھىند ئىدى. ھىند ئاياللار بىلەن بىللە يېپىنچىغا پۈركىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، گۇناھىنى تىلىگەن ۋە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. رۇملۇقلار بىلەن بولغان يەرمۇك غازىتىدا ئېرى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، شېئىرلار ئوقۇپ ئىسلام قوشۇنلىرىنى ئىلھاملاندۇرغان. ھىند كېيىنكى ئۆمرىنى ھىدايەت تاپقانلىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، تەۋبە-



ئىستىغپار ۋە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھىند 635- يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكى دەۋرىدە ۋاپات بولغان.

## ھىند بىنتى ئەبۇ ئۇمەييە

«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ھىند قۇرەيش قەبىلىسىدىكى مەخزۇمىيە جەمەتىدىن بولغان سۇھەيلنىڭ قىزى ئىدى. ھىند ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلئەسەدنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەلەمە ئىسىملىك ئوغۇل تۇغقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئانا ۋە دادىنى ئىسمى بىلەن ئەمەس، چوڭ ئوغلىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئادىتى بويىچە ئۇممۇ سەلەمە (سەلەمەنىڭ ئانىسى) دېگەن كۇنيە بىلەن ئاتالغان. ئۇممۇ سەلەمە ئېرى بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ئۇممۇ سەلەمە مەدىنىگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن ئايال مۇھاجىر ئىدى. ئېرى ئابدۇللاھ ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 4- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنى نىكاھىغا ئالغان.

ئۇممۇ سەلەمە ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، شېئىرىيەتكە قىزىقاتتى ۋە شېئىرلار يازاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشلاردا مەسلىھەت بېرەتتى. ھۇدەيبىيە كۈنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن مەككە ئەھلى ئوتتۇرىسىدا سۈلھى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتى بىلەن، سۈلھىدىن نارازى بولغان ساھابىلار يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن. ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 378 ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇلاردىن 13 ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان. ئۇممۇ سەلەمە ھىجرىيىنىڭ 62- يىلى، يەنى مىلادىيە 681- يىلى ۋاپات بولۇپ، بەقىيئەگە دەپنە قىلىنغان.

## ئۇممۇ ئىيسا

ئۇممۇ ئىيسا ئىمام ئىبراھىم ئىبنى ئىسھاق ھەربىنىڭ قىزى بولۇپ، 10- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمە. ئۇممۇ ئىيسا فىقھى ئىلمىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، كىشىلەر سورىغان دىنىي مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرگۈچى فەقىھ بولغان. 940- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئۇممۇل خەير

ئۇممۇل خەير 13- ئەسىردە باغدادتا ياشىغان ئالىمە، زاھىدە، فازىلە ئايال. ئۇممۇل خەير «باغدادلىق ئاياللارنىڭ كۆزى» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. ئۇممۇل خەير زامانىسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئىلىم ئالدى. ئۇ ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلىم تارقاتقان. ئىسمائىل ئىبنى ئەساكىر، قازى تەقىددىن سۇلايماندەك ئالىملار ئۇممۇل خەيردىن دەرس ئالغان شاگىرتلاردىن ئىدى. ئۇممۇل خەير 1242- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئۇممۇ رۇمان

ئۇممۇ رۇمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئايالى، «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئانىسى. ئۇممۇ رۇمان ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن ئىدى. ئۇ ئېرى ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. ئۇممۇ رۇمان تەقۋا، مېھرىبان، سەۋرلىك، مۆمىن ئاياللارنىڭ نەمۇنىسى ئىدى. پەيغەمبەر



ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ رۇماننىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى ناھايىتى ياقتۇراتتى. شۇڭا: «كىمكى جەننەتنىڭ ھۆر-پەرىلىرىگە قاراشنى خالىسا، ئۇممۇ رۇمانغا قارىسۇن»، دېگەنىدى.

ئۇممۇ رۇمان ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى يەنە بىر قاراشتا 4- ياكى 5- يىلى ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولى بىلەن ئۇممۇ رۇماننى يەرلىكىگە قويغان ۋە ئاللاھتىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىگەن.

## ئۇممۇ قەيس

ئۇممۇ قەيس مەككىدە دەسلەپ ئىمان ئېيتقان ساھابە ئاياللارنىڭ بىرى. ئۇممۇ قەيس مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. ئۇممۇ قەيس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 24 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن ئىككى ھەدىس «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.

## ئۇممۇ گۈلسۈم بىنتى مۇھەممەد

ئۇممۇ گۈلسۈم رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچىدىن بولغان ئۈچىنچى قىزىدۇر.

ئۇممۇ گۈلسۈم ئانىسى خەدىچە بىلەن بىللە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندا، بىللە بەيئەت قىلغان. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتەيبە ئۇممۇ گۈلسۈمگە چاي ئىچۈرگەندىن كېيىن، ئەبۇ لەھەبنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان دىنىي ئۆچمەنلىكى سەۋەبىدىن توي ئىشى بۇزۇلغان. ئۇممۇ گۈلسۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ئاچىسى رۇقەييەنىڭ

ۋاپاتىدىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق بولغان. ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى شەئبان ئېيىدا ۋاپات بولغان. باللىق بولمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ ۋاپاتىدىن كۆپ قايغۇرغان. جىنازا نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، فەزل ئىبنى ئابباس، ئۇسامە ئىبنى زەيدلەر بىرلىكتە يەرلىككە قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مۆھتەرەم قىزلىرىنى نىكاھىغا ئالغانلىقى سەۋەبلىك ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان «ذو النورين» (قوش نۇر ساھىبى) دەپ ئاتالغان.

## ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىق

ئۇممۇ گۇلسۇم ساھابە جەلىل ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى، «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەمشىرىسى. ئۇممۇ گۇلسۇم ناھايىتى تەقۋا، ئىبىل پەزىلەتلىك، فازىلە ئايال بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بەزى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرنى ئىمام مۇسلىم بىلەن ئىمام تىرمىزىي ئۆز كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان.

## ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەقبە

ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەقبە ساھابە ئايال بولۇپ، مەككىدە ئىمان ئېيتقان. ھىجرەتتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان. ئاتا-ئانىسىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغان. ئۇممۇ گۇلسۇم ئوقۇش-يېزىشنى بىلىدىغان مەلۇماتلىق ئايال بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۆت ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن بىرى «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان.



## ئۇممۇ گۇلسۇم بىنتى ئەلى

ئۇممۇ گۇلسۇم ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ فاتىمە زەھرادىن بولغان قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى. ئۇممۇ گۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن ئىلگىرى تۇغۇلغان. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكى دەۋرىدە، ئۆمەر ئۇممۇ گۇلسۇمنى سوراپ، ئەلچى كىرگۈزگەن. ھىجرىيىنىڭ 18- يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇممۇ گۇلسۇمنى نىكاھىغا ئالغان ۋە زەيد، رۇقەييە ئىسىملىك ئىككى باللىق بولغان. ئۇممۇ گۇلسۇم ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىغىچە ئۇنىڭ نىكاھىدا تۇرغان.

## ئۇممۇ ھاشىم

ئۇممۇ ھاشىم بىنتى ھارىس نۇئمان ئەنسارلاردىن بولۇپ، تەقۋالىقى، ئىلىم-پەزىلىتى بىلەن ساھابىلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئايال. نۇرغۇن مۇھەددىسلەر (ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار) ئۇممۇ ھاشىمدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇنىڭدا ئۇممۇ ھاشىمنىڭ ئىلمىدىن باشقا يەنە، راست سۆزلۈك، ئىشەنچلىك بولۇشتەك گۈزەل پەزىلىتى كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇممۇ ھاشىم 716- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئۇممۇ ھانى

ئۇممۇ ھانىنىڭ ئەسلىي ئىسمى فاختە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ قىزى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئاچىسى. «ئۇممۇ ھانى» لەقىمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھىي نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەخلاقلىق، گۈزەل ئۇممۇ ھانىغا ئەلچى

قويغان، شۇنداقلا ئىبنى ھىبەير ئەبۇ ۋەھبەمۇ ئەلچى كىرگۈزگەن. ئەبۇ تالىپ ۋەھەب ئائىلىسى بىلەن بولغان قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش يۈزىسىدىن فاختەنى ھىبەيرگە ياتلىق قىلغان. مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى ئۇممۇ ھانى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئېرى ھىبەير يەمەن تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. مەككە فەتھى قىلىنغاندا، بەزى ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەر ئامان قېلىش يۈزىسىدىن يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ پاناھلىقىغا كىرگەن. ھارىس ئىبنى ھىشام ئۇممۇ ھانىدىن پاناھلىق تىلىگەن ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا كىرگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئاچىسى ئۇممۇ ھانىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇممۇ ھانى ھارىسنىڭ ئىشىنى ئېيتقان. ئەلى دەرھال قىلىچ چىقىرىپ؛ ھارىسنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆينى ئاختۇرۇشقا باشلىغان. ئۇممۇ ھانى: «قېرىندىشىم، مەن ئۇنى پاناھىمغا ئالدىم، ئۆلتۈرسەڭ بولمايدۇ»، دېگەن. ئەلى پەرۋا قىلماستىن ئاختۇرۇۋەرگەن. ئۇممۇ ھانى يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەلىنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ۋە گېپىنى تەكرارلىغان. بۇ تالاش-تارتىشنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ قالغان ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئۇممۇ ھانى ئامانلىق بەرگەن كىشىگە بىزمۇ ئامانلىق بېرىمىز. ئەلىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگىن، چۈنكى ئەلىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ»، دېگەن.

ئۇممۇ ھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 46 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

## ئۇممۇ ھەكىم مەخزۇمىيە

ئۇممۇ ھەكىم قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ قىزى بولۇپ، ساھابە ئايالدۇر. ئۇممۇ ھەكىم تاغىسى ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمەگە ياتلىق بولغان. ئىكرىمە دادىسىغا ئوخشاش ئىسلام



دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. مەككە فەتھى قىلىنغاندا ئۇممۇ ھەكىم ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئىكرىمە مەككىنى تاشلاپ، يەمەن تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئۇممۇ ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئېرىنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇممۇ ھەكىم ئىكرىمىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ھەي ئىكرىمە، كىشىلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى ۋە شەپقەتلىكى بولغان زاتتىن سەن ئۈچۈن ئامانلىق ئالدىم»، دەپ ئېرىنى مەككىگە قايتۇرۇپ كەلگەن. ئىكرىمە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىكى زامانىدا ئىكرىمە يەرمۇك غازىتىغا قاتنىشىپ شېھىت بولغان. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇممۇ ھەكىمنى نىكاھىغا ئېلىش ئارزۇسىدا ئارىغا كىشى قويغان. ئۇممۇ ھەكىمنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، تەييارلىقلار پۈتكەندە، ھىجرىيىنىڭ 13- يىلىدىكى ئەجنادىن ۋەقەسى سەۋەبىدىن خالىد ئۇممۇ ھەكىمنى ئېلىپ يولغا چىققان. يولدا بىر ئەگمە كۆۋرۈك بېشىدا جەڭ بولۇپ خالىد شېھىت بولغان. ئۇممۇ ھەكىم بۇ يەردە يەتتە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەگمە كۆۋرۈك «**قنطرة ام حكيم**» (ئۇممۇ ھەكىمنىڭ ئەگمە كۆۋرۈكى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

## ئۇمەيمە

ئۇمەيمە بەنى غىفار قەبىلىسىدىن قەيس ئىبنى ئەبى سەلتىنىڭ قىزى، ساھابە ئايالدۇر. ئۇمەيمە ناھايىتى تەقۋادار، پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ، تابىئىيلاردىن نۇرغۇنلىرى ئۇمەيمەدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. خەيبەر غازىتىدا ئۇمەيمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ، ئۆز قەبىلىسىدىكى بىر تۈركۈم ئاياللار بىلەن بىللە غازاتقا قاتناشقان ۋە يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش، ئوزۇق-تۈلۈك ھازىرلاشتەك ياردەم ئىشلىرىنى قىلغان. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەتلىك دۇئاسىغا نائىل بولغان. خەيبەر غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى بۆلۈنگەن چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن بىر بويۇنچاقنى (مارجاننى) ئۇمەيمەگە بەرگەن. ئۇمەيمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولى بىلەن بەرگەن بۇ مارجاننى ئۆمۈر بويى بوينىدىن ئالمىغان. كېسەل ۋاقتىدا، مارجاننى ئۆزى بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان.

## ۋەللادە

ۋەللادە ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ ئەندەلۇستىكى پادىشاھلىرىدىن مۇستەكفى بىللاھ مۇھەممەد ئابدۇرەھماننىڭ قىزى. ۋەللادە ئەندەلۇستىكى ئەڭ مەشھۇر ئەدىبەلەر جۈملىسىدىندۇر.

ۋەللادە گۈزەل ھۆسن-جامالى بىلەنلا ئەمەس، پاساھەتلىك نۇتۇقلىرى، لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىرە، كاتىبە ئىدى. ۋەللادە دائىم ئالىم-شائىرلارنى يىغىپ، ئىلمىي مۇنازىرە مۇشائىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان، ئەندەلۇستىكى مەشھۇر زاتلاردىن داڭلىق شائىر ئەبۇ ۋەلىد ئىبنى زەيدۇن بىلەن ۋەزىر ئەبۇ ئامىر ئىبنى ئابدۇس ۋەللادەگە ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت بابىدا ئۆز ئارا رەقىبلەرگە ئايلانغان. شېئىرلىرى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان شائىر ئىبنى زەيدۇننىڭ «رىسالەئى ئىبنى زەيدۇن» ناملىق ئەسىرى دەل مۇشۇ مۇھەببەت غوۋغاسى سەۋەبىدىن يېزىلغان. ۋەللادە ئۆمۈر بويى شېئىرىيەت، ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇپ، توي قىلمىغان. 1091- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئىپارخان

گۈزەللىكى بىلەن كىشى ئەقلىنى لال قىلسا، باتۇر ۋە قەيسەرلىكى بىلەن دىللاردا ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسى ئويغاتقۇچى ئۇيغۇر



قىزى ئىپارخان 18- ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن چوڭ-كىچىك خوجىلاردىن خوجا جاھاننىڭ ئايالى، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى. بەزى تارىخىي كىتابلاردا ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئەلانۇر خېنىم ياكى مەمۇرى ئەزەم ئىكەنلىكى يېزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىپارخان لاتاپەت بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل بولغانلىقى ۋە تېنىدىن تەبىئىي ھالدا ئىپار ھىدى كېلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئىپارخان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. چەۋەندازلىققا ماھىر بۇ گۈزەل باتۇرلۇقتا داڭ چىقارغان خوجا جاھانغا ياتلىق بولغان. 1760- يىلى شىنجاڭدىكى ئاپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولغان خوجا بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ سانى ۋە تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن چىڭ سۇلالىسى جاۋخۇي باشچىلىقىدا زور قوشۇننى توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. ئادەم سانى جەھەتتىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، خوجا جاھان ئۆلتۈرۈلگەن. ئىپارخان بولسا ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلغان. ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيرانۇھەس قالغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا مەپتۇن بولۇپ قالغان.

ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىغا كەلگۈچە بولغان ھاياتى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەر بىردەكلىكتە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە بەزى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تارىخ مەنبەلىرى ۋە ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخنامىلىرىدىن مەلۇمكى، يۇرت-قەۋمىدىن، ئېرىدىن ئايرىلغان ئىپارخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن خانغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان. پۇرسەت تېپىپ ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسىدا يېنىدا پىچاق ساقلاپ يۈرگەن. ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش، ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ۋە يۇرتىنى سېغىنىش ئارزۇسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن چيەنلۇڭ خان

خىلمۇخىل چارىلارنى ئىشلەتكەن. ئىپارخان ئۈچۈن ئۇيغۇر پاسونىدا ئىمارەت سېلىنىپ، ئۇيغۇر مەھەللىسى بىنا قىلىنغان. لېكىن ئىپارخان نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىغان. چيەنلۇڭ خاننى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغان ۋە يەڭ ئىچىدە ساقلىغان خەنجەرنى كۆرسىتىپ: «ئەل-يۇرتۇم خانىۋەيران بولدى، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن، ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن»، دېگەن. چيەنلۇڭ خان يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەن. ئىپارخان خانغا قول سالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەخپىي پايلاقچىلارنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىشى تۈپەيلىدىن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن خان ئانا چيەنلۇڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. گەرچە كېيىن بەزى ۋەقەلىكلەر قوشۇلۇپ ئىپارخان ھەققىدىكى بايانلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ نەسەبى، كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، جەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدە بىردەكلىككە ئىگە يۇقىرىقى بايانلار ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدۇر.

1914- يىلى ئاسارە-ئەتىقىلەر ئورنى پېكتىيەن الخان سارىيى مۇزېيى ۋە چىڭدۇڭدىكى يازلىق ئوردىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن ئاسارە ئەتىقىلەر ئارىسىدا ئون نەچچە ساھىبجامال قىزنىڭ ماي بوياق رەسىمى بار بولۇپ، بۇلارنى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە، ئوردىدا ياللاپ ئىشلەتكەن ئىتالىيىلىك رەسسام رومىرانت سىزغانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيچە ياسانغان، ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى «يۇدى سارىيى»نىڭ غەربىي ھۇجرىسىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئىپارخان ـــ غەربىي دىيارلىق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى...» دەپ يېزىلىپ، ئىپارخاننىڭ ھاياتى يۇقىرىقىغا ئوخشاش يوسۇندا قىسقىچە بايان قىلىنغان. شۇنداقلا ئاخىرىغا يېقىنقى زامان خەنزۇ شائىرى شى يىننىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7-



يىلى بۇ رەسىمگە يازغان بېغىشلىما شېئىرى قوشۇپ قويۇلغان. ئۇ شېئىر تۆۋەندىكىچە:

هۆر گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن،
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېھىر-شەپقەت بىلەن.
تۆكتى قان شۇ قىز ئۈچۈن خاقان قىرىپ پۇقرانى كۆپ،
سۇرگىلى كەيپ-ساپا ئىشرەت بىلەن، شەھۋەت بىلەن.
تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
كىيىمى قانغا بويالغان يىغلىغاچ ھەسرەت بىلەن.
قاقشىتىپ ئەپكەلدى خان شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
تەڭرىتاغ قالغان غەزەپتە بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن.

بېيجىڭ تىياتىرى ۋە دراما ساھەسىدىكىلەرمۇ بۇ بايانلارغا ئاساسەن «ئىپارخاننىڭ غەزىپى»، «ئىپارخان» ناملىق تىياتىرلارنى ئوينىغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «ئىپارخان» ناملىق بېيجىڭ تىياتىرى ئوينالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىپارخان خوجا جاھاننىڭ ۋاپادار ئايالى، پادىشاھقا تىز پۈكمىگەن قەھرىمان، قەيسەر ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى يەنچېڭ ئىپارخان ھەققىدە تۆۋەندىكى شېئىرنى يېزىپ قالدۇرغان:

باھار نۇرلىرىدا جانلانغان دالا،
جىگدىلەر چۆمۈلدى چاچقان پۇراققا.
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان جىگدىنىڭ ھىدى،
ھالقىپ تەڭرىتاغدىن كېتەر يىراققا.
ئۆتمۈشتە بۇ ئانچە قەدىم چاغ ئەمەس،
قەشقەردىن چىققانتى بىر ئۇيغۇر قىزى.
ئىسمىدۇر ئىپارخان، گۈزەللىكتە ئۇ
پۇراقلىق ئېچىلغان چېچەكنىڭ ئۆزى.

بوزەك قىلىپ بولامدۇ باتۇر مىللەتنى،
ئىپارخان شۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

## ئىسكەندىرا بىنتى قۇستەنتىن

ئىسكەندىرا ئەدىبە، مەشھۇر ژۇرنالىست بولۇپ، 1872- يىلى بېيرۇتتا تۇغۇلغان. بېيرۇتتا قىزلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن مىسىردىكى ئىسكەندەرىيىگە كۆچۈپ كەتكەن. بۇ يەردە «سىرداشلار» ناملىق ئەرەبچە ۋە فرانسۇز تىلىدا يەنە بىر ژۇرنالنى تەسىس قىلىپ، نەشر قىلىشقا باشلىغان. بۇ ژۇرناللار جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان.

شۇ سەۋەبتىن ئىسكەندىرا ھۆكۈمران يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا زور ھۆرمەت-ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. ئىران شاھى مۇزەففەردىن ئىسكەندىراغا «شەرق يۇلتۇزى» دېگەن نامنى بېرىپ ئوردىن بىلەن مۇكاپاتلىغان. ئوسمانلىلارنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدخان II ئىپسىل تاشقا ئويۇلغان بىرىنچى دەرىجىلىك ئىلىم ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلىغان. ئىسكەندىرا بەزى تەرجىمە ئەسەرلەرنى ۋە بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يازغان. 1927- يىلى لوندوندا ۋاپات بولغان.

## ياسىمىن

ياسىمىن 11- ئەسىردە ياشىغان فازىلە، ئالىمەدۇر. ياسىمىن قۇرئاننى تەفسىر قىلىپ، ھەدىسلەردىن نەقىل ئېلىپ، جامائەتكە قىلغان پاساھەتلىك ۋەز-نەسىھەتلىرى بىلەن ۋائىزە دەپ ئاتالغان.

ياسىمىن يەنە ماھىر خەتتات بولۇپ، دىيانەت پەزىلىتى، ئىلمى بىلەن جامائەت ئارىسىدا زور ئىززەت-ئابرويغا ئىگە بولغان. ياسىمىن ھەجگە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى



تەرك ئېتىپ، ئىبادەت ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. مىلادىيە 1108- يىلى مەككە مۇكەررەمەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## يەلقەتلۇ

يەلقەتلۇ چىڭگىزخاننىڭ نەسلىدىن ھولاكونىڭ ئوغلى ئابىقا خاننىڭ قىزىدۇر. يەلقەتلۇ موڭغۇللار ئارىسىدا زور ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، ئات مىنىپ جەڭ قىلىش ماھارىتى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئېرى ئۆلتۈرۈلگەندە، يەلقەتلۇ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىق كىرىپ، ئېرىنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئالغان. يەلقەتلۇ ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇپ، 1323- يىلى ھەجگە بېرىپ، 30 مىڭ دىنار خەير-ئېھسان قىلغان. ھەجدىن قايتىپ، دەمەشققە كەلگەندە، دەمەشق ھۆكۈمرانى ۋەزىرلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire 4 Zeytinburnu - IST.

# II بۆلۈم ھىدايەت يۇلتۇزلىرى

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى ھەققىدە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىدا نۇرغۇنلىغان گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش بىلەن ئىدىيىۋى، بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئوبراز — ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىشتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ۋاستىسى سۈپىتىدە ئەسەرگە جان ئاتا قىلىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا پارلاپ تۇرغان ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇندىكى بۇ بەدىئىي ئوبرازلارغا كۆز تاشلىغىنىمىزدا ئاجايىپ چوڭقۇر ئىشق بىلەن باغلانغان گۈزەل يار ئوبرازى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلار سىستېمىسىدا ئەڭ كۆپ ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى، باشقا ئوبرازلارغا سېلىشتۇرغۇسىز ھالدىكى مۇكەممەللىكى، نەپىسلىكى، جەلپ قىلارلىقى بىلەن بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن مۇھەممەد خارەزمى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ئەلشىر نەۋايى، ھىرقەتى، مۇھەممەد سىددىق زەلىلى، نەۋبەتى، ئابدۇرەھىم نىزارى، موللا بىلال نازىملارنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت سەھىپىسىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئوخشاشلا چوڭقۇر



ئىشق-مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى يار بەرگەنلىكى بارلىق گۈزەل تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن سىزىلغان سانسىز يار ئوبرازلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئىزچىللىقىدىن قارىغاندا، خۇددى ئىشق تېمىسى كلاسسىك ئەسەرلەر ئۈچۈن ئورتاق تېما بولغىنىغا ئوخشاش، ئۈزۈلۈپ قالماي دەۋردىن-دەۋرگە تەكرار-تەكرار ئۇلىنىپ ئاجايىپ زور ئىشتىياق بىلەن يارىتىلغان بۇ يار ئوبرازىنىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئورتاق ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ. تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە ئۆتكۈر كۆز بىلەن كۆزەتكەندە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى يار ئوبرازىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، ئېنىقىنى ئېيتقاندا بۇ پەرقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت ھادىسىسىنى پاسىل قىلغانلىقىنى بايقايمىز. خوش، ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان يار ئوبرازىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئېتمولوگىيىسى ۋە ئالاھىدىلىكى قانداق؟

يۇقىرىدا ئېيتقان پاسىلنى ئايرىش نۇقتىسى قىلىپ، تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز.

### 1. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى

يار ئەسلىي مەنىسىدە دوست، ھەمراھ مەنىسىدىكى پارسچە سۆز بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «قاسىنچىغ»، «ئۆزكىيە»، «ئەش»، شەكىللىرىدە ئۇچرايدۇ. ئەمەلىي پاكىت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يار ئوبرازى كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلانغان ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت، قوشاقلاردىن تاكى 10- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى

قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغىچە بولغان دەۋر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېم، شامان، مانى، زاروئاستىر، بۇددا قاتارلىق تۈرلۈك دىنلارنى قوبۇل قىلىش ۋە بۇ دىنلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان مىللىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانى بولدى. بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تېمىسى قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ھەر خىل دىنىي مەزمۇنلار بولۇپ، ئىشق-مۇھەببەت تېمىسى ئىنتايىن ئاز يېزىلغاچقا، بۇ مەزگىل ئەدەبىياتىدا يار ئوبرازى كەمرەك يارىتىلدى ھەم بۇ يار ئوبرازى خاراكتېرى جەھەتتە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازىدەك ئۇنچىلىك مۇكەممەل، روشەن ئەمەس. بۇ مەزگىل ئەدەبىياتىدا يار ئوبرازىنىڭ ئاز يارىتىلىشىدا بىزنىڭچە مۇنداق بىر قانچە سەۋەب رول ئوينىغان:

1) قەدىمكى دەۋردە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ۋە مۇھىم ئىگىلىك شەكلى قىلغان ئۇيغۇرلار تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن قىلغان تىنىمسىز جاپالىق كۈرەشلىرىدە يېتىلدۈرگەن ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر، باتۇر، جەڭگىۋار خاراكتېرى بىلەن «باتۇر تەڭرىقۇت»، «ئوغۇزنامە»، «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»، «چىستانى ئىلىبەگ»گە ئوخشاش قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يارىتىشقا مايىل بولۇپ، مۇھەببەت تېمىسىنى يۇقىرىقىلاردىن كېيىنرەك ئورۇنغا قويغان.

2) ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىگە تەئەللۇق بولغان دىن مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، مىللىي پسىخىكا، ئۆرپ-ئادەتلىرىدە مۇقەررەر ھالدا بەلگىلىك تەسىرىنى قالدۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ شامان، مانىي، زاروئاستىر، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن بۇ دىنلار پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. بۇلاردا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدە مۇھەببەت



(ئىنسانىي مۇھەببەت) چەكلەنگەن، ياقتۇرۇلمايدىغان تېما بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىياتتا مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ئىنتايىن ئاز يېزىلىشى، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»دەك دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئىپادىلەنگەن. يەنى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئىككى يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلغان. بىرى دىنىي مەزمۇندىكى ئەدەبىيات، ئىككىنچىسى دۇنياۋىي تېمىدىكى ئەدەبىيات، يەنى رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەدەبىيات، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى دىنىي مەزمۇندىكى ئەدەبىيات ئىگىلەيدۇ.

3) تارىخنىڭ دەھشەتلىك بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئۆتۈپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان ئاز ساندىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللانغاندىن تارتىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا ئىجاد قىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ۋاقىت جەھەتتىكى ئۇزۇنلۇق ۋە تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ مەزگىلگە مەنسۇپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنىڭلا بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كېلەلىشى بىلەن قولىمىزدىكى ماتېرىيالنىڭ چەكلىك بولۇشىمۇ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسىغا باغلانغان «يار» ئوبرازىنىڭ ئاز ئۇچرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزگىل ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازىنى ئاختۇرغىنىمىزدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شائىر ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ ئۆز ئايالىغا بېغىشلاپ يازغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق يەتتە كۇبلېتلىق شېئىرنى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ساقلىنىپ قالغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى بەش كۇبلېتلىق قەدىمكى قوشاقنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ مۇھەببەت شېئىرلىرىدا لىرىك قەھرىمان

«مەن» ۋە «مەن» ئاشىق بولغان «يار» ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، لىرىك قەھرىماننىڭ ئۆز يارىغا بولغان ئىنتىلىشى، تەگرىدىن ئۆز يارى بىلەن مەڭگۇ بىرگە ئۆتۈش توغرىسىدىكى ئىلتىجاسى ئىزھار قىلىنغان. «يار» ئوبرازىنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرىدە شائىر يېقىملىق، ئاددىي تىل، سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، مۇبالىغىدەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئىنسان گۈزەللىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان قاش، كۆز، يۈزدەك تىپىك دېتاللارنى تۇتقا قىلىپ يارنىڭ گۈزەل ھۆسن-جامالىنى تەرىپلىگەن. خۇددى تۆۋەندىكى:

بولغار مەنى ئۇلاس كۆز،
قارا مەگز قىزىل يۈز.
ئاندىن تامار تۈگەل تۈز،
بولناپ يانا ئۇل قاچار.

(ئەسىر قىلدى خۇمار كۆز، قارا مەڭلىك قىزىل يۈز، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي گۈزەللىك ياغار، مېنى ئەسىر قىلدىيۇ، ئۆزى قاچتى).

يالۋىن ئانىڭ كۆزى،
ئەلكىن ئانىڭ ئۆزى.
تولۇ ئايىن يۈزى،
ياردى مېنىڭ يۈرەك.

(ئۇنىڭ كۆزى جادۇ كۆز، ئۇنىڭ ئۆزى مۇساپىر، ئۇنىڭ يۈزى تولۇن ئاي، ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى ياردى).

قوشاقتا تەسۋىرلەنگىنىدەك خۇمار ياكى قارا جادۇ كۆز، قېشى قارا، يۈزى تولۇن ئايدەك، پۈتۈن تۇرقىدىن گۈزەللىك يېغىپ تۇرۇش مۇشۇ مەزگىل ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازىنىڭ ئورتاق تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى. بۇ قوشاقلاردا قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنغان بولۇپ، ئىنتايىن تەبىئىي



رىتىمدا ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ قوشاقلارنى قايتا-قايتا ئوقۇغاندا ھېس قىلىدىغىنىمىز رېئال دۇنيادىكى ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىدۇر. يەنى، بۇ قوشاقلاردا ئىزھار قىلىنغان مۇھەببەت چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، «مەن» ۋە «مەن» ئاشىق بولغان «يار»مۇ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنساننىڭ تىپىك ئوبرازىدىن ئىبارەت.

دېمەك، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، يار — رېئال دۇنيادىكى ئىنساننىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازىدۇر. كلاسسىك شائىرلىرىمىز كەمدىن-كەم يارىتىلغان مۇشۇ يار ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشى، مېھرى-ۋاپا، ساداقەت، ئانا ۋەتىنىنى سۆيۈشتەك گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## 2. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى

شۇنىسى ئېنىقكى، بىر مىللەتنىڭ قايسى خىل شەيئى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ قويۇق، زىچ بولۇشى بۇ مىللەتنىڭ تىلىدا شۇ خىل شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشى، تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۈملىدىن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا يار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يار، جانان، مەھبۇب، مەشۇق، دىلبەر، نىگار، دىلدار، دىلرەبا سۆزلىرى بارلىققا كەلدى. ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يار مەنىسىدىكى بىر نەچچىلا سۆز بولغان بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىياتتا يارنى بىلدۈرىدىغان مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشىدەك تىل ھادىسىسىنىمۇ يار ئوبرازىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى، سالمىقىنىڭ چوڭلۇقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

10- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ 11-، 12- ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئاجايىپ يۈكسەك، چوڭقۇر ئىشق بىلەن باغلانغان گۈزەل يار ئوبرازى كۆپلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان يەتتە-سەككىز ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارغانچە مۇكەممەللىشىپ، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە لىرىك ئوبراز بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئۇزاق دەۋرنىڭ يارقىن ۋەكىللىرىدىن لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، ئەلشىر نەۋايى، ھىرقەتى، زەلىلى، نەۋبەتى، خوجا جاھان ئەرشى، قەلەندەر، ئابدۇرەھىم نىزارى، موللا بىلال نازىمى، تەجەللىلەرنىڭ شېئىر غەزەللىرىدە باشتىن-ئاخىر چوڭقۇر ئىشق تېمىسى بىلەن باغلانغان گۈزەل يار ئوبرازى يارىتىلغان ۋە شائىرلار ئۆزىنىڭ مەقسەت مۇددىئالىرىنى ئىپادە قىلىشتا، مۇشۇ يار ئوبرازىنى ئاساسىي ۋاسىتە قىلغان. يارنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرىدە ئىنسان گۈزەللىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان يۈز، قاش، كۆز، كىرپىك، لەۋ، چىش، خال، چاچ، قەددىدىن ئىبارەت ئەڭ تىپىك دېتاللارنى تۇتقا قىلىپ، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سۈپەتلەشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، كىشى ئەقلىنى لال قىلغۇچى نازاكەتلىك پورترېتىنى سىزىپ چىققان. ئەينى دەۋردە بۇ خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇلى كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ تاشقى قىياپەتنى سۈرەتلەشتىكى ئەنئەنىۋى تەسۋىر ئۇسۇلىغا ئايلانغانىدى. شائىر يۇقىرىقى دېتاللار بىلەن يار ئوبرازىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئارقىلىق، يارنىڭ سىرتقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك زىچ بىرلەشكەن گۈزەل ماھىيىتىنى مەيدانغا چىقارغان. خۇددى كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرغاندەك، يارنىڭ قىياپەت تەسۋىرىدىكى كونكرېتلىق، ئىنچىكىلىك، پاك ئىنسانىي سۆيگۈ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك ئىسيانكارلىق، جەسۇر روھ يارغا ئىنسانىي



خاراكتېر بەرگەن بولسا، لىرىك قەھرىمان «مەن»نىڭ مەشۇقىغا بولغان ئىنسان تەسەۋۋۇرى ۋە ئەقلى كۆتۈرەلەيدىغان نۇقتىدىن ھالقىپ كەتكەن غايىۋى ئىشقى يار ئوبرازىغا ئىلاھىي خاراكتېر بەخش ئەتكەن. يار ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، يار مېھىر-ۋاپا ساداقەتنى بىلىدىغان، پاك مۇھەببەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا رەزىل كۈچلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەشكە ئاتلانغان ئىنسانىي خاراكتېرغا ئىگە ھەم رېئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ ئىشقىنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئىلاھىي خاراكتېرگىمۇ ئىگە. يار ئوبرازىنىڭ مۇنداق ئىككى ياقلىما خاراكتېرى ئۇنىڭ سىمۋوللۇق قاتلىمىنىڭمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپلىكىنىڭ نەتىجىسى.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋايى ئۆز غەزەللىرىدە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن، بىر ئۆمۈر زوق-شوق بىلەن كۈيلىگەن ۋە ۋىسالىغا يېتىشنى ئارمان قىلغان گۈزەل يارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بارچەدىن كۆزدە نىھان بولدۇڭۇ جان ئىچرە ئەيان،
ۋەھ نىھان دەيمۇ سېنى يوقسە ئەيان دەيمۇ سېنى.

(سەن ھەممىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن، بىراق جان ئىچىدە ئايان. ئاھ، سېنى يوشۇرۇن دەيمۇ، ئايان دەيمۇ؟)

فىتنە ئالەمدە زەمان ئەھلىغە سالدىڭ ئاشۇپ،
فىتنەئى ئالەمۇ ئاشۇبى زەمان دەيمۇ سېنى.

(بۇ ئالەمگە پىتنە، زامان ئەھلى ئارىسىغا ماجىرا سالدىڭ، شۇڭا سېنى ئالەمگە غوۋغا سالغۇچى، زامان توپىلاڭچىسى دەيمىكىن؟)

سالمە ئول كوي ئىچرە قاشىڭغە گىرىھكىم شۇبھەدۇر،
تائەت ئەيلەر يەرگە تۈشسە ئەگرى مېھرابى ئانىڭ.

(بۇ كوچىدا قېشىڭنى پۈرۈشتۈرمە-قىيشايتما، ئىبادەت قىلىدىغان يەرنىڭ مېھرابى قىڭغىر بولۇپ قالسا، نامازغا شەك چۈشۈپ قالىدۇ).

يار تەسۋىرىدىكى بارچە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن، ئەمما كىشىگە ئۆزىنىڭ جان-تومۇرىدىنمۇ يېقىنلىقى، يارنىڭ ئىككى قېشىنى ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىدىغان مېھراپقا تەڭ قىلغان بۇ مىسرالار يار ئوبرازىغا يۈكسەك غايىۋىلىك بەخش ئېتىش بىلەن بىزنى ھەيران قىلىدۇ.

«يار» ئىشق-مۇھەببەتكە خاس ئۇقۇم بولۇپ، كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۈرلۈك مەقسەت-مۇددىئالىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە «يار» ئوبرازىغا مۇئەييەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنى يۈكلىگەن. يارنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمان، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىكى بەدىئىي ۋاسىتە قىلغان. بىر شەيئىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دەل ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىندۇر. «يار» ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا شۇنچە كۆپ مۇتەپەككۇر شائىرلار تەرىپىدىن دەۋردىن-دەۋرگە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇزۇلمەي يارىتىلىپ داۋاملىشىپ كېلىشىدىكى سىرمۇ دەل ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنىڭ قىممىتىدە. ئۇنداقتا، كلاسسىك شائىرلىرىمىز «يار» ئوبرازىنى نېمىلەرگە سىمۋول قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق قانداق مەنىلەرنى ئىپادىلىمەكچى؟ بۇ ھەقتىكى تەھلىلىمىزنى تۆۋەندە نۇقتىلار بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

1) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «يار» ئوبرازىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، سالمىقىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پىكىر شۇكى، يار تەسەۋۋۇپ تىلىدىكى ئاللاھقا بېرىلگەن خاس ئىبارە بولۇپ، ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلاھىي ئىشقى بىلەن باغلانغان ئاللاھنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى سىمۋولىدۇر. «سوفىستىك پىكىر ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك ئەسىرى ۋە روشەن ئىپادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر



ئىدېئولوگىيە تارىخى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس»[①].

مىلادىيە 7 — 8- ئەسىرلەردە، ئىسلامىيەتنىڭ مەركەزلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان باغداد، بەسرە، كۇفەدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ھەشەمەتچىلىك-چىرىكلىكىگە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىكى دىنىي ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان تەقۋادارلىق، ئىخلاسمەنلىك، ئاددىي-ساددىلىقنى يوقاتقان زامان ئەھلىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىكىدەك ساپ ئىسلام روھىنى تەشەببۇس قىلغۇچى بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا چىقتى. مانا مۇشۇ ئاساستا، قەدەممۇقەددەم راۋاجلىنىش، تەدرىجىي بېيىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ ئىسلام پەلسەپىسى ئىچىدىكى مۇكەممەل پەلسەپىۋىي ئېقىم سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. رېئال دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، زاھىدلىق (يەنى تەركىدۇنيالىق) يولىغا مېڭىش تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى ۋە باشلىنىش شەكلى بولۇپ، «سوفى» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كۆز قاراشمۇ دەل ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاددىي-ساددا كىيىنىش ئادەتلىرىگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»گە باغلايدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، بارلىق گۈزەللىك، كامالەت، ھەقىقەت، مۇھەببەت يېگانە مەۋجۇتلۇق بولغان ئاللاھقىلا مۇجەسسەملەنگەن، پەقەت ئاللاھلا ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت ۋە بىردىنبىر بارلىق بولۇپ، ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىمىي كائىنات شەيئىلىرى بولسا، ئاللاھنىڭ تەجەللىسى، يەنى پارلاپ كۆرۈنگەن شولىسىدىنلا ئىبارەتتۇر. باشقا شەيئىلەر ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قىسمەن تەجەللىسى بولۇپ، ئىنسانلا ئاللاھنىڭ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس سادasi»، [illegible]-بەت.

سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسى، ئاللاھنىڭ نۇرى ئىنسانغا ئەڭ كۆپ مۇجەسسەملەنگەن. ئىنسان ئەسلىگە ــ ئاللاھقا قايتىش ئۈچۈن، بارلىقتىن، ھەتتا نەپسىدىن (ئۆزلۈكىدىن) كېچىپ ئىلاھىي ئىشق بىلەن ئاللاھنى كېچە-كۈندۈز تىل ۋە دىلىدا زىكىر قىلىۋەرسە، بارا-بارا پۈتكۈل نەرسە، ھەتتا ئۆزىمۇ ھەق ۋۇجۇدىغا، يەنى ئاللاھنىڭ زاتىغا سىڭىپ كېتىپ، كائىناتتا خۇدادىن ئۆزگە ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئىنسان ھەق ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، ئەبەدىيلىك روھىي پارلاقلىققا ئېرىشەلەيدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك تەشەببۇسى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» نەزەرىيىسىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تاشقى پوستىدىن قارىماققا ئىسلام دىنىنىڭ بەزى ئىدىيە-بەلگىلىمىلىرىگە ماس كەلمەيدىغاندەك كۆرۈنگەن تەسەۋۋۇپ قانداقتۇ ئاتېئىزىملىق قاراش بولماستىن، يۈكسەك تەقۋادارلىقنى نامايان قىلىدىغان، يېگانە بارلىق خۇدادىن باشلىنىپ، ئاخىرقى نۇقتىسى خۇدا بىلەن ئاخىرلىشىدىغان پەلسەپىدۇر.

تەسەۋۋۇپ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قاراخانىلار ئىسلاملىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تەسەۋۋۇپچى سوپى-زاھىدلار ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونىغا ئۆز تەلىماتلىرىنى تارقىتىش مەقسىتىدە كېلىشى بىلەن، ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەر 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. مانا بۇنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىزلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 11- ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىش ئوبرازىدىن ئۇچرىتىمىز. ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن زاھىدلارچە



تۇرمۇشى، ئالەم ۋە ئىنسان ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋىي مۇلاھىزىلىرى دەل تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ھەق (ئاللاھ) ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتەك ئالىي غايىسىنى ئىپادە قىلغانىدى. پاكىتقا ئاساسەن شۇنداق دېيىش مۇمكىن، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يار ئوبرازى كۆپ ئۇچرىمايدۇ. قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىق ۋە نوپۇزلۇق پەلسەپىۋىي تەلىماتقا ئايلىنىشقا باشلىغان 11 ــ 12- ئەسىرلەردە، ئەدەبىياتتا ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسى ۋە ئاجايىپ چوڭقۇر ئىشق بىلەن باغلانغان مۇكەممەل يار ئوبرازى كۆپلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە تاكى 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 7 ــ 8 ئەسىرلىك ئەدەبىياتتا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئۈچۈن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان ئالاھىدە ئوبراز بولۇپ شەكىللەندى. ئىشق تېمىسى ۋە يار ئوبرازىنىڭ بىردىنلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تېما ۋە ئاساسىي ئوبرازغا ئايلىنىشى، بىر مەزگىللىك گۈللىنىشتىن كېيىن تەدرىجىي سۇسلىشىش دەۋرى دەل تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى، بىر مەھەللىك گۈللىنىشتىن كېيىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش دەۋرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئوخشىمىغان دەۋر ۋە مۇھىتتا ياشىغان شۇنچە نۇرغۇن مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئوخشاش بىر تېما، ئوخشاش بىر ئوبرازنى زوق-شوخ بىلەن تەكرار-تەكرار تەسۋىرلىشىدەك قانۇنىيەتلىك ھادىسىنى ئەلۋەتتە ھېچقانداق ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان تاسادىپىي ھادىسە دېيەلمەيمىز، ئەقلىگە ئۇيغۇن جاۋاب شۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش، ئىجادىي تەپەككۇرىنىڭ ئورتاق بىر ئىدېئولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. تەسەۋۋۇپ يات ئەللەر تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن پەلسەپىۋى ئېقىم بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. شۇنىسى

ئېنىقكى، تەسەۋۋۇپ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تامغىسىنى بېسىش بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى ئاساسلىق ۋە نوپۇزلۇق پەلسەپىۋى تەلىماتقا ئايلانغانىدى. دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، مۇھەببەت تېمىسى ۋە يار ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تېما، ئاساسىي ئوبراز بولۇپ قېلىشى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مىسىرلىق ئالىم زەكى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: «دەسلىپىدىلا شېئىرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى قىلغان تەسەۋۋۇپ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەدەبىياتنى مەيدانغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئەرەب، پارس، تۈركىي خەلقلەردە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ناھايىتى گۈللەنگەن»؛ جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەسەۋۋۇپ تىلىغا ئىگە، يەنى تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ سوفىستىك ئىدىيىلىرىنى مۇۋاپىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر تۈركۈم سۆزلەرگە ئۇلارنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن باشقا، تۇراقلىق مەنىدىلا ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە مەنە بەردى ۋە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇقىم سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرىدىن شەقىق بەلخى «تەۋەككۇل» سۆزىنى، زۇننۇن مىسرى ۋە بايەزىد بەستامى «فەنا» سۆزىنى، فەرراز «ئەينۇل جەمئى» سۆزىنى، تىرمىزىي «ۋىلايەت» سۆزىنى، ئىبنى كەررام بىلەن زۇننۇن «مەئرىفەت» سۆزىنى تەسەۋۋۇپقا ئېلىپ كىرىش بىلەن بۇ سۆزلەرگە تەسەۋۋۇپقىلا خاس ئالاھىدە مەنىلەرنى بەردى.



ئەرەب، پارس ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان «مەئرىفەت» سۆزى ئەرەبچە بولۇپ، لۇغەت مەنىسى تونۇش، بىلىش بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپ تىلىدا بۇ سۆز پەقەت ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش، ئەۋلىيالىق، ئاللاھنىڭ ئىشق-مۇھەببىتى دېگەن مەنىدىلا چۈشىنىلىدۇ ۋە قوللىنىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجايىپ لىرىك شېئىرلىرى بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مەشھۇر بابارەھىم مەشرەپ (1640 — 1711):

مەئرىفەت كەشفى ئىلە بولماس كەسبىدىن،
مەئرىفەت ئەسلى خۇدانىڭ نۇرىدىن.

دەپ نىدا قىلىدۇ، يەنى ئەھلى تەسەۋۋۇپ تەرەپدارى بولغان شائىرنىڭ قارىشىچە ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش ئۇ كىشىنىڭ ئەقلى، تىرىشچانلىقى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كەشف ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، يەنى ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش خۇدانىڭ سالغان نۇرى ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ.

18- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندە مۇھەممەد سىددىق زەلىلى (1670 — 1755):

قەدرى تاجى مەئرىفەت بىلمەيمىكىنلەر زۇھد ئىلى،
خاتىرى خۇشتۇر ھەمىشە جۇببەئى دەستارىدىن.

تاشلاپ ئۆزلۈكنى زەلىلى سەن فەنا يولىغە كىر،
چۈن مەشەققەتتۇر سەفەر ئۆزرە سەبۇكبار ئولماسا.

دەپ يېزىپ باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن رىياكارلىق بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئۈستىدىكى ئۇزۇن تون، بېشىدىكى يوغان سەللىگە مەغرۇر

بولۇپ يۈرگەن دىندارلار دىلىغا تەڭرىنىڭ نۇرى چۈشكەن ئەۋلىيالارنىڭ (يەنى ئەھلى تەسەۋۋۇپتىكى ئەۋلىيالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ھەقىقىتىنى چۈشەنمەيدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، كلاسسىكلىرىمىز ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان «مەئرىفەت» سۆزىنى يۇقىرىقىدەك مەنىدە چۈشەنگەندىلا، يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا شەرھلىگەندىلا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق سەھىپىلىرىدە شۇنچە كۆپ شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈزۈلمەي تەكرار-تەكرار تەسۋىرلەنگەن «ئىشق، يار، ساقى، مەي، جام، مەيخانا» ئىبارىلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ كونا جەمئىيەتتىكى ئەزگۈچى ھۆكۈمران سىنىپلارغا ئوقۇلغان نەپرەت بولماستىن، بەلكى سوفىزمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلاھىي ئىشقى بىلەن مەست بولۇپ، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كېتىشتەك سوفىستىك ئىدىيىسىنى ئىزھار قىلىشتا تەسەۋۋۇپ تىلىدىن تاللىۋالغان سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلىك مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، تەسەۋۋۇپتىكى ئالاھىدە مەنە بېرىلگەن سىمۋوللۇق سۆزلەر تۇراقلىق بىر مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئەرەب، پارس، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئەينى بىر مەنىدە قوللىنىلغان ۋە چۈشىنىلگەن بولۇپ، ھەر قانداق شەخسنىڭ بۇ خاس ئاتالغۇلارنى تەسەۋۋۇپ تىلى قانۇنىيىتى بويىچە ئىزاھلاش مەجبۇرىيىتى باركى، ھەرگىزمۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغانچە مەنە بېرىش ھوقۇقى يوق، شۇنداقلا ئۆتكەنكى بىر ئەۋلاد مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان پەلسەپىۋى دۇنيا



قاراشلىرىنى بۈگۈنكى زامان ئىدېئولوگىيىسىگە ماسلاشتۇرۇپ، بۇرمىلاپ شەرھلەش ۋەزىپىسىمۇ يوق.

سوفىستلارنىڭ قارىشىچە ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر يول ئىشق بولۇپ، ئىشق چۈشەنچىسى باشتىن-ئاخىر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە سىڭىپ كەتكەن. خۇددى سوفىستلار ئۆزىنى ئاشىق دەپ ئاتىغىنىدەك ئەھلى تەسەۋۋۇپ بەزىدە ئىشق ئەھلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆزىنى ئاشىق سانىغان سوفىستلارنىڭ مەشۇقى، يارى تەبىئىيكى خۇدا بولىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان كلاسسىك مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىر-غەزەللىرىدىن بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئېنىق ۋە مۇقىم ئىپادىلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەربىر شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈشكە ئىمكان بولمىغاچقا، يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىر ئەھمەد يەسسەۋى (1005 — 1116)، مۇھەببەت داستانلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان تالانتلىق شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى (1776 — 1848)، جاھانكەشتە شائىر مۇھەممەد سىددىق زەلىلىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مۇنۇ مىسرالىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئەھمەد يەسەۋى:

ئىشق يولىدا فەنا بولاي ھەق بىرۇ بار،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.
رەھمان ئىگەم ساقىي بولۇپ مەي ئىچۈرسە،
ئەھلۇ ئەيال خانىماندىن پاك كېچۈرسە.
ئىشق تەگسە كۆيدۈرگۇسى جانۇ-تەننى،
ئىشق تەگسە ۋەيران قىلۇر ماۋۇ مەننى.
ئىشق بولمىسا تانىپ بولماس مەۋلىم سېنى،

ھەزنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.
ئىشق بازارى ئۇلۇغ بازار، سودا ھارام،
ئاشىقلارغا سەندىن ئۆزگە غوۋغا ھارام.

ئابدۇرەھىم نىزارى:

مۇھەببەت بادەسىن پىرى مۇغان ئىلكىدە نۇش ئەيلەپ،
يۈگۈردۈم ھەر زەمان مەيخانە يولىدا خۇرۇش ئەيلەپ.
ھەۋايى ئىشق ئارا مەخمۇرلۇقىدىن بەلكى جوش ئەيلەپ،
چۇ ئىچتىم ئىشق جامىن، بىخۇد ئولدۇم تەركى ھوش ئەيلەپ.
ئانىڭدەك مەي ئىچىپ بۇ نەۋئى ئۇسرۇكلۇكدىن ئابىلدىم.
ۋەلىي كام ئەھلىگە يوق ئىشق دەشتىنىڭ ھەۋايىدەك،
غۇبار ئەتمەككە تەننى يوق مۇھەببەتنىڭ فەزايىدەك،
كى يوقتۇر دىلبەرى يەكتا نىزارى دىلرەبايىدەك،
فىراقى مۇشكىل ئىرمىش بىلمەيىن مەن ھەم نەۋايىدەك.
ۋىسال ئىچرە ئول ئاينىڭ فۇرقەتىن ئاسان گۇمان قىلدىم.

زەلىلى:

ئىشق ئەھلىنى ئۆزۈڭگە قىلغىل ھاۋالە گاھى،
ھەر بىنەۋا بۇ يولدا مەسنەد نىشىن شاھى.
ئەي جىلۋەئى جەمالىڭ دەريايى نۇر ئەمەسمۇ،
ھەژدەھ ھەزارى ئالەم سەندىن زۇھور ئەمەسمۇ،
زىنھار سەد بى زىنھار بىدار بولغىل، ئەي يار،
كۆرسەڭ جەمالى دىدار ئەينى ھوزۇر ئەمەسمۇ.
ئاشىققە بەسدۇر ئىبزىد، غەيرى خۇدا ھەمە زىد،
مەقسۇدى شەيخى زاھىد غۇلمانۇ ھۇر ئەمەسمۇ؟

يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، شائىرنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانىڭ بارلىق راھەت-پاراغەتلىرىدىن كېچىپ ۋىسالغا



ئېرىشىش ئۈچۈن تەننى ۋە نەپسىنى يوق قىلىپ، ئىشق ئوتىدا كۆيۈشكە لايىق بولغان بىردىنبىر يار — خۇدادۇر، شۇنداقلا جاپا-مۇشەققەت بىلەن يۇغۇرۇلغان، خۇدادىن ئۆزگىنى كېرەك قىلمايدىغان ئىلاھىي ئىشق شۇنداق ئۇلۇغكى، بۇ ئىشق چوققىسىغا ئادەم ئەڭ يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇشقا لايىقتۇر.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە، تەسەۋۋۇپ قاينىمىغا چوڭقۇر چۆككەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501) ئىجادىيىتىدە ئىشق تېمىسى ۋە گۈزەل يار ئوبرازى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرى ئۈچۈن پۈتمەس ئىلھام مەنبەسى بولغان لىرىك غەزەللەر توپلىمى «خەزائىنۇل مەئانى»نىڭ بىرىنچى مىسراسىنى شائىر ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ ئەڭ ئىخچام بەدىئىي كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە مۇنداق باشلايدۇ:

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىلكەئىسى ئەنۋارۇلھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا.

(قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى، جامدىن يارنىڭ ئەكسىنى شارابتا كۆرگىن، دېگەن سادا چىقتى). شائىر بۇ يەردە ئىشلەتكەن «ھۇدا» سۆزى ئەرەبچە «توغرا يول تاپماق» مەنىسىدە بولۇپ، ئەرەب تىلىدا پەقەت ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تونۇپ يېتىشتەك توغرا يولغا ماگماق مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىسلام تۈسى قويۇق بولغان سۆزدۇر. شائىر ئۇلاپلا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرە كىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.

(ۋەھدەتكە مەي ھەم جام بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىن، كىم مەي بىلەن جام سۆزىنى تىلغا ئالسا، ئۇنى ئىپادە قىلالايدۇ).

سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇت ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفئى ئەتمە بۇ مەيخانا ئەھلىن زاھىدا.

(سەن ئويلىغاندىن باشقا جام ۋە شاراب مەۋجۇت، ئەي زاھىت بىلمەسلىكتىن ئىچەرمەنلەرنى قوغلاپ يۈرمە).

مانا بۇ مىسرالاردىن شېئىردىكى ئاساسىي ئۇقۇم بولغان جام ۋە مەي ئىبارىسىنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلغۇسىز ھالدا ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ ئاللاھنىڭ ئىشقى بىلەن خۇددى مەي ئىچكەن ھالەتتىكىدەك مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇپ، ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كېتىشتەك سىمۋوللۇق مەنىنى ئۈستىگە ئالغان تەسەۋۋۇپ تىلى ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ ۋە نەۋائىينىڭ نەزىرىدىكى پەقەت مەي ۋە جام بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان يارنىڭ دەل ئىشق ئىگىسى بولغان يېگانە مەۋجۇتلۇق ئاللاھ ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. يۇقىرىقى مىسرادىكى يار ئوبرازىنى نەۋائىي تەپەككۇرىدىكى مەدھىيىلەشكە، مۇھەببەت ئىشقىدا بارلىقىدىن كېچىشكە ئەرزىيدىغان گۈزەل يارنىڭ زادى كىملىكىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ:

سېنى بارماق بىلەن كۆرسەتمىش ئەلكىم،
بىلىپ ئۆلمەكنى ئەرز ئەيلەر ئىما.

(سېنى كىشىلەرنىڭ بارمىقى بىلەن كۆرسىتىشى، ‹يەنى بۇ يەردە ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاللاھنى كۆرسىتىشتە ‹ا› ھەرپىنىڭ شەكلىدە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىش ئادىتى كۆزدە تۇتۇلغان› ئۆلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ساڭا ئىمان ئېيتقىنى).



نەۋايى ئەھلى جۇنۇن زۇمرەسىغە كىردى ئىلاھىي،
چۇ ئەيلەدىڭ ئانى مەجنۇن، ئۆزۈڭنى قىل ئاڭا لەيلا.

(ئى پەرۋەردىگارىم، نەۋايى ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەر توپىغا قېتىلدى، سەن مېنى مەجنۇن قىلغانىكەنسەن، ئۆزۈڭنى شۇ مەجنۇننىڭ يارى بولغان لەيلا قىلغىن).

دېگەن شېئىرلىرىدىكى روشەنلىك، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچ ھېسابلانغان «فەنا» تەلىماتى ۋە «بەقا» ئىبارىلىرىنىڭ كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىشىمۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

نەۋايى كەئبە زىكرىن قويكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەپ،
زەھەبنا ۋادىيەلمەقسەد ۋەجەدنا ماھىۋەلمەقسۇد.

(نەۋايى كەئبىنىڭ گېپىنى قوي، بىز يوقىلىش مەيخانىسىنى ئىزلەپ، مەقسەت ۋادىسىنى كېزىپ كۆزلىگەن نىشانىنى تاپتۇق).

بىراۋ يەتتى ساڭا كىم ئۆزلۈكى دەشتىنى تەي قىلدى،
بەقا ئىستەر كىشى ئەۋۋەل كېرەك قىلسۇن فەنا پەيدا.

(كىمكى ساڭا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزلۈك دەشتىنى تاشلىۋېتىدۇ، باقانى ‹مەڭگۈلۈك ھاياتلىق› خالىغان كىشى ئاۋۋال فەنانى ‹يوقىلىش›نى بىلىشى كېرەك).

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نەۋائىينىڭ:

زاھىد ساڭا ھۇرۇ، ماڭا جانانا كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانا كېرەك.
مەيخانا ئارا ساقىيۇ پەيمانە كېرەك،
پەيمانە نەچە بولسا تولا، يانە كېرەك.

لۇتفىنىڭ:

سەن ھۆسن ئىلە بايسەن نىگە چۈن پەرزدۇر ھەج،
قىل تەگرى ئۈچۈن كەئبەئى كۆڭلۈمنى زىيارەت.

ھۇۋەيدانىڭ:

نەقىلاي جەننەتنى مەن ئاندا يۈزىنى كۆرمىسەم،
يارسىز جەننەت كۆزۈمگە كۆرۈنۈر جايى خەراب.

زەلىلىنىڭ:

ھاجى، ھەرەم ئىچىدە لۇتفى ئەيلەدىڭ نە ھاسىل،
ۋەيرانە بۇ كۆڭۈلنى ئەگەر ئابات قىلمىسا.

مەشرەپنىڭ:

بۇ تېنى خاكىمدە مەن روھىي رەۋاننى نە قىلاي،
بولمىسا قاشىمدا جانان مەن بۇ جاننى نە قىلاي.
يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي.
ئەرشنىڭ كۇنگىرىسى ئۈستىدە قويدۇم ئاياغىم،
لا مەكاندىن خەبەر ئالدىم، بۇ مەكاننى نە قىلاي،
بىر خۇدادىن ئۆزگەسى بارچە غەلەتتۇر، مەشرەبا،
گۇل ئەگەر بولماسە ئىلكىمدە تىكەننى نە قىلاي.

ئاتايىنىڭ:

ماڭا ئول دۇنيادا جەننەت نە ھاجەت،
ئىشىكىڭ تۇفراقى بەسدۇر كېيىنىدە!

سەئيى ئېتەر زاھىد مېنى جەننەتنىڭ ئەسكى باغىنە،
مەن بارۇرمەنمۇ يۈزۈڭدەك نەۋباھارىمدىن يىراق.



شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتە زور ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بىر پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ مىسرالاردىكى ۋىسالى ئۈچۈن جەننەتنىمۇ كېرەك قىلمايدىغان يار ئاللاھنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى سىمۋولى بولۇپ، بۇ قانداقتۇر ئاتېئىستىك خاھىشتا ئېيتىلغان بولماستىن، بەلكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ھەقىقىي ئىشق ئاللاھقا بولغان ئىشقتۇر، ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى غايىسى ئاللاھنىڭ ۋىسالىغا يېتىش بولۇشى كېرەك، ئىبادەتنى خۇدانىڭ جەننىتىگە ئېرىشىشنىڭ تەمەسىدە ياكى دوزاخنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ئەمەس، خۇدانىڭ ۋىسالى ئۈچۈنلا تەمەسىز قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ھەقىقىي ئاشىق ھېسابلانمايدۇ. خۇداغا مۇھەببەت باغلىغان ھەقىقىي سوپى ئۈچۈن خۇدانىڭ ۋىسالىلا كېرەككى، خۇدانىڭ ئىشقى ئالدىدا جەننەت-دوزاخ ئەرزىمەس نەرسە، دىلىڭنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ئاۋات قىلماي تۇرۇپ، رىياكارلىق بىلەن قىلغان ئىبادەتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، دېگەن سوفىستىك ئىدىيىنىڭ شېئىرىي يول بىلەن ئىزھار قىلىنىشىدۇر. ئەگەر بۇنى ئاتېئىزملىق خاھىشتا ئېيتىلغان دېسەك، ئۇ ھالدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كېلىپ چىققان نۇرغۇن قارىمۇ-قارشىلىق زىددىيەتلەرگە جاۋاب بېرەلمەي قالىمىز. مەشرەپنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرى يۇقىرىقى ئىزاھاتلىرىمىزنىڭ ئەڭ روشەن ۋە ئىخچام يەكۈنىدۇر.

ۋەدە قىلدى قادىرىم، يەنى خېرىدارىڭ مەنەم،
سەن مېنىڭ يارىم ئېرۇرسەن مەن سېنىڭ يارىڭ مەنەم.

2) كلاسسىك شائىرلىرىمىز چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىشتا يار ئوبرازىنى ۋاستە قىلغان.

ئىنسانىي مۇھەببەت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تېمىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كلاسسىك

ئەدەبىياتىمىزدا زور ھەجىملىك نادىر داستانلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئەدەبىياتىمىزدىكى رېئال ئىنسانىي مۇھەببەت يۈكلەنگەن يار ئوبرازى بىر تەرەپتىن شائىر ياشىغان ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىرى بىلەن باغلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تارىخىي ۋەقەلەر، خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەپسانە- رىۋايەت، قىسسىلەرنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن قايتىدىن خاس ئۇسلۇب ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرىلىشى بىلەن باغلىنىدۇ.

نەۋائىينىڭ «خەمسە»دىكى ۋە ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى «پەرھات- شىرىن»، «لەيلى- مەجنۇن»، «مەھزۇن- گۈلنىسا»، «رابىيە- سەئىدىن»دەك نادىر داستانلىرىدىكى پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رەزىل كۈچلەرگە، تەڭسىز تۈزۈمگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە، ۋاپادار، قەيسەر ئاشىق- مەشۇقلار چىن ئىنسانىي سۆيگۈنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلىش بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس ئوبرازلارغا ئايلاندى. كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزىگە خاس خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ يار ئوبرازلىرى ئارقىلىق پاك مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، ئىنسانىي ئەركىنلىك، ۋاپا- ساداقەت، ئىنسانىي كامالەت، مەردلىك، راستچىللىق، سېخىيلىق، ئىلىم- مەرىپەتنى قەدىرلەشتەك گۈزەل خىسلەتلەرگە بولغان مەدھىيىسىنى، ئىنسانىي ئەركىنلىكنى بوغقۇچى زالىم قارا كۈچلەرگە، ئادالەتسىز تۈزۈمگە بولغان ئۆچمەس نەپرىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن يۈكسەك گۇمانىزملىق ئىدىيىنى نامايان قىلدى. كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پاك ئىنسانىي سۆيگۈنىڭ پىداكارلىرى بولغان يار ئوبرازى قەدىمدىلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزدە ئاجايىپ



قايىللىق، زوق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش بىلەن، كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن نەمۇنىلىك ئۆرنەك بولدى.

3) كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ يارقىن تېمىلىرىدىن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يار ئوبرازى يەنە ۋەتەننىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ گۈزەللىك، مۇھەببەت قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتا، ئانا ۋەتىنىنى تەڭداشسىز گۈزەل يارغا، ئۆزىنى شۇ گۈزەل جانانىنىڭ ئىشقىدا كۆيگۈچى پىداكار ئاشىققا سىمۋول قىلغان. 18- ئەسىر شېئىرىيىتىدىكى لىرىك شائىر نەۋبەتى:

مۇساھىبىم، سۆز باشلاساڭ ئەۋۋەل خوتەندىن باشلىغىل،
دىلبەرىم خۇرشىد يۈزۈم، ئۇل سىيمتەندىن باشلىغىل.
باشقا گەپكە ئاچما لەب، يوقتۇر بۇنىڭچە خاسىيەت،
دىلئارام، تەفاخۇرۇم ئۇل جانۇ-تەندىن باشلىغىل.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى باغلانغان ئەزىز يۇرتى خوتەننى قۇياش يۈزلۈك، كۈمۈش بەدەنلىك دىلبەر سياقىدا، ئۆزىنى شۇ دىلبەرنىڭ خىيال ھەم سۆيگۈسى بىلەن كۆڭلىگە ئاراملىق، جېنىغا راھەت تاپىدىغان ئاشىق سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. كلاسسىك شائىرلىرىمىز بۇ ئارقىلىق ئانا ۋەتەن مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كونكرېتلىقتا ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىگە قىلىش بىلەن يار ئوبرازىغا يېڭى بىر سىمۋوللۇق مەنە ئاتا قىلغان. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر گەۋدىلىك ھادىسە شۇكى، گۈزەل يارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئانا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ ئىزھار قىلغان. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ لىرىك شائىرلىرىدىن نەۋبەتى، گۇمنام،

قەلەندەرلەرنىڭ گۈزەل مۇھەببەت غەزەللىرىدە شائىرنىڭ مۇھەببەت قاراشلىرى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. بۈيۈك شائىر لۇتفى:

بۇ كۆڭۈل جان تارتادۇر ئۇل لەبلەرى مەرجان سارى،
كىمكى جانلىغ بولسا مەيل ئەتكەي، بەلى جانا سارى.
قاشۇ كۆزۈڭ غارەتىندە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل،
ئاقىبەت تاپتىم سوراغىن چىنى تۈركىستان سارى.

دەپ يازغىنىدەك، شائىر ئىشقى مەيلىنى ئۆزىگە تارتقۇچى گۈزەل يارىنى ئانا ۋەتىنىدىن تاپقان.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى كلاسسىك مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىز ئۆزى تاللىۋالغان شۇنداقلا گۈزەللىك، ياخشىلىق، ھەققانىيەت، كامالەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان لىرىك ئوبراز بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە 1400 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە تەڭداشسىز ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتى ۋە رولىنى يوقاتماي كەلمەكتە. ئۇ ھەممىنى كونترول قىلغۇچى ۋاقىت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئوقۇغانسېرى يېڭىچە مەنىلەرنى ئاتا قىلىشتەك قۇدرەت ۋە تىل، شەرىئەت، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى مۆجىزىلىرى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ دىنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى باشقا تېمىلارنى تەتقىق قىلىشتا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان تۇنجى ۋە ھالقىلىق تەتقىقات مەسىلىسىدۇر.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك قوش يۆنىلىشلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھىيسى بويىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇتپەرەسلىك، نادانلىق، جاھىلىيەت بىلەن تولغان

ئەرەب جەمئىيىتىدە زور جۈرئەت ۋە جاسارەت بىلەن ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشنى باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. بارا-بارا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئىسلام دىنى دىل بىلەن ئىمان ئېيتىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان دىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ھادىسىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت بويىچە توغرا يول كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، بىرەر ھادىسە، ۋەقە يۈز بەرگەندە، شۇ توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دىن مەلۇم ئايەتلەر نازىل قىلىناتتى.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچى ھەق پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەر سورىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە پەتىۋا بەرگۈچى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق بىرەر مەسىلە توغرىسىدا كىشىلەردىن سورالغان چېغىدا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە توغرا ھۆكۈم بايان قىلىشى ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دىن ئايەتلەر نازىل قىلىناتتى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاراق ۋە قىمارنىڭ كىشىلەرگە جىسمانىي، روھىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كەلتۈرىدىغان زىيان ۋە بالايىئاپەتلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»دە تەدرىجىي يوسۇندا مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولغان: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن...﴾ (سۈرە بەقەرە 219- ئايەت) ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇپ بولساڭلار، يول ئۈستىدە



بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار...﴾ (سۈرە نىسا 43- ئايەت). ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾ (سۈرە مائىدە 90- ئايەت).

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى تېخىمۇ مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئىنسانىي كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك خاتا، قىڭغىر يوللاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى مەڭگۈلۈك ھىدايەت ۋە بەخت-سائادەت يولىغا باشلاش بولۇپ، ئۇنىڭدا تەۋھىد، ئىمان، ئىسلامنىڭ پەرز-ئەھكاملىرى، ئاللاھ تائالانىڭ شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال ھاياتى ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرىئەتلىرى تەبىئىي رەۋىشتە پاساھەتلىك تىل ۋە گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىپ بېرىلگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەر بىر ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ نازىل قىلىنىشىنى بىرەر ۋەقە-ھادىسە ياكى مەسىلىلەر ھەققىدە سورالغان سوئاللار بىلەنلا باغلاپ چۈشەنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەڭ مۇھىم مەقسەت ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىمى جەئبەرى مۇنداق دېگەن: «‹قۇرئان كەرىم› چوڭ ئىككى تۈر بويىچە نازىل بولغان، بىر تۈرى ۋەقە-ھادىسىلەر ۋە سوئاللار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا مۇستەقىل نازىل قىلىنغان؛ يەنە بىر تۈرى يۈز بەرگەن ۋەقە ھادىسە ياكى سورالغان مەسىلىلەر ئاساسىدا نازىل قىلىنغان».

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەت

ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتۈلگەن «قۇرئان كەرىم» يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگۈچە ئىككى باسقۇچنى بېسىپ

ئۆتكەن بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچتا رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن دۇنيا ئاسمىنىغا بىر يولىلا تولۇقى بىلەن چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر﴾ (سۈرە بەقەرە 185- ئايەت). ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق﴾ (سۈرە قەدىر 1- ئايەت). ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدىر كېچىسى)دە نازىل قىلدۇق﴾ (سۈرە دۇخان 3- ئايەت).

ئىككىنچى باسقۇچتا «قۇرئان كەرىم» دۇنيا ئاسمىنىدىن يەر يۈزىگە 23 يىل جەريانىدا پارچە-پارچە ھالدا تەدرىجىي نازىل بولۇپ مۇكەممەل تاماملانغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن. ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق﴾ (سۈرە بەنى ئىسرائىل 106- ئايەت). مەشھۇر ئىسلام ئالىمى جالالىددىن سۇيۇتى ئۆزىنىڭ «**الاتقان في علوم القرآن**» (قۇرئان ئىلمىدىكى مۇكەممەللىك) دېگەن مەشھۇر كىتابىدا ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇنۇ سۆزىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ: «‹قۇرئان كەرىم› رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە بىر يولىلا، تولۇقى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغا نازىل قىلىنغان. ئاندىن كېيىن 20 نەچچە يىل جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پارچە-پارچە ھالدا نازىل قىلىنغان». ئىككىنچى باسقۇچتا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام 23 يىل جەريانىدا بۆلۈپ-بۆلۈپ تەدرىجىي ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بولۇپ، بۇ بىرىنچى باسقۇچتىكى بىر يولىلا تولۇقى بىلەن نازىل بولۇشتىن پەرقلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر»غا ئوخشاش ساماۋى كىتابلار بىر قېتىمدىلا تولۇقى بىلەن نازىل قىلىنغان، ئەمما، «قۇرئان كەرىم»



بولسا بۆلۈپ-بۆلۈپ، تەدرىجىي ھالدا نازىل قىلىنغان. بۇنداق نازىل قىلىنىش ھېچقانداق سەۋەبسىز، تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنىڭ چوڭقۇر ھېكمىتى ۋە ئۇلۇغ قانۇنىيىتى بار ئىدى:

1) «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارچە-پارچە ھالدا بۆلۈپ نازىل قىلىنىشىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋەت يولىدىكى ئىرادىسىنى مۇستەھكەم، قەدىمىنى پۇختا قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە ناھايىتى ئېنىق ھالدا مۇنداق دېيىلگەن: ﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنى پارچە-پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا نازىل قىلدۇق﴾ (سۈرە فۇرقان 32- ئايەت).

ئەينى دەۋردىكى نادانلىق، جاھىللىق، مەنمەنلىك يامرىغان ئەرەب جەمئىيىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن ناھايىتى كۆپ ئەزىيەتلەرنى چەككەنىدى. ئۇنى يالغانغا چىقىرىش، يەكلەش ۋە ھاقارەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ مەيۈسلەندۈرەتتى. پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبىرىنى بۇ خىل غەم-قايغۇ، مەيۈسلۈكتىن خالاس قىلىپ، سەۋرگە ئۈندەش، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش، ئۇنىڭ دىنىي دەۋەت يولىدىكى ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەش، ئاللاھنىڭ ھەق دىنىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى 5 — 10 ئايەتتىن بۆلۈپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا نازىل قىلىپ تۇراتتى. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن بىز بۇ خىل مەزمۇنلى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز: ﴿ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ، (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ

ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى﴾ (سۈرە ئەنئام 33-، 34- ئايەتلەر). ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن﴾ (سۈرە ئەھقاف 35- ئايەت).

2) ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر شەيئىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ ھېكمەت بىلەن قۇرئاننى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلىشى كىشىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ چوڭقۇر مەنىلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىشى، ئەتراپلىق پىكىر قىلىشى ۋە ئەقىل ئاساسىدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى ۋە قۇرئاننى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىق ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، كىشىلەر ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ﴾ (سۈرە جۇمۇئە 2- ئايەت) مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا «قۇرئان كەرىم» بىر يولىلا تولۇق ھالدا نازىل قىلىنسا، ئۇنىڭ چوڭقۇر، ھېكمەتلىك مەنىلىرىنى ئويلاش ۋە پىكىر قىلىپ چۈشىنىش، يادلاش ئوقۇمىغان كىشىلەرگە ئەلۋەتتە ئېغىر كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلار ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغاچقا، ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ھەر بىر ئايىتى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مەھكەم ئورناشقانىدى. تابىئىنلاردىن بولغان ئەبۇ نەزرە مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ سەئىد خۇدرى بىزگە ‹قۇرئان كەرىم›دىن چۈش ۋاقتىدا بەش ئايەت، كەچتە بەش ئايەت ئۆگەتەتتى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا



قۇرئاننى بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى».

3) «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارچە-پارچە ھالدا بۆلۈپ نازىل قىلىنىشىدا، يۈز بەرگەن يېڭى ۋەقە-ھادىسىلەرگە ماسلىشىش ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ھاياتىنىڭ ھەر بىر كۆرۈنۈشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى مەقسەت قىلىنغانىدى. كىشىلەرنى زامانلاردىن بېرى ۋۇجۇدىغا سىڭگەن جاھىلىيەتنىڭ يامان ئادىتى، ئەخلاقلىرىدىن تەدرىجىي قول ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئورنىتىش، شەرىئەتتە پەرز قىلىنغان ناماز، روزا، زاكاتلارنى ئاستا-ئاستا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ تەربىيىسىدە تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشاتتى. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىرلا قېتىمدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئەڭ مەلۇملۇق بولغان ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئاز-ئازدىن، تەدرىجىي قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە نازىل قىلدى، بىز «قۇرئان كەرىم»دىكى مەزمۇنلارنىڭ نازىل قىلىنىش تەرتىپىگە قارايدىغان بولساق، «قۇرئان كەرىم» دەسلەپتە كىشىلەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتەك زور گۇناھتىن چەكلەپ، نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە مايىل قىلىش، دىننىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بولغان قىيامەت، تىرىلىش، ھېساب-كىتاب، دوزاخ، جەننەت ھەققىدىكى بايانلاردىن باشلانغان. ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئىبادەت قىسمىغا يۆتكەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ناماز پەرز قىلىنغان، ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى زاكات ۋە رامىزان روزىسى، ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى ھەج پەرز قىلىنغان. پەرۋەردىگارنىڭ ھاراقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ «بەقەرە»، «نىسا» ۋە

«مائىدە» سۈرىلىرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم نازىل قىلىنىشمۇ دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر.

4) «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلىنىشى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت ئىگىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر. «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزىدە بىر ئايەت ياكى بەش ئايەتتىن ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق نازىل بولۇپ تاماملىنىشىغا 23 يىل ۋاقىت كەتكەن. ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» تۈزۈلۈش جەھەتتىكى پۇختىلىقى، مەنا جەھەتتىكى بىردەكلىكى، ئايەتلەر ۋە سۈرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشىنىڭ چىڭپىسلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆز ئارا ماسلاشقانلىقى بىلەن ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئوخشايدۇكى، بۇ ھەق كىتابنى پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ قىلماسلىقتەك شەك-شۈبھىنى تامامەن يوق قىلىدۇ. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئېنىقكى، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت، ئوخشىمىغان دەۋرلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، كائىنات ۋە ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زور مەسىلىلەردىن ئەڭ ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مۇقەددەس كىتاب بەزىلەر گۇمانلانغاندەك ئىنسان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان «قۇرئان كەرىم»دىن پەرقلىق ھالدا، مەنە، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە باغلىنىش جەھەتتە خىلمۇخىللىق، ئۆز ئارا ماسلاشماسلىق ۋە زىتلىققا ئىگە بولغان بولاتتى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق ھالدا مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللاھدىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾ (سۈرە نىسا 82- ئايەت). ﴿ئەلىف، لام، را، بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل



بولغان، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾ (سۈرە ھۇد 1- ئايەت).

## ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرى نازىل قىلىنغان ئايەتلەر

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرى نازىل قىلىنغان ئايەتلەر مەسىلىسى كۈچلۈك نەقلى دەلىللەر ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە ئىجتىھات قىلىش ئۈچۈن ئورۇن يوقتۇر. بۇ ھەقتە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدىكى نوپۇزلۇق قاراش شۇكى، قۇرئاندىن ئەڭ ئاۋۋال نازىل قىلىنغان ئايەت «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتۇر: ﴿ ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن (1). ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى(2) . ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر (3) . ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى(4) . ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى (5)﴾. بۇنىڭغا مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرى «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا تىلغا ئېلىنغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئالدى بىلەن راست چۈشلەردىن باشلاندى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن ئايرىلىپ، يالغۇزلۇقنى خالاپ قالدى. ھىرا غارىغا بېرىپ قانچىلىگەن كېچىلەرنى ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئاندىن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئوزۇقلۇق تەييارلىۋېلىپ، يەنە كېتەتتى. بۇ تاكى ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا پەرىشتە كېلىپ: ‹ئوقۇ!› دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدى. پەرىشتە ئۇنى تۇتۇپ قاتتىق سىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چارچاپ كەتتى. پەرىشتە ئۇنى

قويۇۋېتىپ: «ئوقۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بايىقى سۆزىنى تەكرارلىدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىمدا جىبرىئىل «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى يۇقىرىقى بەش ئايەتنى ئوقۇدى». بۇ ئىشەنچلىك دەرىجىسى كۈچلۈك ھەدىس بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ دەسلەپ نازىل قىلىنغان ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «مۇددەسسىر» سۈرىسىنىڭ 1-، 2- ئايەتلىرى ۋە «فاتىھە» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان دەپ كۆرسەتكۈچلەرمۇ بار. بىراق، بۇ ئاز سانلىق ئالىملارنىڭ قارىشى بولۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ھەدىس دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىن نازىل قىلىنغان ئاخىرقى ئايەت توغرىسىدىكى قاراشلار كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك قاراش شۇكى، ئاخىرقى نازىل قىلىنغان ئايەت «مائىدە» سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتى، يەنى ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ دېگەن ئايەتتۇر. بۇ ئايەت ھىجرىيىنىڭ 10- يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9- كۈنى ئەرەفاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن چاغدا نازىل قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ 281- ئايىتىنى، شۇنداقلا جازانىخورلۇق، قەرز بېرىش-ئېلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسىنىڭ قىلمىشى ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئاخىرقى ئايەت دەپ كۆرسەتكۈچلەرمۇ بار، لېكىن بۇلار ئىشەنچلىك نەقلى دەلىللەر بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

## مەككىيە ۋە مەدەنىييە سۈرىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زور مەسئۇلىيەت، دىنىي دەۋەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەت، ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەزىيەتلەر بىلەن تولغان مۇبارەك ھاياتىنى مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم»مۇ مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەر مەككىيە سۈرىلىرى ۋە مەدەنىييە سۈرىلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سۈرىلەرنى مۇنداق بۆلۈشتە ئۇنىڭ نازىل بولغان ماكانى، ۋاقتى ۋە خىتاب قىلىنغان ئوبيېكتلىرى ئاساس قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان سۈرىلەر مەككىيە سۈرىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن كېيىن نازىل قىلىنغان سۈرىلەر مەدەنىييە سۈرىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۈرىلەرنى زامان ئېتىبارى بويىچە بۆلۈشتۇر؛ يەنە بىر خىل بۆلۈش ماكان ئېتىبارى بويىچە بۆلۈش بولۇپ، مەككىدە نازىل قىلىنغان بولسا مەككىيە سۈرىلىرى، مەدىنىدە نازىل قىلىنغان بولسا مەدەنىييە سۈرىلىرى دېيىلىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى سۈرىدە مەككە ئەھلىگە خىتاب قىلىنغان بولسا مەككىيە سۈرىلىرى، مەدىنە ئەھلىگە خىتاب قىلىنغان بولسا مەدەنىييە سۈرىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىتاب قىلىنغان ئوبيېكت ئېتىبارى بويىچە بۆلۈشتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 114 سۈرە بولۇپ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن 28 سۈرە مەدەنىييە سۈرىلىرى، 86 سۈرە مەككىيە سۈرىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، 114 سۈرىدىن 10 دەك سۈرىنىڭ مەككىيە ياكى مەدەنىييە سۈرىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا مەلۇم ئىختىلاپ بار. بەزى مەككىيە سۈرىسى ئىچىدە بەزى مەدەنىييە ئايەتلىرى بار دېگۈچىلەرمۇ بار.

«قۇرئان كەرىم»دىكى مەككىيە ۋە مەدەنىييە سۈرىلىرى مەسىلىسى ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئان ئىلمىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ساھەسىدە ئەزەلدىن ئېتىبار بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، ئۇ پەقەت زامان ياكى ماكان ئېتىبارى جەھەتتىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىب نىسابۇرى ئۆزىنىڭ «قۇرئان ئىلمىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە كۆرسەتمە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى، مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل قىلىنغان ئايەت، سۈرىلەرنىڭ

تەرتىپى، مەككىدە نازىل قىلىنغان، ئىراق ھۆكۈمى مەدەنىيە بولغان، مەدىنىدە نازىل قىلىنغان، ئىراق ھۆكمى مەككىيە بولغان، مەدىنىدە نازىل بولغان، ئىراق مەككىيەگە ئوخشايدىغان، مەككىدە نازىل قىلىنغان، ئىراق مەدەنىيەگە ئوخشايدىغان، جۇھفەدە نازىل بولغان، بەيتۇلمۇقەددەستە نازىل بولغان، تائىفتا نازىل قىلىنغان، ھۇدەيبىيەدە نازىل بولغان، كېچىدە نازىل قىلىنغان، كۈندۈزى نازىل قىلىنغان، مەككىيە سۈرىسىدىكى مەدىنىيە ئايەتلىرى، مەدىنىيە سۈرىسىدىكى مەككىيە ئايەتلىرى، ئومۇمىي رەۋىشتە نازىل قىلىنغان، تەپسىلىي رەۋىشتە نازىل قىلىنغان ئايەت ۋە سۈرىلەر قۇرئان ئىلمىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە يۈكسەك ئىلىملىرىدىندۇر. بۇلار جەمئىي 25 جەھەتتىكى مەسىلە بولۇپ، كىمكى بۇ مەسىلىلەرنى بىلمەيدىكەن، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ئۈستىدە سۆز قىلىش ھوقۇقى يوق». يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىنچىكە مەسىلىلەر تېخىمۇ تەپسىلىي شەرھىگە ۋە تەتقىقاتقا موھتاج. ئىسلام ئۆلىمالىرى مەككىيە ۋە مەدەنىيە سۈرىلىرىگە ھۆكۈم قىلىشتا، تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ھالدا ھەر بىر سۈرىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئايرىپ چىقىش ئاساسىدا، يېڭىچە ھۆكۈم ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەككىيە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق:

1) ھەر قانداق بىر سۈرىدە سەجدە تىلاۋىتى بولىدىكەن، بۇ مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

2) قايسى بىر سۈرىدە «كلا» (ھەرگىز) سۆزى تىلغا ئېلىنىدىكەن، بۇ مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىلا كەلگەن بولۇپ، 15 سۈرىدە 33 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

3) ھەر قانداق بىر سۈرىدە «ئى كىشىلەر» سۆزى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئى مۆمىنلەر» سۆزى تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، بۇ مەككىيە سۈرىسى بولىدۇ. پەقەت «ھەج» سۈرىسىنىڭ 77- ئايىتىدە:



﴿بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار﴾ دېيىلگەن بولۇپ، ئۇ يەنىلا مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

4) پەيغەمبەر-ئەنبىيالار، بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەر ھەققىدىكى قىسسە-ھادىسىلەر بايان قىلىنغان ھەر بىر سۈرە مەككىيە سۈرىسى بولىدۇ. پەقەت «بەقەرە» سۈرىسى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، يەنىلا مەدەنىيە سۈرىسىدۇر.

5) ھەر بىر سۈرىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىبلىسقا ئائىت بايانلار بولىدىكەن، ئۇ مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت «بەقەرە» سۈرىسى بۇنىڭ سىرتىدا.

6) ھەر قانداق بىر سۈرە «ئەلىف، لام، مىم، را، ھا»غا ئوخشاش ھەرپلەر بىلەن باشلانغان بولسا، ئۇ مەككىيە سۈرىسىدۇر. پەقەت «بەقەرە» ۋە «ئال ئىمران» سۈرىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلار مەدەنىيە سۈرىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن مەككىيە سۈرىلىرى بىر قەدەر قىسقا، مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، مەككىيە سۈرىلىرى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبەرلەرگە، پەرىشتىلەرگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، قىيامەتكە، قايتا تىرىلىشكە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغان ھېساب-كىتابقا، جەننەتكە ۋە دوزاخقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىشتەك ئىسلام دىنىنىڭ تەۋھىد-ئەقىدە مەسىلىلىرى، مۇشرىكلار بىلەن تولۇق پاكىت-دەلىللەر ئارقىلىق مۇنازىرىلىشىش، ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق، بوگۈنكىلەرنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا، جاھىلىيەتنىڭ يامان ئەخلاقلىرىنى تاشلاپ، ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن خۇلقلىنىشقا دەۋەت قىلىشتەك مەزمۇنلار بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەدەنىيە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەر بىر سۈرىدە ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن پەرز ۋە مۇقىم بېكىتىلگەن جىنايەت جازالىرى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ مەدەنىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

2) قايسىبىر سۈرىدە مۇناپىقلار ھەققىدىكى بايان سۆزلەنگەن بولسا، بۇ مەدەنىيە سۈرىسىدۇر. پەقەت «ئەنكەبۇت» سۈرىسى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ مەككىيە سۈرىسىدۇر.

3. ھەر بىر سۈرىدە ئەھلى كىتاب، يەنى كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار بىلەن بولغان مۇنازىرە، دەتالاشلار تىلغا ئېلىنغان بولسا، بۇ مەدەنىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن مەدەنىيە سۈرىلىرى نىسبەتەن ئۇزۇنراق. مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، مەدەنىيە سۈرىلىرى ئىبادەت، مۇئامىلە، جىنايى جازا، ئائىلە تۈزۈلمىسى، مىراس، ئىجتىمائىي ئالاقە، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق ھەر بىر مۇسۇلمان بىلىشكە ۋە ئۆز ئەمەلىي ھاياتىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدىكى مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەككىيە ۋە مەدەنىيە سۈرىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۈرلۈك ئۇسلۇبلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شۇ ئاساستا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. تەتقىقات ئاساسىنى ۋە مەزمۇنىنى كېڭەيتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھېكمەت، مۆجىزە، پۇختىلىق ۋە ئۆزگىچىلىك ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە ئىسلام دىنىغا بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقاد ۋە ئەقىدىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ.

# ئۇ سىلەرگە ئاسان قىلدى

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي دولقۇنلىرىدا نۇرغۇن خاسىيەتلىرى بىلەن جۇلالىنىپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم» تەشەببۇس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز، ئىش-ھەرىكەت، تەقرىرلىرىگە[1] سىڭدۈرۈلگەن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە رەھمەت قىلىپ، ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلماسلىقتەك ئاسانلاشتۇرۇش ۋە كەڭچىلىك قىلىش روھىي مانا شۇ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. تارىخىي رېئاللىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلام شەرىئىتى ئاسانلاشتۇرۇش، ئىنساننى ئۆز تاقىتىدىن ھالقىغان مەجبۇرىيەتكە ئەمەس، قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىش، قىيىن ئىشلارنى يۈكلىمەسلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئەرەب تىلىدىكى «يسر»، «عسر» سۆزلىرى ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىنىشى بىلەن قۇرئان-ھەدىسلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان. «يسر» «عسر»غا زىت مەنىدىكى سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى ئاسانلاشتۇرۇش، مۇشەققەتنى ئازايتىش. ئىستىلاھ مەنىسىدە ئاللاھ بەندىلىرىگە بۇيرۇغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش، قىيىنلاشتۇرماسلىق، زېرىكىشكە، ئاجىزلىققا ھەتتا بەلگىلەنگەن پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان زىيادە مۇشەققەتتىن ساقلىنىش بولۇپ، بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پۈتكۈل

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە شەرىئەت نۇقتىسىدىن دۇرۇس ئىكەنلىكى مەنىسىدە سۈكۈت قىلىشى تەقرىر دېيىلىدۇ.

تارىخىغا چوڭقۇر سىڭگەن. سەپەردىكى ئادەمنىڭ رامىزاندا ئىغىز ئېچىشى ۋە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشى، سۇ تېپىلمىغان ياكى سۇ ئىشلىتىش زىيانلىق بولغان كېسەللىك ھالىتىدە تەيەممۇم قىلىشقا، سالامەتلىكى ياربەرمىگەن ئادەمگە رامىزاندا روزا تۇتماي فىدىيە بېرىشكە رۇخسەت قىلىش مانا بۇنىڭ مىساللىرىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتى شەرىفتە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئاسانلاشتۇرۇش، قىيىنلاشتۇرماسلىق خۇسۇسىيىتى تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾ (سۈرە مائىدە 6- ئايەت).

﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴾ (سۈرە نىسا 28- ئايەت).

﴿ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى. (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى) سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى. (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)، (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار). ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى؛ قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (ئاللاھ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا تاللىدى﴾. (سۈرە ھەج 78- ئايەت)

﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 185- ئايەت)



﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار، ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ. ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبەرلىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغانىدى، كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى سورىغان ئىشلىرى بايان قىلىنىپ، ئۇلار ئەمەل قىلمىغانلىقتىن) كاپىر بولۇپ كەتتى﴾. (سۈرە مائىدە 101-، 102- ئايەت)

قۇرئاندىكى دۇئا ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرگە نەزەر سالساق، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش، قىيىنلاشتۇرماسلىقنى خالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالىمىز.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان، ئۆزى رازى بولغان مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلار) پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق) بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن) پەرۋەردىگارىمىز كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن﴾. (سۈرە بەقەرە 286- ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ، ئۆز شەرىئىتىنى مۆتىدىل ۋە ئاسان قىلغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ بەندىلەرگە ياخشىلىقنى ۋە ئاسانلىقنى خالايدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان، ئۆز قۇدرىتىدىن ھالقىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدىغانلىقىنى ناھايىتى

ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىلدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى خاھىشلىرى، شارائىت ئۆزگىرىشلىرى ۋە كېسەللىك ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى ئاللاھ ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بەندىلەر تەكلىپ قىلىنغان بارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەرگىزمۇ ئۇلارنى مۇشەققەتكە سېلىش، ئاجىزلىقىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنى بەختلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق يولىدىكى قەدەملىرىنى پۇختا قىلىش، گۈزەل پەزىلەتلەرنى سۆيىدىغان، رەزىللىكلەردىن يىرگىنىدىغان ساغلام ئىنسان تەبىئىتى يېتىلدۇرۇشنى مەخسەت قىلغان. سۈرە مائىدىدىكى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا بۇ ئايەتنى چىن مەنىسى بىلەن ئورۇنداش مۇسۇلمانلارغا ئېغىر تويۇلغان. ئۇلۇغ ساھابە سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت نازىل قىلىنغاندا مۇسۇلمانلارغا ئېغىر تويۇلدى. ئاللاھ ئىبىتقان تەقۋادارلىقنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېچىلىرى ئىبادەت قىلىپ پۇت-قوللىرىنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرى ئىششىپ، پېشانىلىرى يارا بولۇپ كەتتى. ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە رەھمەت قىلىپ، ئۇلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ، سۈرە تەغابۇندىكى: ﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ (سۈرە تەغابۇن 16- ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ بەندىلەرنى قىيىن ئىشقا بۇيرۇماسلىق، تاقىتى يەتكەن ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش روھى سىڭدۈرۈلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى ئاسانلىق دىنىدۇر. پەقەت شۇنداق قىلىشى زۆرۈر بولغاندىن باشقا ئىشلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپمۇ، كېمەيتىپمۇ كەتمەستىن توغرا ئادا قىلىڭلار. ئەگەر ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىشقا قۇربىڭلار يەتمىسە، شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن رەۋىشتە ئادا قىلىشقا



تىرىشىڭلار. كۈندۈز، زاۋالدىن كېيىن، كېچىنىڭ ئاخىرىدەك مېڭە سەگەك ۋاقىتتا داۋاملاشتۇرغان ئىبادىتىڭلار بىلەن ئاللاھتىن ياردەم سوراڭلار». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەگەر ئۇنىڭدا گۇناھ بولمىسىلا ئەڭ ئاسىنىنى تاللايتتى. ناۋادا گۇناھ بولىدىغان ئىش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئىشتىن ئەڭ يىراق ئىدى».

ئىمام بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە يەڭگىللەشتۈرۈشنى، ئاسانلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى». تەبەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە كىشىنى زېرىكىشكە ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بولغان زىيادە مۇشەققەتنى ئاسانلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى بۇ كىشىنى زېرىكىپ نەفلى ئىبادەتلەرنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشكە ياكى پەرزدىن كېيىن تۇرىدىغان نەفلى ئىبادەتنى پەرزلەرنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ». يۇقىرىقى ھەدىستە ھارام ياكى مەكرۇھ بولمىسىلا ئىشنىڭ ئاسىنىنى تاللاشقا رىغبەتلەندۈرگەن. قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاللىشى ئۆز ئىجتىھاتىغا ئاساسەن تاللاشتىن باشقا يەنە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان تاللاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلىش ياكى ئۇلاردىن جىزيە ئېلىشتىن بىرىنى تاللىغىنىدەك».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ نازىل قىلغان شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ئىشلاردا كىشىلەرنى قۇربى يېتىدىغان ئاسىنىنى تاللاشقا بۇيرۇيتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىشى كىشىلەرگە ئىمام بولغاندا نامازنى يەڭگىل ئوقۇسۇن، چۈنكى جامائەت ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، ياشانغان ۋە ئىش-كۈشى بار ئادەملەر بولىدۇ. ئۆزۈڭلار نامازنى يالغۇز ئوقۇغاندا خالىغىنىڭلارچە ئۇزۇن ئوقۇساڭلار

بولۇۋېرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرىنى كۆڭۈل خاتىرجەملىكى بىلەن ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەللەرنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بېكىتكەن پەرزلەرنى ئادا قىلىڭلار، چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنتۇپ قېلىپ ئەمەس، سىلەرگە رەھمەت قىلىپ سۈكۈت قىلغان ئىشلاردا زىغىرلاپ كەتمەڭلار». ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە بىزگە خىتاب قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەجنى پەرز قىلىپ بېكىتتى، دېدى». بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن ئۇكاشا ئىبنى مۇھسىن دېگەن كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھەر يىلىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىگەچكە، سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا: «ۋاي ساڭا، مەن تاكى ‹ھەئە›، دەپ جاۋاب بەرمىگۈچە ئىشەنمەمسەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ‹ھەئە›، دەپ جاۋاب بەرگەن بولسام، شۇنداق قىلىش پەرز بولۇپ قالاتتى، ئەگەر ئاللاھ ئۇنى پەرز قىلسا سىلەرنىڭ تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ، مەن سۈكۈت قىلغان ئىشلارنى سىلەرمۇ سورىماي قالدۇرۇپ قويۇڭلار. سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ كۆپ سوئال سورىغانلىقى، پەيغەمبەرلەر ئۈستىدە دەتالاش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان. سىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇسام، تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار. ئەگەر بىرەر ئىشتىن مەنئى قىلسام، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ئاز بولسىمۇ، تاشلىنىپ قالماي داۋاملاشقىنىدۇر».

ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئابدۇللاھ! سەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىچە ئىبادەت قىلىدىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلمىغىن، بەزى كۈنلىرى روزا تۇتۇپ، بەزى كۈنلىرى



ئاغزىڭ ئوچۇق يۈرگىن. كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلاپ، يەنە بىر قىسمىدا ئىبادەت قىلغىن. سېنىڭ بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، نەپسىڭنىڭ ھەققى بار، ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ سەندە ھەققى بار. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن، ھەر بىر ياخشىلىق ئۈچۈن ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. مانا مۇشۇ ئۆمۈر بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر»، دېدى. مەن قاتتىقلىق قىلىپ: «ياق، كۈچۈمنىڭ بارىدا شۇنداق قىلىشقا قادىرمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان روزا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈن روزا تۇتاتتى. بىر كۈنى ئېغىزى ئوچۇق يۈرەتتى. ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇر. ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلايتتى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە ئىبادەت قىلاتتى، ئاندىن يەنە ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى. ئاشۇرۇۋەتمىگىن»، دېدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشى چوڭىيىپ، تېنى ئاجىزلاپ ئىبادەت قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغاندا: «كاشكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتى بويىچە ئىش قىلغان بولسامچۇ؟» دېگەن. ئىمام زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تۇتمىغان، كۆرسەتكەن يولىدا ماڭمىغان ئادەم ئاخىرىدا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنى ئورۇنلاشتىن قۇرۇق قېلىپ پۇشايمان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈممەتكە ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەرنى ئۆگەتكۈچى ماھىر ئۇستاز ئىدى. ساھابىلىرىنى رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتتا ئارىلاپ روزا تۇتۇشقا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن باشقا كېچىلەرنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلاپ، بىر قىسمىدا ئىبادەت قىلىشقا، قۇربى يەتكەن ئادەمنى توي قىلىشقا بۇيرۇيتتى».

بارلىق فىقھى ئەھكاملىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە نەزەرىيىۋى ئاساس بولغان ئون چوڭ قائىدىنىڭ ئىككىسى — «الضرورات تبيح المحظورات» (زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىش)، «المشقة تجلب التيسير» (قىيىنچىلىق تۇغۇلغاندا

ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ). مانا شۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش، قىيىنلاشتۇرماسلىق قائىدىسىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى مەزمۇن ئېتىبارىغا ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئەسلىدىلا ئاسانلاشتۇرۇش پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەھكاملار.

2) زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ئەھكاملار.

بۇ تۈر فىقھىدە «عزيمة»گە قارشى مەنىدە «رۇخسەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى قەرز، ھاۋالە، كاپالەت ئەھكاملىرى بىرىنچى تۈردىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە بىر-بىرىدىن پايدىلىنىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئاسانلاشتۇرۇش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش مەقسەت قىلىنغان. ئالاھىدە زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بەندىلەرگە قىلىنغان رۇخسەتكە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئىسلام دىنىدا ناماز، روزىدەك ئىبادەتلەر بالاغەتكە يەتمىگەن سەبىي ۋە مەجنۇندىن ساقىت قىلىنىدۇ. ئۇنتۇپ قېلىش ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارى بولمىغان، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خاسلىقى بولغاچقا، خۇددى روزىدار ئۇنتۇپ قېلىش بىلەن بىرەر نەرسە يەپ سالسا، ئەپۇ قىلىنغىنىغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئائىت پەرزلەردە ئۇنتۇپ قالغۇچىغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئۇيقۇدىكى ئادەم ئۆز ئىرادىسى، تاللىشىنى ئىپادىلەشتىن ئاجىز، شۇڭا ئۇيقۇلۇقتا ئېيتقان سۆزلىرى، ئېلىپ-سېتىش ۋە تالاق مەسىلىلىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمدىن — سەبىيدىن ھەتتا بالاغەتكە يەتكۈچە، مەجنۇندىن ھەتتا ساراڭلىقتىن يېشىلگۈچە، ئۇيقۇدىكى ئادەمدىن ھەتتا ئويغانغۇچە قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ». يەنە شۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمگە سەۋەنلىك، ئۇنتۇپ قېلىش، مەجبۇرلىنىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى



ئۈچۈن گۇناھ يېزىلمايدۇ. شۇنىڭدەك كىشى ھوشىدىن كېتىش ھالىتىدە كەتكۈزۈپ قويغان ئىشلار، روزىدار تاھارەت ئېلىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاغزىنى چايقىغان سۇ گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىشتەك سەۋەنلىكمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ». خاتالىق يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەتكە ياتىدىغان ئىشلاردا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ، جىسمانىي جەھەتتىكى جازالاشنى (قىساسنى) كەچۈرۈم قىلىپ، ئىقتىسادىي جازا (دىيەت)نى بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾ (سۈرە نىسا 92- ئايەت). ئەمما، بەندىلەرنىڭ ھەققىگە ئائىت مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك سۈرۈشتە قىلىنىپ، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زىيىنى تۆلىتىۋېلىنىدۇ. ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغان دەرىجىدە مەجبۇرلانغان ئەھۋالدا قىلغان خاتا ئىشلارمۇ سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە كېسەلگە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن ئىبادەت ئىشلىرى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا قۇربى يەتمىگەن كېسەلنىڭ نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشى، ئەگەر ئولتۇرۇشقىمۇ قۇربى يەتمىسە، يېتىپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن ئىسلام ھەدىسلەر بايان قىلغان. سالامەتلىكى ھەقىقەتەن يار بەرمىگەن ياكى كېسەلى ئېغىرلىشىپ كېتىش ۋە سوزۇلۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەھۋالدا روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى تۇتۇشنى بايان قىلىپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ (سۈرە بەقەرە 184- ئايەت) ناماز دۇرۇس بولۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەرتلىرىنىڭ بىرى

تاھارەتتۇر. ئەسلىي تاھارەت سۇ بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ، ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىپ، ئۇلارنى پاكلاپ، نېمىتىنى مۇكەممەل قىلىش يۈزىسىدىن سۇ تېپىلمىغان ئەھۋالدا پاكى سۇ ئىشلىتىشكە ئۆزرىسى بولغان كېسەللىك ھالىتىدە تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولساڭلار) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار) ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تەرەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾ (سۈرە مائىدە 6- ئايەت). سەپەر ئۈستىدىكى مۇساپىرنىڭ تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەتكە قەسىر قىلىپ ئوقۇشىمۇ ئەنە شۇ ئىبادەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش جۈملىسىدىندۇر.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاسانلاشتۇرۇش، قىيىنلاشتۇرماسلىق ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى تولۇق رەۋىشتە ئادا قىلماسلىققا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى زېرىكىشكە، پەرزلەرنى، ئەۋزەل ئەمەللەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلالماسلىققا ئېلىپ بارىدىغان چېكىدىن ئاشقان خاھىشقا قارىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى يۇقىرىقى مەنىلەرنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ يېنىمدا ئەسەد ئايمىقىدىن بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كېلىپ: ‹بۇ ئايال كىم بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹بۇ پالانى بولىدۇ، كېچىسى ئۇخلىمايدۇ› دەپ ئۇنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: ‹بولىدى قىلغىن، سىلەر ئۆزۈڭلار زورۇقماي



قىلالايدىغان ئىبادەتلەرنى قىلىڭلار، سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ› دېدى».

ھەدىسشۇناسلار بۇ ھەدىسنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنى چاماڭلارغا يېقىپ ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر روھلۇق تۇرۇپ ئىبادەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلاردىن زېرىكىپ يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئىبادىتىڭلارنىڭ ساۋابلىرىنىمۇ كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئىبادەتتە بوشىشىپ قالغاندا ئۇلتۇرۇۋېلىڭلار، ئىبادەتتىن زېرىكىش ھېس قىلىپ ۋە بوشىشىپ تۇرۇپ قىلىۋەرسەڭلار، ئۇ چاغدا ئاللاھمۇ سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلاردىن زېرىكىپ قالىدۇ».

# تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە

ئىماننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بولغان، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەرىشتىلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدىغان تەقدىر سۆزى ئەرەب تىلىدا «القضاء والقدر» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قەزا ۋە قەدەر (تەقدىر) مەسىلىسى يەر يۈزىدە ھاياتلىق باشلىنىپ، ئىنسانىيەت سەھىپىسى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئىنسانىيەت ئەقلى دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇرەككەپ ۋە نازۇك مەسىلىدۇر. قەزا ۋە قەدەر مەسىلىسى ھىجرىيە 1- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا بەس-مۇنازىرە قوزغىغان. بەندىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى، ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقى ياكى بەندىدە شەخسىي ئىرادە خاھىش بولمىغان ھالدا پەقەت ئاللاھ پۈتكەن تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئەمەلگە يارىشا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە جازا بىلەن ئاللاھنىڭ مۇرىد (ئىرادە قىلغۇچى) ۋە ئادىللىق سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى مەركەز قىلغان، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، دىنىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. شۇنداقلا تەقدىر مەسىلىسىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەر ئايىغى چىقماس نۇرغۇن تالاش-تارتىشلارنى قوزغاپ پىرقە-مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ھەر بىر پىرقە-مەزھەپتىكىلەر قەزا ۋە قەدەر ئاتالغۇلىرىنى ئۆز پىكىرلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىسى بويىچە ئىزاھلاپ، «قۇرئان كەرىم» ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى.



ئىسلام تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ تەقدىر ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىنى قوزغىغان مۇئتەزىلىلەردىن بولغان قەدەرىيىلەر، قەدەرىيىلەرگە قارشى پىكىردىكى جەبەرىيىلەر ۋە ھەر ئىككىسىگە رەددىيە بەرگۈچى مۇتەكەللىملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تالاش-تارتىشلار بۇ نۇقتىنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ پىرقىلەر ئاللاھنىڭ قەزا ۋە قەدەرىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا رازى بولۇشتەك ئەڭ ئاساسىي ئىمانىي مەسىلىدە بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئىختىيارىي ئاساستا ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا پۈتۈلگەن تەقدىر ئاساسىدا بولىدىغانلىقى بىلەن ئەمەلگە يارىشا بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازانىڭ تەكپۇكلۇق مۇناسىۋىتىنى مەركەز قىلغانىدى. مەيلى قەدەرىيىلەر، جەبەرىيىلەر ۋە ياكى مۇتەكەللىملەر بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾، (سۈرە فۇرقان 2- ئايەت). ﴿ئېيتقىنكى، بىزگە پەقەت بىر ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر﴾ (سۈرە تەۋبە 51- ئايەت) دېگەن ئايەتلىرىگە شەكسىز ئىمان ئېيتىشاتتى. كۈننىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىشى، كېچە-كۈندۈزنىڭ، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىدەك ئاللاھ كائىناتتا بەرپا قىلغان ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى دەپ ئىمان ئېيتىشاتتى. پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسلام، ئىمان، ئېھسان توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋاب بېرىپ: «ئىمان دېگەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ۋە نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشكە، مەيلى

ياخشىلىق، يامانلىق بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر»، دېگەن ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ ئېتىراپ قىلىشاتتى.

## قەزا ۋە قەدەر (تەقدىر) ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

تەقدىر ھەققىدىكى چوڭقۇرلاشقان ئىزدىنىشلەر، قىيىن پەلسەپىۋى تۈس ئالغان مۇنازىرىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر دەۋرىدە تېخى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر ئىختىلاپىنى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى، بىرلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كەتمەسلىكى، دىنىي مەسىلىلەردە شەك-شۈبھىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ساھابىلارنى «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ۋە مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتىشقا، قەزا ۋە قەدەر مەسىلىسىدە «قۇرئان كەرىم»دىكى بايانلار بىلەن كۇپايىلىنىپ، شەك-شۈبھىگە ۋە ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىھۇدە تالاش-تارتىشلارنى قىلماسلىققا بۇيرۇيتتى.

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيب بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا چىقتى. ئۇلار قەزا ۋە قەدەر توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى قەۋمىم! سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر مانا مۇشۇنداق ئۆز پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى، نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە زىت قىلىۋېلىپ بەس-مۇنازىرە قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك بولغان، ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ بەزى ئايەتلىرى يەنە بەزىلىرىنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەزىسى بەزىسىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا نازىل قىلىنغان.



قۇرئاندىكى مەنىسى روشەن ئايەتلەرگە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىڭلار. مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئىمان ئېيتىڭلار ۋە شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىڭلار» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى قەزا ۋە قەدەر ھەققىدە تالاش- تارتىش قىلىشىۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزلىرى غەزەپتىن قىزارغان ھالدا يېنىمىزغا كېلىپ: «ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغانمۇ؟ مەن سىلەرگە مۇشۇنداق بىمەنە تالاش- تارتىش قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنمۇ؟ سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر مۇشۇ مەسىلىدە بەس-مۇنازىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولغان، سىلەرنىڭ بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلماسلىقىڭلارنى خالايمەن» دېگەن.

ئىسلام دىنى ئەرەبىستاندا روناق تېپىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن باشقا جايلارغىمۇ كەڭ تارقىلىپ، پارس، رۇم ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن، شۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ كىتابلىرى ئەرەب تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىندى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل سۈركىلىش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن يەھۇدىي، خرىستىئان پوپلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بەس-مۇنازىرىلەر نەتىجىسىدە قەزا ۋە قەدەر ھەققىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە بەس-مۇنازىرىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ مەركىزى ئىنسان ياخشى ياكى يامان بولسۇن بارلىق ئەمەللىرىنى ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بويىچە ئىختىيارىي رەۋىشتە قىلغۇچىمۇ ياكى ھېچقانداق تاللاش ئەركىنلىكى بولمىغان ھالدا مەجبۇرىي يوسۇندا پۈتۈلگەن تەقدىرنى ئىجرا قىلغۇچىمۇ؟ ئەگەر ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بويىچە تاللىغۇچى دېيىلسە، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىرادە ۋە خاھىشى بويىچە ياراتقانلىق، ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆلچەم-تەقدىر

بىكىتكەنلىك ئەقىدىسىدىكى ئىنساننىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيارىيلىقىنىڭ رولى قانچىلىك؟ ناۋادا ئىنسان پۈتۈلگەن تەقدىرنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئىجرا قىلغۇچى بولسا، كۇفرى ۋە پاسىقلىق پۈتۈلگەن ئادەمنىڭ شۇ سەۋەبلىك جازاغا ئۇچرىشى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىللىق سۈپىتىگە ماس كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئىدى.

يۇنان پەلسەپىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇئتەزىلىلەر قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قازا ۋە قەدەر ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇئتەزىلىلەر ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىگە ئوخشاش مۇرىد (ئىرادە قىلغۇچى) ۋە ئادىللىق سۈپەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ ۋە تەكىتلەپ، بۇنى ئىنسان قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا ئېرىشىدىغان مۇكاپات ۋە جازا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ: «بەندە مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە، ئۇ ئۆز ئەمەللىرىنى ياراتقۇچىدۇر» دېيىش بىلەن بەندىنىڭ ھىدايەت ياكى زالالەت يولىنى تاللىشى ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارىي ئاساسىدىكى تاللاشنىڭ نەتىجىسى بولغاندىلا، ئاخىرەتتىكى ساۋاب ۋە جازانىڭ ئاللاھنىڭ ئادىللىق سۈپىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇلار تارىختا قەدەرىيىلەر دەپ ئاتالدى. ئۇلار قۇرئاندىكى: ﴿ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى(نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر﴾ (سۈرە بەقەرە 286- ئايەت)، ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ (سۈرە نەجىم 39- ئايەت) دېگەن ئايەتلەرنى ئۆز پىكىرلىرىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بايان قىلاتتى.

جەھمە ئىبنى سەفۋاننىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈم جامائەت قەدەرىيىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، جەبەرىيىلەر دەپ ئاتالدى. ئۇلار: «ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ پۈتۈلۈپ بولغان ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە بولىدۇ،



ئىنساندا ھېچقانداق ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى يوق بولۇپ، ئۇ گويا تەقدىر شامىلى خالىغان يۆنىلىشكە ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بىر تال پەي ياكى دېڭىز دولقۇنلىرى لەيلىتىپ يۈرگەن بىر تال تاختايغا ئوخشاش ئامالسىز. يارىتىش، ئىجاد قىلىش پەقەت ئاللاھقا خاس سۈپەت بولۇپ، بەندە ھەرگىزمۇ ئۆز ئەمەللىرىنى خەلق ئەتكۈچى، يەنى ياراتقۇچى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق دېيىلسە، بۇ ئاللاھنىڭ سۈپىتىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. جەبەرىيىلەرمۇ ئۆز پىكىرلىرىنىڭ دەلىلى قىلىپ: ﴿پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللاھ خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)﴾ (سۈرە تەكۋىر 29- ئايەت) دېگەن ئايەتنى كەلتۈرۈشتى.

مۇتەكەللىملەر قەدەرىيىلەرگىمۇ، جەبەرىيىلەرگىمۇ رەددىيە بېرىپ، ئۆزلىرىگە خاس يېڭى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلىرى مۇنداق ئىدى: «بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بويىچە بولىدۇ، ئىرادە بىلەن خاھىش (مەيل) بىر مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ‹ۋۇجۇدقا كەل›، دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾ (سۈرە ياسىن 82- ئايەت). بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئىرادە ۋە قۇدرىتى ئىنچىكە ئىبارىلەر بىلەن جانلىق بايان قىلىنغان. بەندىلەرنىڭ بەزى ئەمەللىرى ئىختىيارى بولۇپ، ئەگەر بەندە ئاللاھقا ئىتائەت قىلسا، ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئاسىيلىق قىلسا جازالىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادە، قۇدرىتى ۋە ئادالىتى مەجبۇرلىماسلىقنى سۈپەت قىلغان. ئاللاھ تائالا جىمى شەيئىلەرنى، جۈملىدىن بەندىنىڭ ئەمەللىرىنى يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش بىلەن يەككە-يېگانىدۇر. بەندە بولسا كەسىپ قىلغۇچى، يەنى قولغا كەلتۈرگۈچىدۇر. ئىنساننىڭ ئەمەللىرى ئاللاھنىڭ يارىتىش ۋە ئىرادە قۇدرىتى بىلەن بەندىنىڭ قىسمەن ھالىدىكى چەكلىك كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ».

مۇتەكەللىملەر يۇقىرىقى كۆز قاراشلىرىغا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىن نۇرغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرۈشتى. مۇتەكەللىملەر بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى قەدەرىيلەر ۋە جەبەرىيلەرگە تولۇق رەددىيە بەرگەن ھېسابلىدى.

يۇقىرىقى تۆرلۈك پىرقىلەرنىڭ ئوخشىمىغان كۆزقاراشلىرىدىن شۇنى خۇلاسىلەش مۇمكىنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇرىد، قۇدرەت ۋە ئادالەت سۈپىتى بىلەن بەندىنىڭ ئەمەللىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەس-مۇنازىرىنىڭ ئاساسى ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلغان. قەزا ۋە قەدەر ھەققىدىكى بۇ تالاش-تارتىشلار ئەسىرمۇئەسىر يېڭىچە مەزمۇن، يېڭىچە شەكىل بىلەن داۋاملاشتى ۋە قەدەرىيلەر، جەبەرىيلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى، مۇتەكەللىملەرنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مۇتەكەللىملەر قەزا ۋە قەدەر سۆزلىرىگە ئوخشىمىغان لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىلىرىنى بېرىشتى. بەزىلەر: «قەزا ۋە قەدەر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان سىردۇر» دېسە، ئورۇنسىز سۆزلەپ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن قورققانلار: «قەزا ۋە قەدەر ھەققىدە زىغىرلاپ كېتىش دۇرۇس ئەمەس»، دېيىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قەدەر تىلغا ئېلىنسا سۈكۈت قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرۈشتى. يەنە بەزىلەر قەزا ۋە قەدەر سۆزلىرىنى ئايرىم چۈشەندۈرۈپ: «قەدەر پىلانلاشتۇر، قەزا بولسا ئىشقا ئاشۇرۇش، ئورۇنلاشتۇر»، دېسە، يەنە ئايرىملىرى: «قەدەر پۈتمەك، قەزا بولسا ياراتماق» مەنىسىدە دېيىشتى. بەس-مۇنازىرىلەر مانا مۇشۇ رەۋىشتە داۋاملىشىپ، ئىلگىرى چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلمىغان بۇ تېما ئىسلام ئەقىدىلىرى كىتابلىرىدا سۆزلىنىدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسىملارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. قەزا ۋە قەدەر مەسىلىسىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ ئورنىغا قويۇق پەلسەپىۋى تۈس بېرىپ پەلسەپە ئۇسلۇبىنى قوللانغان مۇئتەزىلىلەرمۇ، ئىنسانىنى



ئامالسىز ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلغان جەبەرىيلەرمۇ، ئەقىلگە مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلغان، لوگىكا ۋە پەلسەپىنى قورال قىلغان مۇتەكەللىملەرمۇ بىر تەرەپلىملىك پىكىرلىرى بىلەن كىشىنى قايىل قىلارلىق توغرا جاۋاب تاپالمىغانىدى.

تۆۋەندە بىز بۇ توغرا جاۋابنى ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ كۆزقارىشى ئاساسىدا «قۇرئان كەرىم»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىزلىرىدىن ئىزدەپ باقايلى.

## «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە «قەزا» قانداق بايان قىلىنغان؟

قەزا ۋە قەدەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كېلىشى بۇ ئىككىسىنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن باشقا ئۆزلىرىگە خاس ئىستىلاھ مەنىسى بارلىقىنى، قەزا ۋە قەدەرنى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى شۇ ئىستىلاھ مەنىسى بويىچە چۈشىنىشلا ئۇنى توغرا ئىزاھلاش بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا خالىغانچە مەنا بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

قەزا ۋە قەدەرنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى: كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى، خاھىشى بىلەن ياراتقان ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆلچەم-قانۇنىيەت بېكىتكەن. ھەر قانداق ھادىسە ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، تەقدىر قىلغان ئۆلچەم-قانۇنىيىتى بويىچە يۈز بېرىدۇ. بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ئىلمى دائىرىسىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلىي ئىلمىدىن چەتتە قالغان ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەستۇر.

قەزا سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسىگە كېلىدىغان بولساق، ئىمام ئىبنى مەنزۇر «**لسان العرب**» (ئەرەبلەرنىڭ تىلى) ناملىق قامۇسىدا قەزا سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «قەزا ھۆكۈم دېمەكتۇر، يەنى بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈم قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنغانلىقىدۇر». ئىمام قۇرتۇبى

ئۆز تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەزا بۇيرۇق، تەۋسىيە قىلىش مەنىسىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾ (سۈرە بەنى ئىسرائىل 23- ئايەت).

قەزا يەنە «يارىتىش» مەنىسىدە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى﴾ (سۈرە فۇسسىلەت 12- ئايەت).

قەزا يەنە «هۆكۈم قىلىش» مەنىسىدە بولۇپ، سۈرە «تاها»دا مۇنداق دېيىلگەن: ﴿(بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى هۆكۈم قىلساڭ شۇنى هۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ هۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ﴾ (سۈرە تاها 72- ئايەت).

قەزا يەنە «ئىرادە» مەنىسىدە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ، بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، (ۋۇجۇدقا كەل) دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾ (سۈرە ئال ئىمران 47- ئايەت).

ئۇ يەنە ۋەھيي قىلىش مەنىسىدە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كەلگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ﴾ (سۈرە قەسەس 44- ئايەت).

قەزانى تۆپ ئاساس قىلىپ تۈزلەنگەن سۆزلەر «قۇرئان كەرىم»دە 60 تەك ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان. ئىمام قۇرتۇبى بايان قىلىپ ئۆتكەن مەنىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار گەرچە تۈرلۈك شەكىللەردە كەلگەن بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ هۆكۈم قىلىش، قارار قىلىش ۋە ئورۇنلاشتەك ئورتاق بىر مەنە نۇقتىسىدا كېسىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئەمرى، يارىتىشى، ئىرادىسى بولسا هۆكۈم قىلىش ۋە ئورۇنلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.



قەزا سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، پەرز، تالاق، دىيەت، قەسەم ۋە مۇئامىلىگە ئائىت ھەدىسلەردە هۆكۈم مەنىسىدە كەلگەن. ناماز، روزا، ھەج، قەرز، سودا-سېتىقتقا ئائىت ھەدىسلەردە ۋاپا قىلىش، تاماملاش، ئورۇنلاش مەنىسىدە كەلگەن. يەنە باشقا ھەدىسلەردە تەستىقلىماق، رازى بولماق مەنىسىدە كەلگەن.

## «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە «قەدەر» قانداق بايان قىلىنغان؟

ئىمام ئىبنى مەنزۇر «**لسان العرب**» (ئەرەبلەرنىڭ تىلى) ناملىق قامۇسىدا قەدەر سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەدەر كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، شەيئىلەرنى مۇناسىپ ئورنىغا قويۇشتۇر، يەنى قەدەر قەزاغا مۇۋاپىقلاشقان هۆكۈمدۇر».

قەدەر «ئۆلچەم»، «مىقدار» مەنىسىدە بولۇپ، بۇ مەنىدە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾ (سۈرە قەمەر 49- ئايەت).

قەدەر «بەلگىلەش» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾ (سۈرە فۇرقان 39- ئايەت).

قەدەر يەنە ئاللاھنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى ئەزەلىي ئىلمىي مەنىسىنى ۋە تەقدىر قىلغان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿بىز ئۇنى ۋە خوتۇنىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى ئازابقا) قالغۇچىلاردىن قىلدۇق﴾ (سۈرە نەمل 57- ئايەت). ﴿زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاھ

تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ هالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر-بىرىگە) قوشۇلدى﴾ (سۈرە قەمەر 12- ئايەت).

ئىمام مۇسلىم «سەهىهۇل مۇسلىم» كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلغان: قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن تەقدىرنى ئىنكار قىلغان هالدا مۇنازىرىلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئۇلار دوزاخقا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە (ئۇلارغا): ‹دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار›، (دېيىلىدۇ). بىز هەقىقەتەن هەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق، بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾ (سۈرە قەمەر 48-، 49-،50- ئايەتلەر).

قەدەر سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيهىسساللامنىڭ هەدىسلىرىدىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ هەدىسلەرنى مەزمۇن ئېتىبارى بويىچە ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ پەرزلىكى هەققىدىكى هەدىسلەر بولۇپ، ئىمام مۇسلىم «سەهىهۇل مۇسلىم»نىڭ «ئىمان» بابىدا جىبرىئىل ئەلەيهىسساللامنىڭ بىر ئەرابىي سىياقىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسساللامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسلام، ئىمان، ئېهسان توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمان دېگەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەرىشتىلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشكە، مەيلى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولسۇن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ئىمان ئېيتىشتۇر».

ئىككىنچى تۈر، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلى بىلەن پۈتكەن تەقدىر ۋە ئۇنىڭ پۈتۈلگەندەك ئىشقا ئېشىشى بايان قىلىنغان هەدىسلەر. ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي ئۆزلىرىنىڭ سۈنەن ۋە ئىمام



ئەهمەد «مۇسنەد» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى: ساهابە ئۇبادە ئىبنى سابىت ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھتىن قورققىن! بىلگىنكى، تاكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغۇچە، مەيلى ياخشىلىق-يامانلىق بولسۇن، ئاللاھ پۈتكەن تەقدىر بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە، ئاللاھتىن قورققان بولمايسەن، ئەگەر بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭ، دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولاتتىڭ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسساللامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئاللاھ تائالا ئەڭ دەسلەپ قەلەمنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ‹يازغىن› دېدى، قەلەم: ‹نېمىنى يازىمەن› دېگەنىدى، ئۇنىڭغا: ‹تەقدىرنى يازغىن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەلەم تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى پۈتتى».

ئىمام غەززالى قەزا ۋە قەدەر مەسىلىسىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدەر ئومۇمىي مەنىدە، قەزا بولسا خاس مەنىدىدۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلاردا ياراتقان سەۋەبلەر قەدەردۇر. خۇددى ئوت يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ۋە كۆيدۈرۈشنىڭ سەۋەبى بولغىنىدەك، ئۇ سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان نەتىجە قەزادۇر. ئەگەر سەۋەبلەر ئۈچرىشىپ، ئۆز ئارا ماس كېلىپ نەتىجە يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭسا، بۇ قەدەر دائىرىسىدىدۇر. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە قەزادۇر». بەزىلەر بۇ هەقتە باشقىچە كۆزقاراشقا ئىگە بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرى غەززالىنىڭ پىكرىنى كۆپرەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

## تەقدىر بىلەن هۆرلۈك ئارىسىدىكى ئىنسان

ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنىغا نەزەر سالساق، پەقەت فىزىئولوگىيىلىك ئۆسۈش خۇسۇسىيىتى بولغان ئۆسۈملۈكلەردىن ھېس ۋە هەرىكەتكە ئىگە هايۋانلاردىن يۈكسەك ئەقىل-ئىدراك، مۇرەككەپ تەپەككۇر بىلەن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇرغان ئالىي ئورنىمىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا هەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئېيتىمىز. ئەهلى سۈننە ۋە

جامائە ئاللاھ تائالا پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بىلەن ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى ئارىسىدىكى ئەقىل-ئىدراكلىق ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى بىرىبىرىگە مۇناسىپ مۇنداق ئىككى دائىرە بويىچە چۈشەنگەچكە، چوڭقۇر ئىمان ۋە ساغلام ئەقىدە بىلەن كېيىنكىلەرگە ئۈرنەك بولغۇدەك توغرا مەسلەكنى بەرپا قىلالىغان. بۇ ئۇلارنى قەزا ۋە قەدەرنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن ئىستىلاھ مەنىسى، شەرىئەتنىڭ ئەسلىي روھى بويىچە چۈشەنگەن ۋە ئىزاھلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

*بىرىنچى دائىرە:* ئاللاھنىڭ ئىرادە خاھىشى بىلەن پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بويىچە يۈز بېرىدىغان، ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە ئىختىيارى تاللىشى بولمىغان ئىشلاردۇر. بۇ دائىرىدە ئىنساندا ھېچقانداق شەخسىي ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا پۈتكەن تەقدىر، بېكىتكەن قانۇنىيەتلەرگە تولۇق بويسۇنغۇچى ئورۇندا بولىدۇ. بۇ ھەممىنى يوقتىن بار قىلغان، ئۆز ئىرادە قۇدرىتى بىلەن ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆلچەم، قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكۈچى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئەزىمىتى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتىدۇر.

ئىنسان ھاياتقا ئۆز ئىرادىسى، ئىختىيارىسىز كەلگىنىدەك، بۇ دۇنيادىن ئۆز خاھىشىسىز كېتىدۇ. ئىنساننىڭ قاچان، قايسى يۇرتتا دۇنياغا كېلىشى، ئەر ياكى ئايال، ئېگىز ياكى پاكار، ئاق ياكى قارا، سەت ياكى چىرايلىق بولۇشى، قانداق مىجەز-خاراكتېرى بىلەن تۇغۇلۇشى، قاچان، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈشى، ھاياتتىكى رىزقى قاتارلىقلار پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكەن قەزا ۋە قەدەر بويىچە بولۇپ، بۇ جەھەتلەردە ئىنساندا ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ. قورسىقى ئاچسا يېيىش، ئۇسسىسا ئىچىش، ئۆگدەك باسسا ئۇخلاش، چارچىسا ئارام ئېلىشتەك فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنا بولۇش، مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، قانماس-تويغۇسىز ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئاللاھ تائالا ئادەمنى ياراتقاندا ئادەمنىڭ



ۋۇجۇدىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادە ۋە تاللىشىدىن خالىي خۇسۇسىيەتلەردۇر. لېكىن، شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، ئىنساننىڭ بۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشتا قانداق ۋاسىتىنى — ھالال ياكى ھارامنى تاللىشى ئۆز ئىلكىدىدۇر. بىرەر ئادەمنىڭ ئېگىز يەردىن چۈشۈپ كېتىپ باشقا بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى، ئوۋ ئوۋلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ خاتا كېتىپ بىرەرىگە تېگىپ ئۇنى يارىدار قىلىشى ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدەك تاسادىپىيلىقلار ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە تاللاش ئىختىيارى بولمىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن قەزادۇر. ئىنساننىڭ قەزا ۋە قەدەرگە چەكسىز ئىمان ئېيتىشى، ئۇنىڭغا رازى بولۇشى، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ خاھىشى، ھېكمىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغانلىقىغا چىن پۈتۈشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. مانا مۇشۇ مەنىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن: ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾ (سۈرە فۇرقان 2-ئايەت)؛ ﴿بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز﴾ (سۈرە ۋاقىئە 60-، 61- ئايەتلەر)؛ ﴿لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى)﴾ (سۈرە ئەنفال 42-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بەندىسىگە بىرەر يەردە ئۆلۈشنى پۈتكەن بولسا، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن شۇ يەرگە بېرىشقا ئېھتىياج تۇغدۇرىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىرىنچى دائىرىدىكى بۇ ئىشلار ئۈچۈن بەندىدىن ھېساب ئالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى

بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئىشلارنى بىلىشكە، تاللىۋېلىشقا، ئەگەر ياخشىلىق بولسا قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىق بولسا ئۇنى دەفئىي قىلىشقا قادىر ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسىبەت يەتكەن ئادەم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەرگىز ئەگەر ھېلىقىدەك قىلغان بولسام، ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيتتى ئەمەسمۇ دېمىگىن، بەلكى ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق بولۇشىنى پۈتۈپتىكەن، تەقدىر قىلغان ئىش بولدى، دېگىن. ئەگەر دېگەن سۆز كىشىنى شەيتاننىڭ يولىغا باشلايدۇ».

مانا بۇ بىرىنچى دائىرە ھەققىدىكى ساغلام ئەقىدە قەدەرىيلەرنىڭ تەقدىرنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان، ئىنساننىڭ ئىختىيارىنى تېگىشلىك بولمىغان دەرىجىدە كۆپتۈرۈۋېتىدىغان خاتا كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق قەدەرىيە فىرقىسىدىن بولغان بىر كىشىگە: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ باققىن»، دېدى. ئۇ كىشى ئوقۇپ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە، ئىمام جەئفەر ئۇنىڭغا: «سېنىڭچە بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى تەرىپىدىن بولىدىغان، تەقدىرگە، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە مەرھەمەتلەرگە ئائىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا كەلگەن ۋە تاماملانغان تۇرسا، يەنە نېمىگە ئاللاھتىن ياردەم تىلەيسەن؟» دېگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قەدەرىيلەرنىڭ كۆزقارىشىدىن بۇرۇلۇپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ھەق يولغا قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى ھەر بىر بەندىگە پەرز قىلىنغان قەزا ۋە قەدەرگە ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشنىڭ ئېسىل ئۆرنېكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىسىگە پۈتكەن تەقدىرىدىن ھەيرانمەن، ئەگەر ئۇ بەندىگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە، پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ ۋە شۈكۈر قىلىدۇ، ئەگەر بىرەر مۇسىبەت يەتسە پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ ۋە سەۋر قىلىدۇ، مۆمىن بەندە ھەممە ئىشلىرىدا مۇشۇنداق ئەجىرگە ئېرىشكۈچىدۇر».



ئىككىنچى دائىرە: ئىنساننىڭ ئىرادە، ئەركىنلىك ۋە ئىختىيارلىقىدىكى ئەمەللىرى بولۇپ، ئىنسان ئۆز خاھىشى بويىچە ئاللاھ بۇيرۇغان ھىدايەت ياكى ئاگاھلاندۇرغان گۇمراھلىق يولىنى تاللىۋالىدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمى، ھېكمىتى شۇكى، ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن قايسى يولنى تاللىشى، ئۇنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن ياكى گۇمراھلىقتا قالغۇچىلاردىن بولۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلدە مەلۇملۇق، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇشۇ مەزمۇندا سۈرە ئەنئامدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقنى ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾ (6- ئايەت). ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ (سۈرە بەقەرە 255- ئايەت).

ئىنساننى ئەقىل-ئىدراك ۋە تەپەككۇر بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن قىلغان ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادە، ئىختىيارى بىلەن قىلغان بارلىق ئەمەللىرىگە، سۆزلىرىگە مەسئۇل بولۇشىنى ۋە شۇنىڭغا لايىق مۇكاپاتلىنىدىغان ياكى جازالىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى نازىل قىلىپ، ھەق يولنى بايان قىلىپ، ئىنسانغا تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن ۋە ئىلمى ئەزەلىيسى بىلەن ئىنساننىڭ قايسى يولنى تاللىشى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلىپ، ئىنسانغا تەقدىر قىلىپ پۈتۈپ قويغان. ئىمام ئۆمەر نەسەفى «العقائد النسفية» كىتابىدا بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق

دەيدۇ: «بەندىلەرنىڭ ئىختىيارىي ئەمەللىرى بولۇپ، ئەگەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولسا ساۋاب تاپىدۇ، ئاسىيلىق قىلىش بولسا جازالىنىدۇ. جەبەرىيلەرنىڭ: ‹بەندىدە ھېچقانداق قۇدرەت، ئىختىيار، مەقسەت يوق، بەندىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ھېچقانداق رولى، قىممىتى يوق بولۇپ، جانسىز شەيئىدىن پەرقلەنمەيدۇ› دېيىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى بىلەن تىترەش ھەرىكىتىنىڭ پەرقى ئېنىق، ئالدىنقىسى ئىنساننىڭ ئىختىيارى بىلەن مەقسەتلىك قىلىنغان بولسا، تىترەش ئىنساننىڭ ئىختىيارسىز يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بەندىدە ئىختىيار ۋە تاللاش ئەركىنلىكى يوق دېيىلسە، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە يۈكلىگەن بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، چەكلىگەنلىرىدىن ساقلىنىشتەك تەكلىپىنىڭ ۋە شۇ ئاساستا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە جازانىڭ ھېچقانداق مەنىسى ۋە ھېكمىتى بولمايدۇ». بۇنداق بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾ (سۈرە قىيامەت 36- ئايەت) دېگەن ئايىتىدە ئېيتىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئادەمنى يارىتىشتىكى ھېكمىتى ۋە مەقسىتىگە نىسبەتەن مۇمكىن ئەمەستۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىككىنچى دائىرىنى تەكىتلەپ نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن.

﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى ئاللاھقا ئاساندۇر﴾ (سۈرە ھەدىد 22- ئايەت)؛ ﴿بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسمان-زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزغا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسان﴾ (سۈرە ھەج 70- ئايەت)؛ ﴿ئۇلارغا ئېيتقىنكى، (خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە



ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ﴾ (سۈرە تەۋبە 105- ئايەت)؛ ﴿ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ﴾ (سۈرە نەجم 32- ئايەت)؛ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەر ئۈچۈن ھامىي ئەمەسمەن﴾ (سۈرە يۇنۇس 108- ئايەت)؛ ﴿بىز ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان (ئىش)قىلا تەكلىپ قىلىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب (يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن نامۇئەمەل) بار، ئۇلارغا ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ (سۈرە مۆمىنۇن 62- ئايەت)؛ ﴿(ئۇنىڭغا) (خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ (يەنى كۇفرىڭ ۋە گۇمراھلىقىڭ) تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر، (دېيىلىدۇ)﴾ (سۈرە ھەج 10- ئايەت).

ئىنساننىڭ ھەق يولنى پەرق ئېتىشى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، گۇناھتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل-پاراسەت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىختىيار ئاتا قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر. بەندە بولسا «الفاعل» (قىلغۇچى) ياكى كەسىپ قىلغۇچى، يەنى قولغا كەلتۈرگۈچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھنىڭ يارىتىشىسىز ۋە مۇۋەپپەق قىلىشىسىز يالغۇز قول سېلىپ ئىشلەش بىلەن بەندىنىڭ ئىش-ئەمەللىرى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ مەزمۇندا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابى «فقه الاكبر» (بۈيۈك فىقھى)دا مۇنداق دەيدۇ: «بەندىلەرنىڭ سادىر قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ

ئىختىيارى رەۋىشتە قىلغان ئىشلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بولسا شۇ ئىش-ئەمەللەرنى ياراتقۇچىدۇر. ئىش-ھەرىكەتلەر ئاللاھنىڭ ئىلمى، خاھىشى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئىمان ۋە ئىتائەت قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ئىلمى، خاھىشى، ئەمرى، ياقتۇرۇشى، رازىلىقى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئەمما، كۇفرى ۋە ئاسىيلىق قىلىش بولسا ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ياقتۇرۇشى بىلەن بولمايدۇ، ئۇ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە تەقدىرى دائىرىسىدىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ كۇفرىلىق قىلىشىغا ھەرگىز رازى بولمايدۇ». ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدا يارىلىپ 40 كۈنگىچە ئابى مەنى ھالىتىدە تۇرىسىلەر، ئاندىن كېيىن پارچە گۆش ھالىتىگە كىرىسىلەر، ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، روھىلى پۈۋلەيدۇ ۋە بەندىنىڭ رىزقى، ئەجىلى، ئىش- ئەمەلى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز شەقى ئىكەنلىكىدەك تۆت نەرسىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان بىر ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەم جەننەت ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەلىنى قىلىپ، جەننەت بىلەن ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا، پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە دوزىخى بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىر ئادەم دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەلىنى قىلىپ، دوزاخ بىلەن ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا، پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە جەننىتى بەندە بولۇپ كېتىدۇ». بۇ ھەدىس ئۆلىمالار بىردەك ئېتىراپ قىلغان، دەرىجە جەھەتتىن ئەڭ توغرا سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئىنساننىڭ يارىتىلغان چېغىدىلا ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ھىدايەت ياكى زالالەت يولىنى تاللىشى ئاللاھ تائالاغا ئالدىنئالا مەلۇملۇقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يەنى، ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنى قىلغان ئىنساننىڭ ئاخىردا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، ئاقىۋەتتە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى، ئۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى



ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن ئالدىنئالا بىلىپ، شۇنى تەقدىر قىلىپ ئىنسانغا پۈتۈپ قويىدۇ. ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر چۈشۈنۈۋالغاندەك: «تەقدىرى پۈتۈلۈپ بولغان بۇ ئىنسان مەيلى ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، بەرىبىر پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە دوزاخقا كىرىشكە مەجبۇر» دېگەن خاتا مەنىنى ئەمەس، بەلكى مەيلى قانچە چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ھەممىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىسىدە يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ گويا رىئاللىقنىڭ قىلىپىدەك دەلمۇدەل چۈشىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە «يۇنۇس»تىكى مۇنۇ سۆزىنىڭ بۇ مەزمۇننى تەكىتلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز: ﴿سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾ (سۈرە يۇنۇس 61- ئايەت).

ئەمما، يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىككىنچى دائىرىنى ئىنكار قىلغۇچى جەبەرىيىلەر بەزى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆز كۆزقاراشلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان مەنىلەرنى بېرىپ شەرھلىگەنىدى. ھەقىقەت دېگەن ئۇنى سۆزلەش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارشىسىدىكىلەرگە رەددىيە بېرىش بىلەن تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ. تۆۋەندە ئاشۇ بىر قىسىم ئايەتلەرنى، قۇرئان، ھەدىس ۋە شەرىئەتنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، روھى بويىچە شەرھلىگەن ئەھلى سۈننە ۋەجامائەنىڭ نوپۇزلۇق تەفسىر كىتابلىرىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى.

ئاللاھ تائالا سۈرە ئەھزابتا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر﴾ (38- ئايەت). بەزىلەر بۇ ئايەتنى ئىنساننىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيارغا ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ئىمام تەبەرى بۇ خىل

قاراشقا رەددىيە بېرىپ، ئۆز تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئىبنى زەيد ھەققىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىلمى ئەزەلىسى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتى بىلەن مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، خاھىشى، تاللىشى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا سىر بولغان ئىلمىي غەيبتۇر. ئاللاھ تائالا مەجبۇرلاش بىلەن ئەمەس، ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىرادە خاھىشى بىلەن قايسى يولنى تاللىشىنى ئالدىنئالا بىلگۈچىدۇر. بەندىلەرنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى پۈتكەندەك، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى، ھىدايەت تېپىشى ياكى زالالەتتە قېلىشىنى ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن بىلىپ لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتكۈچىدۇر. ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرىدە مەجبۇرلىنىش ئەمەس، ئۆز ئىختىيارىي خاھىشى ئەكس ئەتكەچكە، ئاللاھنىڭ ئىتائەت قىلغۇچىغا جەننەت بىلەن مۇكاپات، ئاسىيلىق قىلغۇچىغا دوزاخ بىلەن جازا بەرگەنلىكى ئادالەتلىكتۇر». ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ «فقه الاكبر» كىتابىدىكى مۇنۇ سۆزلىرى يۇقىرىقى نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كۈچ-قۇۋۋەتنى گۇناھ يوللىرىغا ئىشلەتكەن بەندە شۇ كۈچ-قۇۋۋەتنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئىشلىتىشكىمۇ قادىردۇر. بەندە ئاللاھ ئاتا قىلغان ۋە تائەت-ئىبادەتكە سەرپ قىلىشقا ئەمىر قىلغان كۈچ-قۇۋۋەتنى گۇناھ، ئاسىيلىق قىلىشقا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن جازالانغۇچىدۇر».

ئاللاھ تائالا سۈرە تەكۋىردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن سىلەر خالايسىلەر، (يەنى ئاللاھ خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)﴾ (27-، 28-، 29- ئايەتلەر). جەبەرىيلەر بۇ ئايەتنى ئىنساننىڭ ئىختىيار، خاھىشقا ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى قىلىپ چۈشەندۈرگەندى. ئەمما، بۇ ئايەتنى ئوبدانراق ئوقۇپ باقساقلا:



﴿سىلەردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر﴾ ئايىتىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا خالاش ئىختىيارىنى مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى ۋە كېيىندىنلا بۇ ئىختىيارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى دائىرىسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە تەقدىر قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. جامىئۇل ئەزھەرنىڭ سابىق شەيخى ئىمام مەراغى «تەفسىرى مەراغى»دا بۇ ئايەتنى تەفسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنى قۇرئان ھەق يولنى تېپىشنى خالىغان ئادەمنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى ئۈچۈن زىكىردۇر، پەندى-نەسىھەتتۇر. ئەمما، ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن، گۇمراھلىقنى تاللىغان ئادەمگە قۇرئان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا مەجبۇرىيەتلەرگە تەكلىپ قىلغان ئىنسانغا ئۇنىڭ ھەق يولنى تېپىشى ئۈچۈن ئىختىيار قىلىش ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەرنىڭ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىشىڭلار پەقەت ئاللاھ تائالا ۋۇجۇدۇڭلاردا ياراتقان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىرادە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ئىرادە ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى ئاتا قىلمىسا، سىلەرگە تاللاش ئىختىيارلىقى نەدىن كەلسۇن».

شۇڭا ئاللاھ تائالا سۈرە «كەھف»تە ئىنسانغا خالاش ئىختىيارىنى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) (بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىندۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن، دېگىن﴾ (29-ئايەت)؛ ﴿ئى مۇسۇلمانلار! (بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى﴾ (سۈرە ئەنفال 17- ئايەت). ئەھلى سۈننە تەفسىرشۇناسلىرىدىن بولغان ئىمام بەغەۋى بۇ ئايەتنىڭ

تەفسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى سۆزلەپ: «مۆمىنلەر بەدىر غازىتىدىن يانغاندا مەن پالاننى ئۆلتۈردۈم، مەن پۇستاننى ئۆلتۈردۈم دەپ كۆز-كۆز قىلىشقاندا بۇ ئايەت نازىل قىلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى: سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرگە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەلىبە سەۋەبلىرىنى بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈردى». ئىمام شەۋكانى ئۆز تەفسىرىدە بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنى ئاللاھنىڭ سىلەرگە كۆرۈنمەس پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ، ۋەھىمە سالغانلىقىنى بىلىڭلار، ئۇلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن غەلىبە سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلتۈردۈڭلار». بۇ ئايەت قەدەرىيىلەرنىڭ بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنى ياراتقۇچىدۇر، دېگەن كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش بىلەن ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ بولسا ئىنساننىڭ بارلىق ئىختىيارىي ئەمەللىرىنىڭ مەلۇم مەقسەتكە يېتىشتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىسىز، ئۇلارغا شۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشىسىز ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىق ئومۇمىي قانۇنىيىتىدۇر. ئىنسان ئۇرۇق سېلىپ يەر تېرىيدۇ، لېكىن يامغۇر يېغىش بىلەن يەرنىڭ سۇغىرىلىشى زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھوسۇل بېرىشى بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ.

تەقدىر مەسىلىسىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى دائىرە بويىچە چۈشىنىش بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىر ئەقىدىسى بايان قىلىنغان ھەدىسلىرىنى يۈزەكى ھالدا ئەمەس، ھەدىسنىڭ ئەسلىي ئېيتىماقچى بولغان مەقسىتى بىلەن توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇزەينەدىن ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ-



تىرمىشىپ جاپا تارتىپ قىلىۋاتقان ئىش-ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ پۈتۈلۈپ بولغان ئىشلار ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈشەمدۇ ياكى كەلگۈسىدە يۈز بەرمەكچى بولغان ئىشلار ئۈچۈنمۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكى ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ، پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈندۇر»، دېدى. ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان مۇنۇ ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر: ﴿روھ بىلەن ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾ (سۈرە شەمس 7 — 9- ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز جاۋابىدا سوئال سورىغۇچىلارغا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن: بىرىنچى نۇقتىدا، تەقدىرنىڭ مۇقىم پۈتۈلۈپ كەتكەن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، ئىككىنچى نۇقتىدا، كىشىلەرنىڭ بۈگۈن قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئالدىنئالا مەلۇملۇق ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنساننى ياراتقاندا، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە نېمە ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىنى، ئۆز ئىختىيارى خاھىشى بىلەن تاللىغان يولدا مېڭىپ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئۇلۇغ ھېكمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئالغان ئايەتتە بولسا ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە ئىتائەت يولىنى كۆرسىتىپ، شۇنىڭغا مېڭىشقا بۇيرۇغانلىقىنى، يامانلىق-گۇمراھلىق يولىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن چەكلىگەنلىكى، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ ھەر بىر ئىنساننىڭ قايسى يولنى تاللىشىنى شۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئىلمىي ئەزەلىيسى بىلەن بىلىپ پۈتۈپ قويىدىغان ئادىل ھۆكمى بىلەن تەقۋادارلىق يولىدا ماڭغۇچىنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان، گۇناھ، گۇمراھلىق يولىنى تاللىغۇچىنى جازالايدىغان تەقدىرىنى ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن مەزمۇنلۇق بايان قىلغان. كىمنىڭ تائەت-ئىبادەت

بىلەن ئۆزىنى پاكلايدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى پۈتۈلگەن، كىمنىڭ گۇناھ ۋە ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆزىنى بۇلغايدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولغاچقا، ئۇنىڭغا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى پۈتۈلگەن. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئۆز ئەسەرلىرىدە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «سىلەرنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتتە ياكى دوزاختا بولۇشۇڭلار نامە-ئەمەل كىتابىڭلارغا يېزىلىپ بولغاندۇر»، دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق بولسا يېزىلغان نام-ئەمەلىمىزگە ئاساسلىنىپ، ئىشلىمەي يۈرۈۋەرسەك بولمامدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئىشلەڭلار، ھەر بىر بەندىگە تەقدىر قىلىپ پۈتۈلگەن يولى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كىمكى سائادەتمەن جەننەت ئەھلىدىن بولىدىكەن، ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، كىمكى بەختسىز شەقى بولىدىكەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنى قىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ»، دېدى. ئاندىن كېيىن ﴿(پۇل-مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾ (سۈرە «لەيل» 5 — 10- ئايەتلەر) ئايىتىنى ئوقۇدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بەندىلەرنىڭ سائادەتمەن ياكى بەختسىز بولۇشى پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئىش-ئەمەلنىڭ نېمە ھاجىتى، ھېچ ئىش قىلمىساقمۇ ھەربىرىمىز ئۆز پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىنى كۆرمەيمىزمۇ؟ دەپ خاتا چۈشەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىنسانىنىڭ ئىبادەت قىلىش، ئىشلەش، ئىجتىھات قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى، كىمكى جەننەت ئەھلىدىن بولۇش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىپ ئىشلىسە، ئاللاھنىڭ ئۇ يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، ئاللاھنى، قىيامەت



كۆلىنى ئۇنتۇغان كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيار خاھىشى بىلەن ھېچقانداق مەجبۇرلانمىغان ھالدا ئاسىيلىق يولىنى تاللايدىغانلىقىنى، ئالدىنقى كىشىنىڭ تائەت-ئىبادەت يولىنى تاللايدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولۇپ، ئۇ كىشىگە بۇ يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، ئىككىنچى كىشىنىڭ ئاسىيلىق قىلىش يولىنى تاللىشى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولۇپ، بۇمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايىتىنى بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

ئىمام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر كىشى تەقدىر توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى بايان قىلىپ سوئال سورىغاندا، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ: «ۋاي ساڭا، ئەگەر سەن قەزا ۋە قەدەرنى كىشىنىڭ ئىختىيار خاھىشى بولمىغان مەجبۇرلاش دەپ چۈشەنگەن بولساڭ، مۆمىنلەرگە بېرىلىدىغان ساۋاب، ئاسىيلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ھېچقانداق ھېكمىتى ۋە مەنىسى بولمىغان بولاتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام ئەبۇ داۋۇد «سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد» كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى دەيلەمى مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆمەر ئىبنى كەئبنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆڭلۈمدە تەقدىر ھەققىدە ئازراق مۇجمەللىك بار»، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھنىڭ كۆڭلۈمدىكى مۇجمەللىكنى تۈگىتىشىنى ئۈمىد قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى ئازابلاشنى خالىسا، خالىغىنىنى قىلغان ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچى بولمىغان بولاتتى، ئەگەر رەھىم قىلىشنى خالىسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇلارغا جىمى ياخشى ئەمەللىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. ئەگەر ئاللاھ يولىدا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلساڭمۇ تاكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ. پېشانەڭگە پۈتۈلگەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئاللاھ ساڭا ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىر ئۇقى ھەر قانچە قىلساڭمۇ ساڭا تەگمەيدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن بولساڭ، دوزاختا

كىرەتتىڭ». شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدىم، ئۇ ئوخشاش جاۋابنى بەردى. ئاندىن ھۇزەيفە ئىبنى يەمانغا كېلىپ سورىسام، ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئاندىن زەيد ئىبنى سابىتقا كەلسەم، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىمام تىرمىزىي «سۈنەنى تىرمىزىي»دا رىۋايەت قىلىدۇكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە مەيلى ياخشىلىق ياكى يامانلىق بولسۇن، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغىنىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىشتىن ھەر قانچە قېلىپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىغا، ئاللاھ ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىر ئوقىنىڭ ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەگمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ». بۇ مەنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بار: «بىلگىنكى، ئەگەر پۈتۈن خەلق ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانسىمۇ، ئاللاھ تەقدىرىڭدە پۈتكەن پايدىدىن باشقىسى تەگمەيدۇ، ناۋادا پۈتۈن خەلق ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرلەشسىمۇ، ئاللاھ پېشانەڭگە پۈتكەندىن باشقىنى قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئىنساننىڭ نام-ئەمەل كىتابى ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ، يېپىلىپ بولىدى». بۇ ھەدىسلەر بەزىلەر چۈشىنىۋالغاندەك مەجبۇرلاش مەنىسىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىسى بىلەن ئىنساننىڭ ئىختىيارى ھالدا قانداق ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇلارنى ئالدىن تەقدىر قىلىپ ئىنسانغا پۈتۈپ قويغانلىقىنى بۇ ھەدىسلەردىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

تەقدىر بىلەن دۇئانىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بەزى كىشىلەرگە مۈجمەل بولغان ۋە توغرا چۈشىنىش زۆرۈر بولغان تەقدىر ئەقىدىسىدىكى مۇھىم مەزمۇندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەزانى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ، دۇئا قەزا بىلەن ئۇچرىشىدۇ-دە، ئىككىسى



تاكى قىيامەتكىچە ئۆز ئارا ئېلىشىدۇ». ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «دۇئا — ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاچقان پەزلى-كەرەم ۋە رەھمەت دەرۋازىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ لۇتفىدۇر، يەنى مەرھەمىتىدۇر، ھۆكۈم قىلىنغان تەقدىر ئوقى ئەمەلگە ئېشىش دائىرىسىگە كىرىپ، نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقاندا دۇئا ئۇنىڭ يولىنى توساپ قويىدۇ-دە، تەقدىر ئوقىنىڭ كۆزلىگەن نىشانغا تېگىشىنى ئاستىلىتىدۇ ياكى نىشانغا بوشراق تەگكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار: ‹پەرۋەردىگارىمىز، سەندىن پۈتۈلگەن قەزانى قايتۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق ۋە يۇمشاقلىقنى سورايمىز› دەپ دۇئا قىلىدۇ».

## تەقدىر يولىدا تەدبىر

تەقدىر مەسىلىسىنى چۈشىنىشتە نۇرغۇن خاتا كۆز قاراش ۋە خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىققان. تەقدىر ئەقىدىسىدە قەدەرىيلەر ۋە جەبەرىيلەرنىڭ خاتا كۆز قارىشىنى ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھلى سۈننە ۋە جامائە ئەقىدىسىدىكى ئىككى دائىرە ئاساسىدا چۈشىنىشنى تەقدىر ئەقىدىمىزنىڭ مىزانى قىلىشىمىز كېرەك. ھەممە ئىشنى تەقدىردىن كۆرۈش، ھۇرۇنلۇق، ئىرادىسىزلىكتەك ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ تەقدىرگە ئارتىش، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەۋەب قىلماي، تىرىشماي، بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش، چارە-تەدبىر قىلماي، «ئۆزۈمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ يېتىشتەك ئىسلام دىنى روھىغا يات بولغان بۇنداق ناچار خاھىشلارنى بىز تارىختىلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەتراپىمىزدا ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش بىلەن كۆرۈپ تۇرىمىز.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە بىر ئوغرىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«نېمىشقا ئوغرىلىق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغانىكەن، ئوغرى: «ئاللاھ تائالا پېشانەمگە شۇنداق قىلىشىمنى پۈتۈپتىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ يەنە دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئەتراپتىكىلەر ئەجەبلىنىپ: «قولىنى كېسىشقۇ ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن، يەنە نېمىشقا دەررە بىلەن ئۇرىدۇ؟» دېيىشىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «قولىنى كېسىش ئوغرىلىق قىلغانلىقى، دەررە بولسا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلىقى ئۈچۈن» دەپتۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەدىنىدىن شامغا يۈرۈش قىلىپ سەرىغ دېگەن جايغا كەلگەندە شامدا ۋابا تارقالغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ شامغا كىرىش ياكى كەينىگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قايتىپ كېتىش قارار قىلىپتۇ. ساھابىلاردىن ئەبۇ ئۇبەيدە جەرراھ: «ئى ئۆمەر! ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرىدىن قاچامسەن؟» دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مۇشۇ گەپنى سەندىن باشقا بىرسى دېسە ئەجەبلەنمەس ئىدىم. شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز. ئەگەر بىر كىشى دەريا ۋادىسىغا بارسا، دەريانىڭ بىر تەرىپى ئوتلاق، يەنە بىر تەرىپى گىياھ ئۈنمەس قاقاس يەر بولسا، ئوتلاقتا پادىلىرىنى باققان كىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن، قاقاس يەردە پادىلىرىنى باققان كىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ساھابە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋابا تارقالغان جاي ھەققىدە ئېيتقان: «ئەگەر ۋابا تارقالغان جايدا بولساڭلار، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار، ئەگەر باشقا يەردە بولساڭلار ۋابا تارقالغان جايغا بارماڭلار» دېگەن ھەدىسىنى يەتكۈزگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى خۇش بولغان. ھەدىستە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ توغرا تەقدىر ئەقىدىسى بىلەن ھەممە خىل ھالەتنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈم قىلغان، ئىلمى ئەزەلىدە مەلۇملۇق



بولغان تەقدىرى ئىكەنلىكىنى، ۋابا كېسىلىگە دۇچ كېلىشتەك تەقدىر ئالدىدا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەدبىر قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى، پادىلىرىنى قاقاس يەردىن ئوتلاققا يۆتكىگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بىر خىل تەقدىرىدىن يەنە بىر خىل تەقدىرىگە يۆتكىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋابادىن ھەزەر ئەيلەپ شامغا كىرمىگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ (سۈرە بەقەرە 195- ئايەت) ئايىتىنىڭ رېئاللىقتا جانلىق تەدبىقلىنىشى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشلىرىدا سەۋەب-تەدبىر قىلاتتى. جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى قوشۇنلارنى پۇختا تەييارلىق قىلدۇراتتى. قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتەتتى. شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولىتىپ ئوقياچىلارنى جايلاشتۇراتتى. ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىپ جەڭگە كىرەتتى. يىراق جايلارغا سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى، ھەمراھلىرىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئالدىنئالا تەييارلىتاتتى. ئۆيىدىكىلەرگە تاكى قايتىپ كەلگۈچە يەتكۈدەك يېمەك-ئىچمەك جايلاپ بېرەتتى. ھەرگىزمۇ تەقدىرنى بانا قىلىپ، ئاسماندىن رىزىق چۈشۈشنى ساقلاپ ئولتۇرمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندا، ساقىيىش ئۈچۈن داۋا قىلاتتى ھەم ساھابىلىرىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى؛ «ئاللاھ تائالا ھەر قانداق كېسەلنى داۋاسى بىلەن قوشۇپ ياراتقان» دېگەن ھەدىسنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھەر نەرسە تەقدىر بىلەن بولسا، كېسەلگە داۋا قىلىشنىڭ نېمە لازىمى؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېسەلگە داۋا قىلماقمۇ تەقدىردىندۇر، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن داۋا پايدا قىلىپ كېسەل شىپالىق تاپىدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

تەقدىرگە شەكسىز ئىمان ئېيتىش، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش، شۇ جۈملىدىن ھەر قانداق ئىشنى تىرىشىپ

ئىشلەپ چارە-ئامال قىلىش، سەۋەب قىلىپمۇ ئالدىنى ئالالمىغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش، غەيىب مەسىلىلەردە شەك-شۈبھىگە، ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىھۇدە زىغىرلاشتىن ساقلىنىش ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ تەقدىر مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بارلىق ئەقىدە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدا تۇتقان يولى ئىدى. شۇنداقلا بىزنىڭ ئۆلگە قىلىشىمىزغا، ئىزىنى بېسىشىمىزغا ئەرزىگۈدەك ئېسىل ئۈرنەك ئىدى. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر بىر كارتىنىلىرىدا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز مۆجىزىدار كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ، ئىنساننى پەرۋەردىگارى بىلەن مەھكەم باغلاپ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كائىناتتىكى ماس بىرلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىنسانغا سەۋر، ئۈمىد ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ.

## ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش جۈملىسىدىندۇر

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مەنىسى ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھقا يۆلىنىشى، ئاللاھنىڭ ئىلمىگە، قۇدرىتىگە، ئەمەلىگە يارىشا بېرىدىغان ساۋاب ۋە جازاغا ئىمان ئېيتقان ھالدا ئۆز ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھتىن باشقا ياردەمچى يوق، گۇناھ، ئاسىيلىق قىلىشتىن ئاللاھتىن باشقا ساقلىغۇچى يوق» دېگەن ھەدىسىنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنىڭ ئىخچام خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ، شۇنداقلا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەندىلەرنى ھەممە ئىشلىرىدا بىر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلغان. ﴿ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم



بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەمنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)﴾ (سۈرە ئال ئىمران 160- ئايەت)؛ ﴿سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن (يەنى كەچۈرگىن)، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، (تەۋەككۇل قىلغۇچىغا) ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر﴾ (سۈرە نىسا 81- ئايەت)؛ ﴿ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ (سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەت). ﴿مۇسا: «ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھقا بويسۇنغان بولساڭلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا يۆلىنىڭلار) دېدى﴾ (سۈرە يۇنۇس 84- ئايەت).

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك ئىشلاردا ھېچقانداق سەۋەب، تەدبىر قىلماي قارامىلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ ئىشلەش، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە چارە-ئامال قىلغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەجىر قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى زايا كەتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئاللاھقا يۆلىنىش ۋە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. شەيخ مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش قەلبكە خاس سۈپەتتۇر، بەدەننىڭ سۈپىتى ئەمەستۇر. بەدەنگە بولسا ئىجتىھات قىلىش، ئىشلەش پەرز قىلىنغان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بولسا چارە-ئامال قىلىش، تىرىشىپ ئىشلەشكە كىرىشكەندىن كېيىن ئاللاھقا يۆلىنىش ۋە ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن بەندە قەلبى بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، بەدىنى بولسا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چارە-تەدبىر ئىزلەپ ئىشلەيدۇ. تەۋەككۇلنىڭ ھەقىقىتى

شۇكى، سىنىڭ بەدىنىڭ ئىشلەپ چارچايدۇ، قەلبىڭ بولسا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن ئارام تاپىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بىر كىشى تۆگىسىنى باغلىماستىن قويۇۋەتتى ۋە «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئاۋۋال تۆگىنى باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل»، دېدى. شۇڭا تەدبىر قىلماي، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش خاتادۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئىنساننى ئىجتىھات قىلىشقا، ئىشلەشكە دەۋەت قىلغۇچى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾ (سۈرە جۇمۇئە 10- ئايەت). ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى رولى ناھايىتى زور. ئىسلام تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا پىداكارانە روھىي بىلەن تارىخ بېتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يازغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلىرى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش غۇۋا كۆزلەرنى روشەنلەشتۈرگۈچى نۇرلۇق ماياكقا ئوخشاش ئىنسانغا پۈتمەس كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىدىن بىرىدۇر. مەيلى ياخشىلىق، يامانلىق بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئالتىنچى تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى بولغاچقا، بەندە تاكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىغۇچە تولۇق ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. شۇڭا تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. تەقدىر ئەقىدىسىدىكى ھەر قانداق خاتا كۆز قاراش ئىنساننى بەختسىزلىك



ۋە گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ. گەرچە جەبەرىيلەر پىرقىسى ھىجرىيە 4- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان، قەدەرىيلەرمۇ پەيدىنپەي يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قالدۇق تەسىرى يەنىلا كىشىلەر ئېڭىدىن يوقالغىنى يوق. بەزىلەر قەدەرىيە ۋە جەبەرىيەلەرنىڭ تەقدىر ئەقىدىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە شۇ ئاساستىكى ئەمەلىيىتىگە قاراپلا ئىسلام تارىخىنىڭ مەلۇم دەۋرىدىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى تەقدىر ئەقىدىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ بەتلىرىدە قالدۇرغان، دۇنيانى تاڭ قالدۇرغان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنىڭ دەل شۇ ساغلام بولغان تەقدىر ئەقىدىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى بۇنداق خاتا كۆزقاراشنى ئىنكار قىلىدۇ.

تەقدىر ئەقىدىسىنى ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ كۆزقارىشى ئاساسىدا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىزنى ساغلام ئەقىدە بىلەن ئىسلام تارىخىي سەھىپىلىرىدە نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇرۇشقا ئاساس ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ توغرا مەسىلەك مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھنىڭ ئۆز ئىرادە ۋە خاھىشى بويىچە ياراتقان ۋە ئۇلارغا ئۆز ھېكمىتى بىلەن مۇناسىپ ئۆلچەم، قانۇنىيەت بېكىتكەنلىكىگە، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش زۆرۈردۇر. مانا بۇ خىل ئەقىدە بىزنى قەدەرىيلەرنىڭ ئىنساننى مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە قىلىپ، تەقدىرنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن خالىي قىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئەقىدە بىلەن ئىنساننىڭ قايسى زامان، قايسى ماكاندا تۇغۇلۇش، چىراي-شەكىل، مىجەز-خۇلق، قاچان، قەيەردە، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈشتەك بىزنىڭ ھېچقانداق ئىرادە ۋە ئىختىيارىمىز بولمىغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ مەلۇم ھېكمەت ۋە مەقسەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىرىغا رازىمەنلىك بىلەن شۈكۈر قىلىمىز ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىمىز.

2) ئاللاھ تائالانىڭ غەيبنى بىلگۈچى ئىكەنلىكى، ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئىلمى ئەزەلىي دائىرىسىدىن چەتتە قالىدىغان ھېچ نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە، شۇ جۈملىدىن ئاللاھنىڭ ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە ئىختىيارى بىلەن قانداق ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئاللاھقا مەلۇملۇق، لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىقلىق ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ مەجبۇرلىغۇچى ئەمەس، ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ئەمەللىرىنى ئىلمى ئەزەلى بىلەن ئالدىنئالا بىلىپ تەقدىر قىلىپ پۈتۈپ قويغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش زۆرۈردۇر.

تەكىتلىنىش تېخىمۇ زۆرۈر بولغان بۇ ئەقىدە بىزنى تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە چارە-ئامال قىلىشقا، تىرىشىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. بىزنى جەبرىيلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئۆز ئەيىب-نۇقسانلىرىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش، ھەممە ئىشتا ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقنى دەفئىي قىلىش ئۈچۈن سەۋەب قىلماستىن، بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتەك ئىسلام دىنى روھىغا يات، تەقدىر ئەقىدىسىگە زىت بولغان پاسسىپ ئىدىيەلەرنى روھىمىزدىن چىقىرىپ تاشلاشقا تۈرتكە بولىدۇ، چۈنكى تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ھەرگىزمۇ ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چارە-تەدبىر ئىشلىتىپ تىرىشىپ ئىشلەشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەكسىچە ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى بەرپا قىلغان قانۇنىيىتى، ئادەمنى يارىتىشتىكى مەقسىتى بىزدىن سەۋەب قىلىش، تىرىشىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قانداق ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىشىنى تاكى شۇ ئىش يۈز بەرمىگۈچە بىلمەيدۇ. بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ غەيب ئىلمى دائىرىسىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت، ئىختىيار ۋە شارائىتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چارە-ئامال قىلىپ تىرىشىپ ئىشلىشى تەقدىرگە ئىمان



ئېيتىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىنساننىڭ چارە-ئامال قىلىپمۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە: «مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ئىجتىھات، چارە-ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم، ئاللاھنىڭ پۈتكىنى بولدى، ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر»، دېيىشى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش ۋە تەن بېرىشتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسان تەسەللى تېپىپ ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇ مەزمۇننى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىدۇ.

﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى ئاللاھقا ئاساندۇر، (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ (سۈرە ھەدىد 22-، 23- ئايەتلەر).

ئىسلام ئالىملىرىدىن مۇھەممەد غەززالى «عقيدة المسلم» (مۇسۇلمانىنىڭ ئەقىدىسى) ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «دېھقان ئېتىزغا ئۇرۇق تېرىيدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ. ئەمما، يامغۇر يېغىپ زىرائەتنى سۇغىرىش، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى، ھوسۇل بېرىشى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىزنى بىلەن بولىدۇ. بىز ئاللاھنى زىرائەتنى ئۆستۈرۈپ بەرگۈچى دەيمىز. چۈنكى ئۇرۇقنى ياراتقۇچى، زىرائەتنى ئۆستۈرۈپ ھوسۇلغا ئىگە قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. شۇنداقلا دېھقاننىمۇ تېرىغۇچى دەيمىز. چۈنكى، دېھقان زىرائەت ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق تاللاش، ئۇرۇق سېلىش، پەرۋىش قىلىشتەك سەۋەبلەرنى قىلدى. ئىنسان ھاياتتىكى ئەمەللىرى بىلەن گويا ئېتىزغا ئۇرۇق سېلىۋاتقان دېھقانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر خالىساڭ ھايات ئېتىزىڭغا ياخشىلىقنى تېرىغىن، ئاللاھ تائالا ئىرادە، قۇدرىتى ۋە ئادىل ھۆكمى بىلەن ساڭا ساۋاب، ئەجىرىڭنىڭ گۈلدەستىسىنى بېرىدۇ. ئەگەر خالىساڭ يامانلىقنى تېرىغىن، ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا بېرىدىغىنى تىكەنلىك بولىدۇ».

# ئىمان ۋە ئەمەل

ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا تۇتىشىدۇ. شۇنداقلا روھىيەتنى، ھەم رېئال مەۋجۇدىيەتنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ دىن ئىنساننىڭ بىلىشى ۋە ئىشىنىشى زۆرۈر بولغان ئەقىدە قىسمى بىلەن ئىبادەت، ئەخلاق، تۈزۈم، مۇئامىلىدەك شەرىئەت قىسمىنىڭ بىرىكمىسى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا چىققان. بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئۆلچىمى سۈپىتىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىمان بولسا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان ئەقىدە قىسمى بولۇپ، يەنە ئېتىقاد، ئەقىدە سۆزلىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئەرەبچىدىن كىرگەن ئىمان سۆزى تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا «ئىشىنىش»، «تەستىقلاش» مەنىسىدە بولۇپ، دىنىي ئاتالغۇ جەھەتتىن ئاللاھنىڭ بىرلىكى، زاتى-سۈپەتلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان گوياكى بىر ئۇل تاش بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قالغان ئەھكام-ئەركانلىرى مۇشۇ ئۇل-ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. بەندىنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان ئىماننىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر ئۇ تۈزەلسە ھەممە ئىشلىرى تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، بارلىق ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يۈرەكتۇر»، دېگەن ھەدىسىدىكى يۈرەك دەل ئىماننىڭ تىمسالىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىمان سۆزى ناھايىتى كۆپ تىلغا



ئېلىنغان بولۇپ، ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا سۈرە نىسادا ئىماننىڭ ئەركانلىرىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار، كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ (136- ئايەت).

جىبرىئىل ھەققىدىكى مەشھۇر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەئرابى سىياقىدا كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام، ئىمان، ئېھسان ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، ئىماننىڭ يۇقىرىدىكى بەش بۆلىكىگە قوشۇپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشنى تىلغا ئالغان. مانا بۇ ئالتە نۇقتا ئاللاھ بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى بولۇپ، بۇلار ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلغان. بەندە پەقەت بۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتمەي، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن رەۋىشتە ھەممىسىگە تولۇق ئىشەنگەندىلا ئاندىن ئىمانى كامىل ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش بولسا كىشىنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىپ كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىمان مەسىلىسى بەندىنى ئىسلام ياكى كۇپۇرلۇققا ھۆكۈم قىلىۋېتىدىغان نېگىزلىك مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىماننىڭ مەزمۇنلىرىنى ئومۇمىي رەۋىشتە بىلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەتبىقلىشى پەرز ئەين ھېسابلىنىدۇ.

## ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى (ئەركانلىرى)

1. ئاللاھنىڭ بىرلىكى، زاتى-سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان-زېمىندىكى جىمىي نەرسىنى يوقتىن

بار قىلغۇچى، ياراتقۇچى ئىگە ئىكەنلىكى، بەندىنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ھەمدۇسانا، دۇئايى-ئىلتىجا بىلەن ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان، بارلىق كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچى، بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك، ھەممىگە قادىر يەككە-يېگانە زات ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشتۇر. مانا بۇ تەۋھىيد ئۇلۇھىييە، تەۋھىيد رۇبۇبىييە ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىيدتىن ئىبارەت تەۋھىيدنىڭ ئۈچ قىسمىنىڭ ئىخچام مەزمۇنىدۇر. بۇ نۇقتا ئىماننىڭ جېنى-روھى بولۇپ، قالغان بەش بۆلەك مۇشۇ ئاساستا بىنا قىلىنغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رەۋىشتە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش تەكىتلەنگەن ئايەتلەر قۇرئاندىكى ھەر بىر سۈرە، ھەر بىر بەتتە ئۇچراپ تۇرىدۇ، تۆۋەندىكى ئايەت ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان) كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسىسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ، ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾ (سۈرە بەقەرە 255- ئايەت).

2. پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش. بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نۇردىن ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئىكەنلىكى، ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش، تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا، ئاللاھ بۇيرۇغان بەزى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، يېيىش-ئىچىش، شەھۋەتتىن



خالىي، ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى ئىكەنلىكىگە قەتئىي رەۋىشتە ئىشىنىشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە غافىردا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ. مۆمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ، (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!﴾ (7- ئايەت)

پەرىشتىلەر ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن يۇقىرىقى سۈپەتلەر، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، قانىتى بارلىقى، ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرەلەيدىغان، مۆمىنلەرنى توغرا يولغا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە ۋەھيى يەتكۈزۈش، بەندىنىڭ نامە-ئەمەللىرىنى يېزىش، جەننەت ۋە دوزاختا مۇئەككەللىك قىلىشتەك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىلىش كۇپايە، ئەمما پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىتى، ئۇلارنى قانداق ياراتقانلىقى، تەپسىلىي ئەھۋالى بىر ئاللاھقا مەلۇم بولغان ئىلمى غەيبتۇر.

3. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر ئۈممەتنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سانى پەقەت بىر ئاللاھقىلا مەلۇم بولۇپ، ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېخىمۇ تەپسىلىي ھالدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئۈممىتىنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان گۈزەل ئەخلاقلىق، ئاللاھ ئۇلارغا خاس قىلغان مۆجىزىلەرگە ئىگە، چوڭ گۇناھلاردىن پاك، ئاللاھنىڭ تاللىغان بەندىلىرى ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر 25 بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىمان ئېيتىش زۆرۈر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سۈرە غافىردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار﴾ (78- ئايەت)

4. ئاللاھ تائالانىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋمىنى ھىدايەت قىلىشى ئۈچۈن كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇلاردىن ئېنىق تىلغا ئېلىنغانلىرى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىنجىل»، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا «زەبۇر»، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۇھۇفلار (پارچىلار). ئىماننىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى يۇقىرىقى كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ كىتابلار ئەسلىدە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئىتائەت قىلىشنى ئورتاق مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقىسى ئىنسانلارنىڭ قول تەگكۈزۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتقان. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾ (سۈرە ھىجىر 9- ئايەت) ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى قۇرئان غالىب كىتابتۇر، ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾ دېگەن ۋەدىسى بويىچە، قۇرئاننىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق نازىل قىلىنغان بولسا، تا قىيامەتكىچە شۇ خىل ھالەتتە



ساقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئادا قىلىش، مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش. بۇ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك، ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى ئەمەسلىكى، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتى بەرزەخيىيە (قەبرە ھاياتى)، قەبرە ئازابى ۋە نېئمەتلىرى، قىيامەت كۈنىدىكى قايتا تىرىلىش، ئەمەللەردىن بېرىلىدىغان ھېساب-كىتاب، جەننەت ۋە دوزاختىن ئىبارەت ئاخىرەتتە ئىنسان ئۈچۈن تەييارلانغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ (سۈرە بەقەرە 281- ئايەت) ئاخىرەتكە بولغان ئىمان ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۆزگىچە مۇكەممەل قارىشىنى ئەڭ يارقىن رەۋىشتە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ روھىي ھاياتىنى قۇياشتەك يورۇتۇپ، پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىش ئىشتىياقى ۋە قورقۇنچى بىلەن ئەمەللىرىنى تۈزەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

6. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش. بۇ كائىناتتىكى ھەر بىر ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىنسان ھاياتىدا دۇچ كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر. تەقدىر ھەققىدىكى توغرا ئەقىدە پەرۋەردىگارنىڭ ھېكمەت-ئەزىمىتىنى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمى ئەزەلىسىنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن يەنە ئىنسانىنى ھەممە ئىشقا سەۋەب قىلىش، تەدبىر بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

## ئىماننىڭ كۆچىيىدىغانلىقى ۋە ئاجىزلىشىدىغانلىقى

ئىمان بولسا بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى بولۇپ، ئىمانسىز هالدا قىلىنغان تاغدەك ياخشى ئەمەللەرنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىر تىيىنلىق ساۋاب-ئەجرى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىماننىڭ زىيادە بولۇش ۋە ئاجىزلىشىپ كېتىش مۇمكىنلىكى ھەققىدە بىر قاتار ئايەتلەرنى بايان قىلغان.

﴿پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر﴾ (سۈرە ئەنفال 2- ئايەت). ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمىكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ بىرەر ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن توسسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن توسسۇن. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قۇربى يەتمىسە دىلى بىلەن ئىنكار قىلىپ قارشى تۇرسۇن، ئەنە شۇ بولسا ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر». مانا بۇلارغا ئاساسەن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىلىم، ياخشى ئەمەل، ئاللاھنى زىكىر قىلىپ تائەت-ئىبادەت قىلىشنىڭ بەندىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپ مۇستەھكەملەيدىغانلىقى، يامان ئەمەللەر ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قېلىشنىڭ ئىمانىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان سەۋەبلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا يەنە قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئەڭ ئوبدان چۈشەنگۈچى ساھابىلەر ۋە تابىئىيلارنىڭ سۆز-ئەمەللىرىدىن مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دائىم ساھابىلارغا: «كېلىڭلار، ئاللاھنى زىكىر قىلىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن ئىمانىمىزنى كۈچەيتەيلى»، دەيتتى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۇمەير ئىبنى ھەبىب «ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ»، دېگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «ئۇنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇمەير: «ئەگەر ئاللاھنى زىكىر قىلساق، ئاللاھقا ھەمدۇسانا، تەسبىھ ئېيتساق بۇنىڭ بىلەن ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ، ئەگەر غەپلەتتە قېلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇساق ئاجىزلىشىدۇ»، دېگەن. ئىمام تەھاۋى «ئەقىدەتۇتتەھاۋىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەسلىي ئىمان بىردۇر، بەندىلەرمۇ باراۋەردۇر، پەقەت ئۇلار تەقۋالىق ۋە ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشمەسلىك بىلەن بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ».

دېمەك، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەيدىغان بەندىنىڭ ئىمانىنىڭ مەزمۇنلىرىنى تولۇق بىلىۋېلىش ۋە تەتبىقلاشتىن باشقا يەنە ئىلىم، ياخشى ئەمەل ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن ئىمانىنى دائىم كۈچەيتىپ مۇستەھكەملەپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر.

## ئىمان مىزانىدىكى ئەمەل

گەرچە بەزى شەكىل جەھەتتىكى پىكىر ئىختىلاپى بولسىمۇ ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ ئىمانغا بېرىدىغان تەبىرى شۇكى، ئىمان بەندىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چىن دىلى بىلەن تەستىقلىشى، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىشى، ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئادا قىلىشىدۇر. مانا بۇ تەبىر ئىماننىڭ بەندىنىڭ قەلبىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئېتىقادىغا ماسلاشقان ئەمەلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئىبارە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىش، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى

كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان تاش، تىكەنگە ئوخشاش بىرەر نەرسىنى ئېلىۋېتىش، نومۇس-ھايا بولسا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر».

ئەرەبچىدىن كىرگەن ئەمەل سۆزى بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى مەنىسىدە بولۇپ، ئىمان ھەرگىزمۇ ئەمەلدىن ئايرىلغان ھالدا قەلبىدە بىلىپ قويۇش ياكى ئاغزىدا ئىقرار قىلىش ئەمەس، شۇڭا تابىئىيلاردىن ھەسەن بەسرى: «ئىمان دېگەن قۇرۇق ئۈمىد ۋە ياكى كىشىلەرگە كۆرسىتىش بىلەن بولمايدۇ، بەلكى ئۇ بەندىنىڭ قەلبىگە ئورنىغان، ئىش-ئەمەلى بىلەن ئادا قىلىنغان ئېتىقادتۇر»، دېگەن. ئەمەل بولسا ئىماننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، ئەمەلسىز ئىمان كامىل ئىمان ھېسابلانمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئىمان بىلەن ئەمەل باشتىن-ئاخىر چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئىماننىڭ ياخشى ئەمەلدىن ئايرىلغان ھالدا تەكىتلەنگەنلىكى يوق دېيەرلىك. «قۇرئان كەرىم»گە نەزەر سالساق ﴿ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان...﴾ دېگەن ئىبارىلەرنىڭ دائىم بىر-بىرىگە ياندىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ناھايىتى ئېنىقكى، ئىسلام دىنى بەندىدىن چىن ئىمان بىلەن بىرگە شۇ ئىماننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىمانىدا مۇستەھكەم مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى قوشۇپ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە



(ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ، ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾ (سۈرە بەقەرە 177- ئايەت)

ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشىدا تۆۋەندىكى تۆت شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

1) ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، قۇدرىتىگە، زاتى-سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش. بۇ بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ مۇھىم شەرت بولۇپ، بۇنىڭسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچىلىك ئەجىر-ساۋاب بېرىلمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ﴾ (سۈرە كەھف 107- ئايەت)

2) بارلىق ئەمەللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشتەك رىيا ياكى نام-شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلىش. ئاللاھ تائالا سۈرە زۇمەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن﴾ (2- ئايەت).

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىش بىلەن سۈننىتىگە ئەگىشىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾ (سۈرە نىسا 80- ئايەت).

4) پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار، ئەرۋاھلارغا ئىلتىجا-دۇئا قىلىپ، ياردەم تىلەشتەك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان گۇناھلاردىن ساقلىنىش. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى مۇنداق زور گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق

دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ (سۈرە نىسا 116- ئايەت).

ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا ئەۋج ئېلىۋاتقان پەقەت كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ، مەغفىرىتىنىڭ كەڭلىكى، ئاللىقانداق ئۆزرىلىرىنىڭ يوللۇقلۇقىغا قۇرۇق ئۈمىد باغلاپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ناماز، روزا، زاكاتتەك شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ئادا قىلمىغان كىشى ھەقىقەتەن قاتتىق زىيان تارتقۇچىدۇر. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغان، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ ئادىل مىزانىدا ئۆلچەيدىغان نەرسە بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئەمەسمۇ؟ ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى بولغان جەننەت نېئمىتى ياكى جەھەننەم ئازاۋىنى تېتىشقا سەۋەب بولىدىغىنى ئۇنىڭ مۇشۇ پانىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئادا قىلمىغان ئۆزرىلەر يوللۇق، ئەجەل تېخى يىراقتا ھېسابلانسا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە نېمە دەيمىز؟

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم، ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر﴾ (سۈرە زارىيات 56-، 57-، 58- ئايەتلەر).

# ئەقىلدىن باشقا كۆز

ئىسسىق، نەم دېڭىز شامىلى يۈزلىرىمگە ئۇتتەك ئۇرۇلاتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى خورما دەرەخلىرى يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈۋاتقاندەك ئىدى. يۇرتۇمنىڭ گۈل كەبى تۆت پەسلى بۇ يەردە يوق.

شەرقچە پۇراقتا تويۇنغان بۇ مەرمەردەك ئەرەب كوچىلىرىدا مېنىلدىشىپ يۈرگەن ئۆزگىچە چىراي، ئۆزگىچە تىلدا سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر ... خۇدانى ئىزدەپ، ئىلىم-ھېكمەت ئىزدەپ، بايلىق ئىزدەپ، رىزىق ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر... زېمىندىكى جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز يىلتىزى، تۇپرىقى بولىدۇ. ئوزۇقلۇق ئالىدىغان يىلتىزدىن، جان بەرگۈچى تۇپراقتىن ئايرىلىش ئازابى يۈرەكنى ئۆرتەيدۇ. بىرەر ئېغىز ئۇيغۇرچە سۆز، ئەجەمنىڭ دىلنى ئەزگۈچى سېھىرلىك كۈيلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بۇ ئەركىن-ئازادە دىياردا ئانا يىلتىزىمدىن، جېنىم ياپرايدىغان تۇپرىقىمدىن ئايرىلىش غېرىبلىقى ماڭا ھەمراھ. ھىدايەت ۋە ئىلىم-ھېكمەت ئىزدەپ كەلگەن بۇ جايدىن، شانۇشەۋكەتلىك خەلىپىلەر تارىخىدىن، غەرىبلىشىش كەلكۈنىدە تاشقى پوستى يۇمشىغان، رەڭگى ئۆڭگەن بولسىمۇ، كۆرۈنمەس قاتلاملىرىدا كامالى ئېتىقادقا مەھكەم يېپىشقان ئېگىلمەس ئەرەب خاراكتېرىدىن كۆرگىنىم روھ تىرەنلىكلىرىدىكى ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ. مېنى ئويلاندۇرغىنى ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە، مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەتلىك يوقىلىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئەڭ قىيىن پەيتلەردە

چۈشكۈنلەشمىگەن روھ، ياشاش ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە جەسۇرلۇق.

بىر كۈنى مەندىن يۇرتۇمنىڭ هاۋا كىلىماتىدىن تارتىپ، يېمەك-ئىچمىكىگىچە ھەممە نېمىسىنى سوراپ ھارمايدىغان ساۋاقداشلىرىمدىن بىرى:

— سەن شۇنچە يىراقتىن كېلىپ، بىز ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇپمۇ قىينىلىدىغان قىيىن دەرسلەردە ھەمىشە بىرىنچى بولىسەن، سىلەر شۇنداق ئەقىللىق خەقمۇ؟ دەپ سوراپ قالدى. باشلانغۇچتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بولغان 16 يىللىق مائارىپ شەكىللەندۈرگەن مۇۋازىنەت رامكامدىكى ئەقىلنىڭ سەلتەنەتلىك ئورنىغا ئاللىبۇرۇنلا سوئال بەلگىسى قويۇلغانىدى. مەن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدىم. ئۆزۈم بىلەن ساۋاقداشىم، ئۇيغۇر بىلەن ئەرەب ئارىسىدىكى پەرقنى ئويلاپ قالدىم. ئۇمۇ، مەنمۇ ئىلىم ئۈچۈن، مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن تەر ئاقتۇرىمىز. ئەگەر ئەقىل تارازىسىدا ئۇنۇمنى ئۆلچىسە، تارازىنىڭ مەن تۇرغان تەرىپى بېسىپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى ئۇ 14 ئەسىردىن بۇيان ئۆز جۇلالىسىنى يوقاتمىغان «قۇرئان كەرىم»گە مەھكەم يېپىشقان، ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىدىن تارتىپ ئەڭ چوڭ قىسمەتلىرىگىچە ھەممىنىڭ جاۋابىنى بۇ مۇقەددەس دەستۇردىن ئىزدەيدۇ. ساۋاقدىشىمنىڭ قەلبى پەرۋەردىگارغا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ لەززىتى بىلەن ئارام تاپسا، بەدىنى ھەممىگە سەۋەب-تەدبىر قىلىش بىلەن چارچايدۇ. تۈگىمەس ئىمتىھانلار بىلەن ئالدىراش يۈرگىنىمدە، قولۇقىمغا ئىمتىھان تەييارلىقىدىن باشقا، مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن ئوقۇلۇۋاتقان ھاجەت نامازلىرىدىكى ئىلتىجا-دۇئالار تىنىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق، بىز باشقىلاردىن ئارتۇق بولساق ئارتۇقكى، ھېچكىمدىن قېلىشمىغۇدەك ئەقىللىق، ئىخلاس بىلەن بېرىلگەن ھەر بىر ئىشىمىزدا نەتىجە ياراتقۇدەك زېھنىي قۇۋۋەتكە ئىگە خەلق. بىراق ئەقىل بىلەن تەقدىرنىڭ، بەخت بىلەن ئەقىلنىڭ قانداق



مۇناسىۋىتى بار؟ ئەقىل بەختنىڭ شەرتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق دېيىلسە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئاجايىپ بۈيۈك ئىدىيەۋى ئويغىنىش دولقۇنىنى قوزغىغان تاتار مىللىتىنىڭ ۋەتىنىنى بۈگۈنكى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ قەيىرىدىن ئىزدەيمىز؟ قازان خانلىقىنىڭ سەلتەنەت-ھەيۋىسى، چىرايلىق باغچا-سارايلىرى قانداق غايىب بولۇپ كەتتى؟ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئېسىل ئۆرنەكلەردىن سانىلىدىغان مايالار، ئازتىكلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىندىئانلارنىڭ تارتقۇزۇپ قويغان جىمى نەرسىلىرىگە ئەقىل دال بولالىدىمۇ؟

زامانلار كەڭ كەتكەن ئورخۇن داللىرىدا ياتلارنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىپ، تەختلىرىنى تىترىتىپ ئۆتكەن ئۇچقۇر ھون ئاتلىرىدەك ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. دەريا-دەريا قانلار، خارلانغان ئەزىز جانلار، مۇجۇلغان يۈرەكلەر بەدىلىگە ئېرىشكەن ۋە يوقاتقان نەرسىلەر ۋاقىت دولقۇنىدا ئىزسىز غايىب بولدى. رېئاللىقنىڭ ھەسرىتى ئالدىدا ئۆتمۈشىنىڭ ساۋاقلىرىدىن بىرەر ھېكمەت ئىزدىمەكچى بولغىنىمىزدا بىزگە شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، ئەقىل بىر دۆلەت، بىر مىللەت، بىر شەخسنىڭ تەقدىرىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، شۇنداقلا بەختنىڭ بىردىنبىر شەرتىمۇ ئەمەس. بەلكى كامالى ئېتىقاد ۋە مۇشۇ بۇلاقتىن ئۇخچۇپ چىققان ئىگىلمەس روھ، ئۈمىدۋارلىقنى ئۆزىگە نىجاتلىق تۇمارى قىلغان خەلق ئەتىۋارلىق ئەڭگۈشتەرگە ئايلىنالايدۇ. ھەر قېتىم تالا-تۈزلەرگە چىقىپ، نۇرسىز كۆزلەر، سولغۇن يۈزلەرنى كۆرگىنىمدە قۇياش پاتماس شەھەر ھەققىدىكى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئەسلەپ قالىمەن.

بۇرۇنقى زاماندا ئاجايىپ قۇدرەتلىك، يېڭىلمەس بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بالىلىرىمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. ئەمما، ئۇلارغا بېرىلىدىغان تاپشۇرۇق، ئېلىنىدىغان ئىمتىھان قات-قات كىتابلار دۆۋىسىگە چۆكۈپ قۇرۇق يادلاشنى ئەمەس، ئۇلاردا مۇكەممەل ئېتىقاد ۋە بۈيۈك غايە يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، نەۋقىران

يىگىتلەر، بەرنا قىزلاردىن تارتىپ، باقىي ئالەمنىڭ ئىشىكىنى چەككەن بوۋاي-مومايلارغىچە ھەممىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ۋە مۇھەببەت چاقنايدىكەن. ھەر بىر ئىنشىدىن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىكەن. چۈشكۈنلۈك ۋە بوشاڭلىق ئۇلارغا يات ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاخىرەت ئۈچۈن ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئىجتىھات قىل» دېگەن ھەدىسى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مىزانى ئىكەن. زامانلار ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ بىرلىرى نادانلىقتىن، ئۆز ئەقلىدىن ماختىنىدىغان يەنە بىرلىرى ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ھالاك بوپتۇ. گاھى تەتۈر چۆرگىلەيدىغان پەلەكنىڭ چاقىمۇ، كۈچلۈك دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىمۇ، ھىيلىگەر سۇيىقەستچىنىڭ شەيتاننى ئۇسۇلغا سالىدىغان نەيرەڭلىرىمۇ بۇ شەھەرنى بويسۇندۇرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ شەھەرنى قۇياش پاناھ شەھەر دەپ ئاتاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەردىمۇ دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىكىگە ئوخشاش ئەتىگىنى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش كەچ بولغاندا غەربكە بېرىپ قونىدىكەن. پەقەت، ئېتىقاد ئاتا قىلغان ئېگىلمەس روھنىڭ قۇدرىتى بۇ شەھەرنى ئەنە شۇنداق ئۈمىد ۋە غەلىبە قۇياشى پاناھ شەھەرگە ئايلاندۇرغانىكەن.

مەن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدە يېلتىز تارتقان چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بوشاڭلىق، راھەتپەرەسلىكتەك زاھىرى ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاپ كەتتىم. نامراتلىق، ناقىس ئائىلە تەربىيىسى، كەمتۈك مائارىپ، جەمئىيەت... ئەمما يىغىپ كەلسە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى پەقەت بىرلا. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئەئرابى (سەھرالىق ئەرەب) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۆگىسىنى باغلىماستىن قويۇۋېتىپ ۋە «ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئاۋۋال تۆگىنى باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىل»



دېدى. ئەپسۇس، ھەممە نەرسە ئەقىل بىلەن، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى، بەھرىلەنگىلى بولىدىغان ماددىي مەنپەئەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز پەقەت تۆگىنى باغلاش بىلەنلا بولۇپ كەتتۇق. «بىز ئالەم باغچىسىدىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىگە قول ئۇزاتتۇق-يۇ، باغۋەننى ئۇنتۇپ قالدۇق».

ئىسلام تارىخىدىكى نۇرغۇن مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولغان ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكى ئەرەب زېمىنىدىن ھالقىغان زېمىنلارغىمۇ خوجا بولغانىدى. ئۇمەۋىيلار فۇتۇھاتلىرىنىڭ ئەڭ بارقىن نەمۇنىلىرىدىن بولغان ئىسپانىيە مىلادىيە 711- يىلى بويسۇندۇرۇلۇپ، ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكى تېررىتورىيىسىگە قوشۇلغان ئالتۇن زېمىنغا ئايلانغان ۋە ئەندەلۇس دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت، پەلسەپە، تەبىئىي پەنلەردىكى گۈللىنىش، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان مەسجىد-مەدرىسلەر، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك پەللىسىنى ياراتقانىدى. تۈپ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ گۈللىنىشنىڭ سەۋەبلىرى — ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، دانا تەدبىر-سىياسەتلىرى، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ ھەممىسى يەنىلا بىر مەنبەدىن — جان-دىلى بىلەن يېپىشقان ئىماندىن كەلگەنىدى. ئەپسۇس، بۇ بۇلاق ئاستا-ئاستا قۇرۇشقا، دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى بىلەن كىشىلەر ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا بۇ سەلتەنەت قولدىن كەتتى. دۇنيا خەرىتىسىدىن ئەندەلۇس دېگەن ئىسىم ئۆچۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياۋروپالىقلار ئىسپانىيە دېگەن ئىسىمنى يازدى. يەتتە ئەسىرلىك مەدەنىيەت خارابىلىققا ئايلاندى. ئەندەلۇسنىڭ ئاخىرقى ۋالىيلىرىدىن بولغان ئەبۇ ئابدۇللاھ سەغىرى ئەندەلۇسنىڭ ئەڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بولغان غىرناتە شەھىرىنى ياۋروپالىق فىرناندو بىلەن خوتۇنى ئىلزابېتقا تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ياۋروپالىقلار

«ئەرەبلەرنىڭ ئاھ ئۇرىدىغان جايى» دەپ ئاتىۋالغان يەردە ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى — ئەقىل-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئايال ئائىشە غىرناتە شەھىرىگە نەزەر تاشلاپ كۆزىدىن ھەسرەت-نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئەرەب ۋە تۈرك تارىخ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان مەشھۇر نۇتۇقنى سۆزلىدى. بۇ تارىخ قالتىس دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن يەكۈنلەندى-يۇ، يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

2

ئىلىم ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن باشلانغان ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى ۋە پەزىلىنى نامايان قىلىپ كەلدى، ئىلىم گويا پاراۋۇزنىڭ بېشىغا ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەتنى سۆرەپ ئالغا ئىتتىرىپ كەلدى. لۇقمان ئىبنى ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى دەل ئىلىمنىڭ خاسىيىتىنى ئەڭ جانلىق رەۋىشتە ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

— ئى ئوغلۇم، — دەيدۇ ئۇ، — ئىلىم ئۆگەن، ئالىملار بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەت بول، ئىلىم خۇددى ئاسماندىن زېمىن ئەھلىگە چۈشكەن ياخشىلىق ۋە بەرىكەتكە ھامىي يامغۇرغا ئوخشايدۇ. يامغۇر بىلەن قاقاس يەرلەر كۆكەرگەندەك، ئىلىم بىلەن ئۆلۈك قەلبلەر تىرىلىدۇ، قاراڭغۇ دىللار يورۇيدۇ.

ئۆلىمالار، ئەدىبلەر، شائىرلار مىللەت روھىنى يورۇقلۇققا يېتەكلەپ ماڭغۇچى سەركىلەر، شۇڭا ئۇلارغا ئىنسانلارنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە باشلىغۇچى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دېگەن ئالىي پەخىر تاجى كىيدۈرۈلگەن. كۆز ئالدىدىكى ماددىي نەرسىلەردىن باشقا ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان مېتافىزىكا، ۋەتەن بۇرچى، ئائىلە مەسئۇلىيىتى، دىنىي چەكلىمىلەردىن خالىي جىنسىي بازارغا سالغۇچى غەربنىڭ زامانىۋى ئېقىملىرىمۇ ئىنسانىيەت مۇپتىلا



بولغان قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ بېرەلمىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىلىمنىڭ ھەممىسى پايدىلىق بولمايدۇ. شۇنداق ئىلىم باركى، ئىنساننى قاراڭغۇلۇققا، خەلقنى گۇمراھلىققا باشلايدۇ. ئابدۇلقادىر داموللامدەك ئالىملىرىمىز ئالدى بىلەن ئېتىقاد ۋە ۋىجدان ساھىبى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلمى باراقسانلاپ خەلقىگە سايە تاشلاپ بەرگەن. بۈگۈن بىزگە كېرىكىمۇ ئاشۇنداق ئىلىم.

خارلىق ۋە كۈلپەت نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ. ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق، ئالىملارغا بولغان ھۆرمەت قارار تاپقان دەۋرلەر تارىخىمىزنىڭ ئەزىز ۋە نۇرانە بەتلىرىنى ئاچقان. نادانلىق ۋە جاھالەت يامرىغان پەيت بىزنى كۈلپەتلىك تەقدىرگە دۇچار قىلغان. ياڭزېڭشىندەك جاھالەت پىرلىرىنىڭ نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ قىرتاقلىرى ھېلىھەم دىماغلىرىمىزنى ئاچچىق قىلىۋاتمامدۇ؟ ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقان خەلق روناق تاپالمايدۇ. تىرىشچانلىقسىز تاشنى يارغۇدەك ئاھ ئۇرۇش، ۋايساش ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ» دېگەن ھەدىسىدىكىدەك بىزدە ئىلىمدەك جانان ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇدەك ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق بولىدىكەن، شارائىت ۋە پۇرسەتنى ئۆزگەرتكىلى، ياراتقىلى بولىدۇ.

ئىبنى ھەزمىززاھىرى 11- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، پىقھىشۇناس. ئۇ قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تاشقى مەنىسى بىلەنلا كۇپايىلىنىش، ئەقىلنى، لوگىكىنى ئاساس قىلغان پىكىر-شەرھلەشنى رەت قىلىدىغان زاھىرىلار مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى بىزگە ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىرادىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئىبنى ھەزمىززاھىرى ئەسلىي ئەندەلۇستىكى خەلىپە ئوردىسىدا ھوقۇق تۇتقان ۋەزىرلەردىن بولۇپ، تاكى 40 ياشقا كىرگۈچە سىياسىي

بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ چاغنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرى مەسجىدتە ئۆزىتىلىدىكەن. بىرەرسى ۋاپات بولسا مېيىت ئىگىلىرى مەسجىدكە كېلىپ ئولتۇرىدىكەن، جامائەت مەسجىدكە كېلىپ، ئۆلۈم ئىگىلىرىدىن ھال سورايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىبنى ھەزمىززاھىرى يېقىنلىرىدىن بىرسىنىڭ ئۆلۈمىگە پەتە ئوقۇپ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپتۇ، بۇ ناماز پېشىندىن كېيىنكى ۋاقىت ئىكەن. ئىبنى ھەزمىززاھىرى ئەمدى كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئەتراپىدىكى كىشىلەر: «قوپۇڭ! مەسجىدكە كىرگەنىكەنسىز، ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇيسىز ئەمەسمۇ»، دەپ ئۇنى نوقۇپتۇ. مۇشۇنچىلىك ئىشنى ئۇقمىغىنىغا خىجىل بولغان ئىبنى ھەزمىززاھىرى قوپۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، يەنە بىر ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپتۇ. بۇ ناماز ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىت ئىكەن. ئۆتكەن قېتىملىق ئىش ئېسىدە بولغاچقا، ئىبنى ھەزمىززاھىرى ناماز ئوقۇشقا تەمشىلىپتۇ. ئەتراپىتىكى كىشىلەر: «ئولتۇرۇڭ، ناماز ئەسىردىن كېيىن ھەر قانداق نەفلى ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟» دەپ ئۇنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. شەرىئەت ئىلمىدىكى بۇ ئاددىي ساۋاقنى بىلمىگىنىدىن قاتتىق ئۇيات ھېس قىلغان ئىبنى ھەزمىززاھىرى: «ئەگەر ئىلىمسىزلىك، نادانلىق ئادەمنى كىشىلەر ئارىسىدا مۇشۇنداق يەرگە قارىتىدىغان ئىش بولسا، ماڭا بۇ دۇنيانىڭ سايىدەك تۇرالغۇسىز ئەمەل-مەنسەپلىرى، راھەت-پاراغەتلىرى كېرەك ئەمەس»، دەپ ۋەزىرلىك مەنسىپىنى تاشلاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئىبنى ھەزمىززاھىرى 40 ياشتا ئىكەن. ئەشۇنداق قاتتىق ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، 50 ياشقا كىرگەندە زامانىسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى بۈيۈك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى ئەتراپقا تارىلىپتۇ. تەرەپ-تەرەپتىن تالىبۇل ئىلىملەر ئۇنىڭ



دەرسلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ھۇزۇرىغا يىغىلىپتۇ. ئىبنى ھەزمىززاھىرى بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن تەفسىر، ھەدىس، فىقھى ئىلىملىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، ئەرەبلەر ئارىسىدا تارالغان «ھەججاجنىڭ قىلىچىدىن، ئىبنى ھەزمىززاھىرنىڭ تىلىدىن ھېچكىم ئامان قالغان ئەمەس» دېگەن ماقالمۇ دەل ئۇنىڭ يېتۈك ئىلمى ۋە ناتىقلىقى نوقتىسىدىن ئېيتىلغان. بۇ ھېكايە ئەمەس، بەلكى ئەينەن خاتىرىلەنگەن رېئاللىق. بۇ شازائىت، پۇرسەت يوقلۇقى، يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنى يەنە ئاللىقانداق باھانە-سەۋەبلەرنى ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقى، ئىرادىسىزلىكىنى ئاقلاشنىڭ قالقىنى قىلىۋالغانلارغا ئۆرنەك بولغۇدەك رېئاللىق.

## 3

ئەقىلنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىۋالغان غەرب جەمئىيىتى بارغانسېرى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئەقىللىقلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنى ئالغىلى بولمايدىغان بۇ غەرب جەمئىيەتتە چىقىش يولى تاپالماي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان، ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئېشىۋەردى. دۇنيانىڭ يەنە بىر قۇتۇبىدا، قۇملۇق ئۈستىگە مۆجىزىدەك بەرپا قىلىنغان قويۇق خورما دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ ئوتلۇق زېمىندا كىشىلەر رېئاللىققا باشقا بىر كۆزدە قارايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەقدىرى، رىزقى ۋە بەختى ئەقلي جەمئىيەتتىن پەرقلىنەتتى. كۆڭۈلسىزلىك، بالايىئاپەتلەر ئۇلارنىڭ روھىي قۇۋۋىتىنى خورىتالمايتتى. دۇنيا مەشەققەتلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بۈيۈك ئورۇننى ئىگىلىۋالالمايتتى. بۇ يەردە روھىي كرىزىستىن، تۇرمۇش بۇرۇقتۇملۇقىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

تۇپلىق يولدا كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى چاك-چاك يېرىلغان تارىملىق دېھقاننىڭ غېرىبلىقى

بەكمۇ چوڭقۇر. ئۇ ھوشسىز ئېتىزىغا قاراپ قۇرۇق خىيالغا پاتتى. خۇشياقماسلىق بىلەن ئاسمانغا قارىدى. كۈن ئېگىلگەن، ناماز دىگەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ بېشىدىلا ساڭگىلاپ تۇرغان كۈن، ئايلىنىۋاتقان يەر شارى، زىرائەتلەرنى سۇغارغۇچى يامغۇرنىڭ كارامەتلىك ئىگىسىگە ئەمەس، ئېتىز بويىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا شۇنچىۋالا ماي ياكىنى بېسىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا شوپۇرىغا ھەيران. كۆز ئالدىدا يەنە بىر كۆرۈنۈش، ھوشسىز خورمىلىق بېغىدىن ئالدىراش يېنىپ چىقىۋاتقان ساقاللىق، ئاپئاق تونلۇق دېھقان، كۈن ئىگىلگەن، ئاپئاق داچىلار ئالدىدا سايىلار ئىككى باراۋەر ئۇزارغان. ئۇ ماشىنىسىنى قۇيۇندەك ھەيدەپ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا چىقتى. ئاندىن ئايلانمىدىن ئۆتۈپ، مەسجىد ئالدىدا توختىدى. دەل شۇ چاغدا مەزىننىڭ ناماز دىگەرگە توۋلىغان مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىدى.

ئەقىل ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى، ئىنسانىيەت مەئىشەتلىرىنىڭ ئاچقۇچى. تارىختىكى ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت، ھەر قېتىملىق تەرەققىيات ئىنسان ئەقلى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسى. زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ئىنسان ھەممىنى قولايلاشتۇرغان شۇنچىۋالا كەشپىيات-ئىختىرالارنىڭ ئىگىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسان بەختى ئۈچۈن. بىراق، ئەقىل بېزەكلىرى بىلەن جابدۇلغان پارقىراق جەمئىيەتتە قۇرۇقدىلىپ قىلىۋاتقان ئىنسانلار ئۆزىدە نېمە كەملىكىنى كۆرەلمىدى. بۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەقىلدىن باشقا كۆز كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزلەپ

ئاپتورى : نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسمىچىلىق شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ نۇران سودا چەكلىك شىركىتى لايىھىلەش مەركىزىدە تىزىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32 باسما تاۋىقى: 10.625
2004- يىلى 1- ئاي 1- نەشرى
2004- يىلى 1- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
ISBN 7-228-08353-9
باھاسى: 16.00 يۈەن